# كىرىش سۆز

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەركاتىھۇ .

سەلكىن مۇنازىرىسىدىكى داركىنىز "DARKNESS " ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرىنى " ئاگاھ " ئەپەندى ئىزدىنىش تورىغا يوللاپ قويۇپتۇ .

پېقىر بۇ ماقالىلەرنى رەتلەپ توپلام قىلىپ قويدۇم . الله ھەممىمىزگە ھىدايەت قىلسۇن ( امىين ! )

2-2-2008

# مۇندەرىجە


11- سىنتەبىر كىمنىڭ ئويۇنى ........................................ 5

چاناق قەلئە ئۇرۇشى ................................................ 14

قەبرىدىن كەلگەن ندا ................................................ 35

هايات بەك قىسقا ................................................ 38

مۇنداق بىر شەخسنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى .......... 41

تەغدىرنى خاتا چۈشەنمەڭ !................................................ 43

يالغۇزلۇق ۋە بوشلۇق................................................ 45

ئاق ئادەم قىزىل ئادەمنىڭ نەسھەتىنى ئاڭلىغان بولسا.............. 48

ئىران ئامىركا بىلەن قانداق ئۇرۇش قىلىدۇ ؟ ............................ 55

ئامىركا يەھۇدىيلار ۋە مەسىھ پىلانى................................ 59

ئامىركا يەھۇدىيلار ۋە مەسىھ پىلانى 2 ئامىركىنىڭ قاراڭغۇ تارىخى ............ 67

ئامىركا يەھۇدىيلار ۋە مەسىھ پىلانى 3 ئامىركىنىڭ قاراڭغۇ تارىخى ............ 74

ئۇچقۇچى تاغا................................................ 88

يىڭى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ شەپلىرى ................................ 90

جەمئەتنى خاراپ قىلىدىغان خەتەر – مەنىۋى چۆكۈش ...................... 92

ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئىنتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى ............................ 97

دۇئانىڭ ماھىيىتى ........................................................... 102

قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر ۋە قىيامەتنىڭ قوپۇشى ....................................... 104

تەغدىر ۋە زامانسىزلىق ھايات " بىر دەقىقىدىن " ئىبارەتتۇر ................. 123

يەھۇدىيلار مەسى پىلانى ۋە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرى ........ 132

كىسەل ئارقىسىدىكى مەخپىي ھېكمەتلەر ........................................ 161

Novus Ordo Seclorum [DARKNESS .................. 166

ئىران نىمە ئۈچۈن يادرو قۇرالىغا ئىگە بولۇشنى خالايدۇ ؟.................. 171

مۇبارەك بىر زاماننىڭ خەۋەرچىسى ............................................ 174

يامغۇر يىراق ۋە جىمجىت........................................................ 182

باشقىچە بىر دۇنيا............................................................... 185

يەھۇدىيلار ھەققىدە ئادالەتلىك بولۇش كىرەك ................................. 189

دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ پەردە ئارقىسى.............................................. 197

غەپلەت بىلەن ئۆتكەن يىللار ................................................... 215

يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنىڭ دۈشمەنلىرى ........................................ 219

تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى ........................................ 226

دەججال چىققانمۇ؟ ........................................ 240

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆمرى ۋە ھۇرمىجدۇن ئۇرۇشى ........................................ 261

ئاتومدىكى كۈچ ۋە مۇستەھكەملىك ........................................ 270

ئەقىل ئەقىلنى ئىشلىتەلەمدۇ ؟ ........................................ 276

بوران يېقىنلىشىۋاتىدۇ ........................................ 279

بۇ خەۋەر نىمىشقا يوشۇرۇلدى ........................................ 287

ھەزرىتى مەھدىنىڭ چىقىشى توغرىلىق بىر ھەدىس ........................................ 290

# 11- سىنتەبىر كىمنىڭ ئويۇنى

تۆت يىلدىن جىق ۋاقىت ئۆتتى ۋە 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىنىڭ زادى كىمنىڭ نىمە مەخسەت بىلەن قىلغانلىقى ئاستا ـ ئاستا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دىيىشىچە پۈتۈن جاۋاپكارلىق ئەل ـ قائىدە ۋە ئۇنىڭ رەھبىرى بولغان بېن لادىندا. ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى ئۇرۇشنى قوزغىدى. كىشىلىك ھوقوقلار دەپسەندە قىلىندى، تىرلىيونلىغان دوللارلار خەجلەندى. ئەمدى ئىران تەھدىت قىلىنىۋاتىدۇ، ئارقىسىدىن سۇرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان ............. باھانە نىمە زادى؟

ھېچقانداق بىر دۆلەت ياكى تەشكىلات بۇ ۋەقەنى يېقىندىن تەكشۈرەلمىدى .سەۋەبى، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن يىپ ئۇچى ۋە دەلىللەر قولىدا بولغان ئامېرىكا ئامىيەسى ۋە CIA, FBI بۇ دەلىللەرنى ‹‹ مۇتلەق مەخپى ››دىگەن تامغا بىلەن پىچەتلەپ ئامبارغا تىقىۋەتتى ۋە بۇلارنى تەكشۈرۈش قەتئى مەنئى قىلىندى .مەسىلەن بۇ دەلىللەرنىڭ بەزىلىرى بۇلار: بەش بۇرجەكلىك بىناغا سوقۇلغان Boing AA77 ئايرۇپىلانى، سوقۇلغان 4 ئايرۇپىلاننىڭ ھەربى رادار ئىچىدىكى ئۇچۇش لىنىيەسى ۋە ئايرۇپىلاننى قاچۇرغان 19 ئەرەپنىڭ سالاھىيەتلىرىنىڭ قانداق تېپىلغانلىقى.......................

ـ CIA ـ Central Intelligence Agency )مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى ( .

ـ FBI ـ Federal Bureau Investigation )قوشما شتات تەكشۈرۈش ئىدارىسى(

نۇرغۇنلىغان تەكشۈرگۈچىلەر بۇ ۋەقەنىڭ ‹‹ رەسمى دوكلادى ›› غا قارشى چىقتى. يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا چوقۇم بىر ئويۇن بارلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە ۋەقە يۈز بەرگەن بىرىنجى كۈنى قولىغا چۈشكەن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تېخى يىغىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن دەلىللەر بىلەن، بۇ ئىشنىڭ ئارقىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياكى MOSSADنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. ۋە بىز بۇگۈن بۇلارنىڭ بەزىسىگە قاراپ باقايلى .

ـ MOSSAD )ئىسرائىلىيە ئاخبارات ۋە ئالاھىدە ھەرىكەتلەر تەشكىلاتى نىڭ قىسقارتىلىشى. بۇ تەشكىلات دۇنيانىڭ ئەڭ يامان 5 جاسۇسلۇق تەشكىلاتىنىڭ بىرى. بۇ 5 تەشكىلات بولسا ـ CIA ئامېرىكا ، ـ MI6 ئەنگلىيە ، ـ KGBرۇسىيە ، ـ MITتۇركىيە ، ـ MOSSADئىسرائىلىيە بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە

ئامېرىكا تارتىپ ۋەقەلىرىدىن سۈيقەست چوڭ دۇنيادىكى. ئىگە تېخنىكىلارغا يېڭى ئەڭ مەخپىي، ئەڭ ئەMOSSAD
زۇڭتۇڭى كېيىندى نىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگىچە بولغان ۋەقەلەر MOSSAD بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ( .
ھەربىر ئايرۇپىلان بىناغا سوقۇلغاندىن كېيىن، ئالاقىدار ئاۋىئاتسىيە شىركەتلىرى يولۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ تىزىملىكتە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان تېرورچىلارنىڭ بىرسىنىڭمۇ ئىسمى يوق. بىر نەچچە كىشى بەلكى يالغان ئىسىم ئىشلەتكەن بولىشى مۇمكىن، مەسىلەن مۇھەممەت ئاتتا باشقا بىر ئىسىم بىلەن ئايرۇپىلانغا چىققان بولىشى مۇمكىن. ئەمما 19 ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يالغان ئىسىم بىلەن ئايرۇپىلانغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىرسىگە ئۆلۈمگە ماڭغان ئادەم ئىسمىنى ئۆزگەرتمەيمۇ ئايرۇپىلانغا چىقالايتتى. تېخىمۇ مۇھىمى چىرايىغا قارىسا ئەرەپ چىرايى، ئىسمى بولسا ئامېرىكا ئىسمى بولغان بىرسىدىن باشقىلار تېخىمۇ ئاسان گۇمانلىناتتى. بۇ دەلىللەرگە ئاساسەن بۇ ›› تېرورچىلارنىڭ ›› جىقىنىڭ بۇ ئايرۇپىلانلاردا يوق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز .
2بىناغا ئايرۇپىلان سوقۇلۇپ 3 مىنۇتتىن كېيىن CNN خەۋەر قانىلى دەرھال نەق مەيداندىن خەۋەر بېرىشكە باشلىدى. ئەمما قانداق بولۇپ زۇڭتۇڭ بۇش بۇ ۋەقەدىن 15 مىنۇت كېيىن خەۋەردار بولدى؟؟؟
بۇ ھەقتە پروفېسسور Griffinمۇنداق دەيدۇ:
ئۇ كۈنى بۇش فلورىدا شتاتىنىڭ ساراسوتا شەھرىدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە، ئامېرىكىنىڭ يېڭى مىللى مائارىپ پىلانىنى سۆزلەۋاتاتتى. پۈتۈن گېزىت ژورنال قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە ئىدى. مۇخبىرلار باللار بىلەن چاقچاق قىلىشىۋاتقان بۇشنى كامېرالارغا ئېلىۋاتقان ئىدى. سائەت 8:45 مىنۇت ئۆتكەندە تۇنجى ئايرۇپىلان دۇنيا تىجارەت مەركىزىگە سوقۇلدى CNN .بولسا 8:48 مىنۇت ئۆتكەندە بۇنى پۈتۈن دۇنياغا خەۋەر قىلدى. بۇش 9:30 دا مۇخبىرلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ‹‹ بىر تېرورىست ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى ›› دۇنياغا ئېلان قىلدى. زۇڭتۇڭ بۇش نىمىشقا 45 مىنۇت ساقلىدى؟؟؟ بۇش بۇ سوئالغا كېيىن مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى :
CIA ‹‹بۇنى ماڭا سائەت 9:00 دا خەۋەر قىلدى ››. يەنى CNN نىڭ 3 مىنۇتتىن كېيىن دۇنياغا ئېلان قىلغان خەۋىرىنى، CIA ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇشقا 15 مىنۇتتىن كېيىن خەۋەر قىلدى. بۇ سىزنىڭچە مۇمكىنمۇ؟؟؟

بۇ يەردە ئەڭ گۇمانلىق ئايرۇپىلان بولسا، بەش بۇرجەكلىك بىناغا سوقۇلغان 4 - ئايرۇپىلان. 100 تۇننا ئېغىرلىقىدا، قاناتلىرىدا لىق بېنزىن بولغان ۋە سائەتىگە 708 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن سوقۇلغان بىر ئايرۇپىلان، بەش بۇرجەكلىك

بىنانىڭ ئۇ بۇرجىكىنى تۇپتۇز قىلىۋېتىشى كېرەك. بىنادا پەقەت 5 مېتىرلىك بىر تۇشۇك ئېچىلدى. بۇ خىل تۇشۇك پەقەت ئامېرىكا ئارمىيەسى ئىشلىتىۋاتقان «« توما خەۋك »» راكېتاسى بىلەن ئېچىلالايدۇ FBI .بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن بىنانىڭ پۈتۈن مەخپى كامېراسىنى ئېلىپ، ئىچىدىكى پۈتۈن كۆرۈنۈشلەرنى «« يوق قىلىۋەتتى »»شۇنىڭ ئۈچۈن «« بىناغا زادى نىمىنىڭ سوقۇلغانلىقى »» تېخىچە ئېنىق ئەمەس. ئەگەر بۇ بىناغا باشقۇرۇلىدىغان بومبا سوقۇلغان بولسا، ئۇنداقتا ئىچىدە لىقمۇ-لىق يولۇچى بولغان 4- ئايروپىلان نەدە؟؟؟ ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بەش بۇرجەكلىك بىناغا سوقۇلغان ئايروپىلاننى ھانى خۇنجۇر ئىسىملىك تېرورچىنىڭ ھەيدىگەنلىكىنى سۆزلىگەن ئىدى، ھالبۇكى خۇنجۇر نىڭ 1 يىل بۇرۇنقى ئۇچقۇچىلىق مەكتىپىدىكى ئىمتىھانلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىنتايىن ناچار نۇمۇرلار ئالغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. مۇئەللىملەر 5 قېتىم ئۇنىڭغا دىپلوم بېرىشنى رەت قىلغان ئىدى. بۇنچىۋالا «« ناچار بىر ئۇچقۇچى 7000 »» مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر ئايروپىلاننى قانداق قىلىپ، پەقەت ئەڭ ئۇستا ئۇچقۇچىلارلا قىلالايدىغان 360 دەرىجىلىك پەسكە ئەگىلىش ھەرىكىتىنى، قىلچە خاتالاشماي قىلالىدى؟؟؟

دۇنيا تىجارەت مەركىزىگە ئايروپىلان سوقۇلۇشتىن 31 مىنۇت بۇرۇن، بۇ ئايروپىلانلار بىلەن ئالاقە ئۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن «« قائىدە بويىچە »» بۇ ئايروپىلانلارنى ئېتىپ چۈشۈرىۋېتىش ئۈچۈن، ئەڭ يېقىندىكى McGuireھاۋا ئارمىيە بازىسىدىن ئەمەس بەلكى 280 كىلومىتىر يىراقلىقتىكى Cape Codبازىسىدىن بىر F-16 يولغا چىقتى. ھالبۇكى McGuire بازىسى بولسا 3 مىنۇت يىراقلىقتا ئىدى F-16 .نىڭ ئۇچقۇچىسى بولسا مۇنداق دەيدۇ - < : ئۇلارغا يېتىشىش ئۈچۈن ئەڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئۇچتۇم، ئەمما يېتىشەلمىدىم > . - بۇ ئۇچقۇچى ئۇيئۇچۇق يالغان سۆزلىدى. چۈنكى بىر F-16 ئەڭ تېز ئۇچقاندا بىر مىنۇتتا 51 كىلومېتىر ئۇچالايدۇ ۋە 8 مىنۇت ئىچىدە نيۇ-يورك قا بېرىپ بولۇشى كېرەك يەنى، تۇنجى ئايروپىلان سوقۇلۇشتىن 23 مىنۇت بۇرۇن !!!!!!

بىز ئەمدى بەش بۇرجەكلىك بىناغا سوقۇلغان ئايروپىلان ياكى «« باشقا نەرسىنىڭ »» رەسىملىرىگە قاراپ باقساق تېخىمۇ جىق گۇمانلىق نۇقتىنى بايقايمىز.

تۆۋەندىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك ئايروپىلان بۇ نۇقتىدىن ئۇچۇپ كېلىپ سوقۇلغان .

ئەمدى تۆۋەندىكى رەسىمگە ياخشى دىققەت قىلىڭلار، بۇ بىر Boing-A77 ئايرۇپىلانىنىڭ بىنانىڭ ئالدىدىكى چوڭلۇقى. ئەگەر بۇ ئايرۇپىلان بۇ يەرگە سوقۇلغان بولسا، ئىمىشقا ئىككى قاناتىنىڭ سوقۇلغان يېرىگە ھېچنىمە بولمايدۇ؟؟؟

ۋە قۇيرۇقىنىڭ سوقۇلغان يېرى ئىمىشقا ئۆز پېتى تۇرىدۇ؟؟؟

يەرلەردە سول موتورنىڭ ھېچقانداق بىر سۈركىلىش ئىزى يوق، بۇنداق چوڭ ئايرۇپىلان يەردە ئىمىشقا ئىز چىقارمايدۇ؟؟؟





ۋەيران بولغان يەر ئاران مۇشۇنچىلىك



ۋە تېخمۇ مۇھىم بولغان يېرى، ئايرۇپىلان ياكى ‹‹ باشقا بىر نەرسە ›› سوقۇلغان يەر، بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ دەل رېمۇنت قىلىش ئۈچۈن بوشىتىلغان قىسمى، ( پاھ پاھ ... تەسادىبىلىققا قاراڭ ( !!!



ئەمدى بىزنىڭ شۇنداقلا دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمىگەن ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى جاۋاپ

بىرەلمىگەن ياكى بىرىشنى خالىمىغان سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى:

.1دۇنيانىڭ ئەڭ تەرەققى قىلغان ئاخبارات ۋە جاسۇسلۇق تورىغا ئىگە بولغان ئامېرىكا، نىمىشقا بۇ ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى؟ ئەگەر ئۆزى بۇ ۋەقەنىڭ بۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپالمىغان بولسا، باشقا «دوست جاسۇس تەشكىلاتلىرى» نىمىشقا ئامېرىكىنى ئاگاھلاندۇرمىدى؟ قولىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ خەۋەرلىشىش تورىنى كونترول قىلىدىغان «ECHELON» دەپ ئاتالغان غايەت زور ۋە مەخپى بىر كۆزىتىش تېخنىكىسى تۇرۇپ، «بىر ئۇچۇم تېرورىستىنىڭ» نەدە نىمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى نىمىشقا بىلەلمىدى؟

.2يالغان پىچاق كۆتۈرىۋالغان بىر ئۇچۇم ئادەم، بۇنچىۋالا جىق ئايروپىلاننى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن يېتەرلىكمۇ؟ 19 ئادەم يالغان پىچاق بىلەن 3-4 كىشىلىك گۇرۇھ بولۇپ، بۇ ئايروپىلانلارغا كىرىپ، ئىچىدىكى قوراللىق قوغدىغۇچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، ئايروپىلاننىڭ كونترولىنى قولىغا ئالالىشى سىزنىڭچە قانچىلىك ئەقىلگە سىغىدۇ؟

19 .3ئادەم ھىچقانداق بىر خاتا چىقارماي، بۇنچىۋالا جىق ئايروپىلاننى» ئوڭۇشلۇق ھالدا» قانداق ئېلىپ قاچالىدى؟

.4بىرىنجى ئايروپىلان بىناغا سوقۇلۇپ 15 مىنۇتتىن كېيىن ئىككىنجى ئايروپىلان سوقۇلدى. 40 مىنۇتتىن كېيىن بەش بۇرجەكلىك بىناغا سوقۇلدى. بۇنچىلىك جىق ۋاقىتتا نىمە ئۈچۈن بۇلارغا دەخلى قىلىنمىدى؟ بۇنى پەقەت «گاڭگىراپ قالدۇق» دەپ قۇتۇلىشى توغرىمۇ؟ بۇ خىل ھادىسىلەرگە قارشى ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇملارغا قارشى ھەر يىل نەچچە يۈز مىليارتلىغان دوللارلار خەجلەۋاتقان ئامېرىكىغا ئوخشاش بىر دۆلەتنىڭ «گاڭگىراپ قېلىشى» ئەقىلگە سىغامدۇ؟

.5بەش بۇرجەكلىك بىنانى قوغداش ئۈچۈن كىچە كۈندۈز تەييار تۇرىدىغان ۋە 5 مىنۇتتا ئۇچۇشقا تەييار ھالغا كېلىدىغان كۈرەشچى ئايروپىلانلار نەدە قالدى؟ دۇنيانىڭ ئەڭ ياخشى قوغدىلىدىغان بىناسى بولغان PENTAGONيەنى بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ھاۋا مۇداپىئە سىستىمىسى، تېخىمۇ مۇھىمى «ماگنىتلىق مەيدان قوغداش سىستىمىسى» نىمىشقا ئىشلىمىدى؟ چۈنكى بۇ سىستىما بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا رۇخسەتسىز كىرگەن ھەر قانداق ئايروپىلاننىڭ رادار سىستىمىسىنى بۇزۇۋېتىدۇ ۋە رادار سىستىمىسى بۇزۇلغان ئايروپىلان، ھاۋادىكى بىر قارغۇغا ئوخشايدۇ .

6. بۇ ۋەقەدە، ئامېرىكىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ چوڭ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا بۇ تارماقلاردىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان ئادەملەرگە بىر جازا بېرىلمىدى؟

7. 4 ئايروپىلاننىڭ ھەربىي رادارلارغا كۆرۈنگەن ھالدا ھېچقانداق بىر سىگنال بەرمەي، بۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت بەلگىلەنگەن لىنىيەسىدىن چەتنەپ ئۇچۇشى ۋە بۇ ئايروپىلانلار بىلەن بۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى نېمىشقا دىققەتنى تارتمىدى؟ بۇ سىزنىڭچە مۇمكىنمۇ؟

8. 4 ئايروپىلاننىڭ ھەممىسىدىكى ‹‹ قارا ساندۇق ›› قانداق بولۇپ ‹‹ ئوقۇغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ››بۇزۇلۇپ كەتتى؟

9. زۇڭتۇڭ بۇش نېمىشقا ئۇ ۋاقىتلاردا قەستەن نەچچە كۈن ئاق سارايدىن يىراق تۇردى؟

10. ئەتىسى كۈنى تېپىلغان ۋە ئىسپات دەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان ‹‹ تېرورىستلارنىڭ ›› ئۇچقۇچىلىق ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى ۋە قۇرئانى-كەرىمنى، ‹‹ تېرورىستلار ›› نېمىشقا ئوتتۇرىغا قويۇپ قويدى؟ FBI بۇ ‹‹ ئىسپاتلارنى ›› قانداق بولۇپ بۇنداق تېز قولغا چۈشۈردى؟

11. ئايروپىلانلارنىڭ يەردىن كونترول قىلىنىش ئېھتىمالى بارمۇ؟ ( ئايروپىلاننى يەردە تۇرۇپ كونترول قىلىدىغان سېستىمىنىڭ ئىسمى .( JPALS - ئەگەر ئايروپىلانلار يەردىن كونترول قىلىنغان بولسا، ئۇ 19 كىشى پەقەت ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق يولچىمىدى؟ 11 - نويابىردىكى ئايروپىلاننى گۆرۆگە ئېلىۋالدى دېيىلگەن مۇھەممەت ئاتتا نىڭ قاھىرەدىكى دادىسى، بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئوغلى بىلەن 2 قېتىم كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئۇنداقتا مۇھەممەت ئاتتاغا زادى نېمە بولدى؟

12. FBI بۇ ئايروپىلانلارنى قاچۇرغانلارنىڭ ئىسىم ۋە سالاھىيەتلىرىنى ئېلان قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب. ئەمما كېيىن بۇلارنىڭ بىرى بولغان ئامىر ئابباس بۇركارى نىڭ بىر يىل بۇرۇن ئۆلگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇكىسى ئادنان بۇركارىنىڭ بولسا FBI دا جاسۇس ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى. تېخىمۇ مۇھىمى بۇ 19 كىشىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىسمى يولۇچۇلار تىزىملىكىدە يوق. بۇلارنىڭ يەنە بىرى بولغان ئابدۇلئەزىز ئەل ئۆمەر بولسا كېيىن سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە ‹‹ مەن رىيادتا، تېخى ياشاۋاتىمەن ›› دەپ ئېلان قىلدى. يەنە بىر كىشى بولغان سەئىد ئەل ھەمدىنىڭ بولسا تۇنىستا ياشاۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى .

.13بۇ 19 كىشى ئايرۇپىلانغا چىقمىغان بولىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇلارنىڭ قالغانلىرى بىر يەرلەردە مەخپى ئۆجۈقتۈرۈلغان بولىشى ئېھتىمالى بارمۇ؟

.14بىن لادىن تاكى 2004 ـ يىلىغىچە بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى رەت قىلىپ كەلدى، ئۇنداقتا نىمە ئۈچۈن ئاخبارات ۋاستىلىرى توختىماي بۇ ئىشنى بىن لادىن قىلدى ئېلان قىلىشۋەردى؟ نىمە ئۈچۈن باشقا سەۋەپلەر ئويلۇشۇپ بېقىلمىدى؟ ۋە تېخىمۇ مۇھىمى نىمە ئۈچۈن 2004 ـ يىللىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭ سايلىمىغا ئاز قالغاندا بىن لادىن بۇنى تۇيۇقسىز ئېتىراپ قىلدى؟ بۇشىنىڭ تېخىمۇ جىق ئاۋاز ئېلىپ، سايلامدا غەلبە قىلىشى ئۈچۈنمۇ؟

.15سەۋەبىنىڭ نىمە ئىكەنلىكى ئېنىق بولماي تۇرۇپ، ئامېرىكا نىمىشقا بىر سائەتتىن كېيىن ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتتى؟

.16بىن لادىننى نىمىشقا بۇگۈنگىچە تۇتالمىدى؟ پاكىستان ھۆكۈمىتى نەردە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان لادىننىڭ يېرىنى ئامېرىكا نىمىشقا تاپالمىدى؟ ياكى بىن لادىن يېگى دۇنيا خوجايىنلىرىنىڭ بىر «ئارتىسىمۇ» ؟؟؟؟؟؟

.17ئەگەر بىن لادىن بۇنچىلىك كۈچلۈك بولغان بولسا، 11 ـ سېنتەبىردىن كېيىن تېخىمۇ جىق ۋە چوڭ تېرورچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟

.18ياكى بۇ ۋەقە ئەسلىدە ئامېرىكا ئىقتىسادىنى تۇرغۇنلۇقتىن چىقىرىش ئۈچۈن، تېخى كونترول قىلىنالمىغان رايونلارنىڭ كونترول قىلىنىشى ئۈچۈن، يېگى ھاكىمىيەتلەر قۇرۇشى ئۈچۈن ۋە ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن دۇنيانى كونترول قىلىش ئۈچۈن، MOSSADۋە CIA تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بىر «مەخپى ھەرىكەت» مىدى؟

ـ11 .19سېنتەبىر كۈنى نىمىشقا دۇنيا تىجارەت مەركىزىدىكى يەھۇدىلارنىڭ جىقى ئىشقا كەلمىدى؟؟؟؟

ھەربىر فىلىمنىڭ بىر سېنارىيەسى بار، ئامېرىكىلىقلار بۇ كەسىپتە چېمپيون. 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى بولسا، رېئاللىقتا ئىشلەنگەن بىر ئامېرىكا فىلمى. ئەمما ھەر سېنارىيەنىڭ بىر ئاجىز تەرىپى بار ۋە كىچىك بىر جىددى تەكشۈرۈشتىن كېيىن پۈتۈن ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىم قاتىل ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ئەمما بىر شەرت مۇستەسنا، پۈتۈن دەلىللەر ئوتتۇرىغا چىقىشى كېرەك .

ئەگەر دەلىللەر ئوتتۇرىغا چىقىرىلسا، بىتەرەپ تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلسا يۇقىرىدىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئۆزگەرتىشكە بىز رازى .ئەگەر بۇ دەلىللەرنى مەخپى تۇتۇشقا ۋە يوشۇرۇشقا داۋام قىلسا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تۆۋەندىكى جىنايەتلەرنىڭ باش جاۋاپكارى:

**11 ـ 1. سېنتەبىردە 3000 كىشىنىڭ ئۆلۈشى.**

**2. ئافغانىستاندا مىڭلارچە كىشىنىڭ ئۆلۈشى.**

**3. ئىراقتا يۈزمىڭلارچە ئادەمنىڭ ئۆلۈشى.**

**4. كېيىنچىنىڭ ئۆلۈمى !!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!**

# چاناق قەلئە ئۇرۇشى

ساڭا تار كەلمەيدىغان قەۋرىلەرنى كىملەر يازسۇن؟

كۆمەيلى سېنى تارىخقا دىسەم پاتمايسەن........!

مەخمەت ئاكىف ئاقسوي

چاناق قەلئە ـ بۇ يەر، تۇپرىقنىڭ ھەر زەررىسى قان بىلەن يۇيۇلغان مۇقەددەس تۇپراقلار.

يىقىلغان بىر ئىمپىراتورلۇق بىلەن بىللە پۈتۈن ئۈمىدلىرىنى يوقاتقان ئوسمان تۈركلىرىنىڭ قايتىدىن تىرىلىشى. تەڭ ۋۇجۇت ھالىغا كەلگەن بىر مىللەتنىڭ ئوكيانلارنى تولدۇرغۇدەك قانلار ئېقىتىپ، يۈزمىڭلىغان شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق جانلىرىنى پىدا قىلىپ، يۇرتىنى قۇتۇلدۇرۇپ، خەلقىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى زامانىۋى، مەدەنى ۋە يېپ ـ يېڭى بىر دۆلەتنىڭ چاقماق تېزلىكىدە يارىتىلىپ مىللەتكە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن بىر تۇپراقلار.

چاناق قەلئە ـ بۇ يەر، دۇنيادا تەڭدىشى بولمىغان بىر ئۇرۇشنىڭ يۈز بەرگەن، دۇنيا تارىخىدىكى بىردىنبىر ئاسماندا، يەردە، سۇدا ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇش بولغان، ئەڭ تار يەردە ئەڭ جىق ئادەم قاتناشقان، ھەر بىر كۋادىرات مېتىرغا 6000 پاي ئوق چۈشكەن، ھاۋادىكى ئوقلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سوقۇلۇپ كۆزلەرنى قاماشتۇرغان، دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا >> ئەڭ مەشھۇر مۇداپىئە ئۇرۇشى << دەپ ئاتالغان بىردىنبىر ئۇرۇش !!!.

بۇ ئۇرۇشنى پۈتۈنلەي سۆزلەشكە بۇ بەت ئاجىزلىق قىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش ـ ئوسمان تۈركلىرى تارىخىدىكى ئەڭ زور ۋە ئەڭ قىيىن بىر سىناق ئىدى. مۇسۇلمانلارنى يەريۈزىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچۈرۈپ تاشلاشنى مەخسەت قىلغان كۈچلەرنىڭ، تۈركلەرنىڭ قەلبى بولغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەزىرى چۈشكەن مۇقەددەس شەھەر ـ ئىستانبۇلنى قولغا كىرگۈزۈپ، قەھرىمان تۈرك مىللىتىنى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوق قىلىش ئۈچۈن باشلانغان ئۇرۇش ئىدى ......

چاناق قەلئە بوغۇزىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، تۈركلەرنى يېڭىش ئۈچۈن

جاھاندىكى پۈتۈن قۇراللارنى ئىشلىتىپ باقتۇق، پۈتۈن ۋاستىلارنى

قوللىنىپ باقتۇق، ئەمما تۈركلەرنى يېڭىشنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى

چۈشەندۇق. ئەگەر ھەقىقى ئۇرۇشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشنى

خالايدىغانلار تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشسۇن... چاناق قەلئە بوغۇزىدىن ئۆتەلمىدۇق..........!

)بىر ئىنگىلىز گېنىرال (

ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپىرىيەسىنىڭ تەخت ۋارىسى Arshiduk Ferdinand ۋە ئايالىنىڭ 1914 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بوسنىيەدە ئۆلتۈرۈلۈشى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىنىش سەۋەبى بولدى، ئەسلىدە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ۋە ستراتېگىيەلىك مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى، ئىقتىسادى ۋە تىجارەت رىقابەتلەرى، ھۆكۈمرانلىق تالىشىشلىرى، پارتىلاشقا ئاز قالغان بىر دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ خەۋەرچىسى ئىدى، Ferdinandنىڭ ئۆلتۈرۈلىشى بولسا 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتىلىشى ئۈچۈن ئوبدان بىر سەۋەپ بولدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا، ئەنگىلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگىرىيە ئىمپىرىيەسى ۋە ئىتالىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئانتانتا دۆلەتلەر دەپ ئىككى قۇتۇپ شەكىللەندى. كېيىن ئىتالىيە ئانتانتا دۆلەتلىرىدىن چىقىپ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە قوشۇلدى. بېلگىيە، سېربىيە، رۇمىنىيە، گىرىتسىيە، پورتۇگالىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە قوشۇلدى .

ئوسمان ئىمپىرىيەسى باشتا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە قوشۇلۇشنى ئىلتىماس قىلدى، ئەمما ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىقتىسادى ۋەيران بولغان، ئارمىيەسى ئاجىزلىغان، دىپلوماتىيەسى يېتەرسىز بولغان، ئىقتىسادى ۋە ئۇرۇش كۈچى تۈگەي دەپ قالغان ئوسمان ئىمپىرىيەسى بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ جىقىنىڭ ئوسمان ئىمپىرىيەسىنىڭ تۇپراقلىرىدا كۆزى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يوق بولىدۇ دەپ قارىغان ئوسمان دۆلىتى بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇشنى رەت قىلدى .

ئىتتىپاقداش دۆلەتلىرىگە قوشۇلالمىغان ئوسمان ئىمپىرىيەسى، بۇ دۇنيا ئۇرۇشىدا يالغۇز قالماسلىق ئۈچۈن ۋە رۇسىيەنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن گېرمانىيە بىلەن ئىتتىپاقداش بولۇشنى قارار قىلدى. بۇ قارار تۈرك تۇپراقلىرىدا مەنپەئەتى بولغان گېرمانىيە ئۈچۈن ئوبدان بىر پۇرسەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن گېرمانىيە ئوسمان ئىمپىرىيەسگە ئاز ـ تولا قورال ياردىمى قىلدى. ئوسمان ئىمپىرىيەسى 1914 ـ يىلى 2 ـ ئاۋغۇست كۈنى گېرمانىيە بىلەن مەخپى بىر كېلىشىم ئىمزالاپ، ئانتانتا دۆلەتلىرىگە قوشۇلدى .

گېرمانىيە ـ1914 يىلى 1 ـ ئاۋغۇست رۇسىيەگە، ئىككى كۈندىن كېيىن فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلدى. بۇ سەۋەب

بلەن ئەنگلىيە 5 ـ ئاۋغۇست كۈنى گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ياۋروپادا باشلىندى .

گېرمانىيەنىڭ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى Goben ۋە Breslav ئىسىملىك ئىككى ئۇرۇش كېمىسى، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە كېمىلىرىدىن قېچىپ 1914 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇست كۈنى چاناق قەلئە بوغۇزىنىڭ يانلىرىغا كېلىپ تۈركلەردىن ياردەم سورىدى. گېنىرال ئەنۋەر ۋە جامال ئوسمان ھۆكۈمىتىگە خەۋەر بەرمەي، بۇ ئىككى كېمىنىڭ چاناق قەلئە بوغۇزىدىن ئۆتۈپ مەرمەر دېڭىزىغا كىرىشىگە رۇخسەت بەردى. كېيىن تۈركلەر بۇ ئىككى كېمىنىڭ ئىسمىنى ياۋۇز ۋە مىدىللى دەپ ئۆزگەرتتى، ئۈستىگە تۈرك بايراقلىرى ئورناتتى. بۇ ئىككى كېمە بىلەن قارا دېڭىزغا چىقىپ، 29 ـ ئۆكتەبىر كۈنى قارا دېڭىزدا رۇسلار بىلەن ئۇرۇشتى ۋە رۇسلارنىڭ پورتلىرىنى بومباردىمان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1914 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رۇسىيە ئوسمان ئىمپىرىيىسىگە رەسمى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە بىر كۈندىن كېيىن تۈركىيەگە شەرقتىن ھۇجۇم قىلدى. گېرمانىيەنىڭ 2 ئۇرۇش كېمىسىنى قوغلاپ كەلگەن ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە كېمىلىرى چاناق قەلئە بوغۇزىنى بومباردىمان قىلدى ۋە 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تۈركىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سولتان رىشات 11 ـ نويابىر كۈنى ئەنگلىيە، فىرانسىيە ۋە رۇسىيەگە ئۇرۇش ئىلان قىلغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە ئىسلام دۇنياسىنى جىھادى ـ مۇقەددەسكە چاقىردى. ( مۇقەددەس ئۇرۇش ). بۇ چاقىرىقتا ئىسلام دۇنياسىدىن بىر قوللاش كەلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئوسمان ئىمپىراتورلىقى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا ئاتلانتا دۆلەتلەر بىلەن قاتنىششقا مەجبۇر بولدى .

ئوسمان ئىمپىراتورلىقى بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدا توققۇز سەپتە بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

1. چاناق قەلئە سېپى
2. شەرقى كاففكاز سېپى
3. گالىچيا سېپى
4. رۇمىنيە سېپى
5. ماكېدونىيە سېپى
6. يەمەن ـ ئەرەبستان سېپى
7. سىنا ـ پەلەستىن سېپى

8.ئىراق سىپپى

9.سۈرىيە سىپپى

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ۋە ئەڭ قانلىق بولغىنى چاناق قەلئە ئۇرۇشى بولدى .






چاناق قەلئە بوغۇزى تەخمىنەن 70 كىلومىتر ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، ئەڭ كەڭ يېرى **7800** مېتىر، ئەڭ تار يېرى **1300** مېتىر. چاناق قەلئە بوغۇزىدا سائەتىگە 5 كىلومېتىر سۈرئەت بىلەن ئاققان بىر سۇ ئۈستى ئېقىمى ۋە ئەكسى تەرىپىگە ئاققان بىر سۇ ئاستى ئېقىمى بار. بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باشلىرىدا چاناق قەلئە بوغۇزى ) تۈركچىسى ـ **Canakkale,** ئىنگىلىزچىسى ( **Dardanell** ـ ئىنتايىن مۇھىم بىر ستراتېگىيەلىك نۇقتىغا ئايلاندى. ئەگەر بۇ دېڭىز بوغۇزى تۈركلەرنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىنىپ ئوتتۇرا دېڭىزغا ئېچىلسا، رۇسىيە دۇنيانىڭ بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنالايتتى تېخمۇ مۇھىمى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھەر خىل ياردەملىرىنى ئالالايتتى. يەنە بىرسىگە رۇسىيەنىڭ تارىختىن بۇيانقى دەردى بولسا، قارا دېڭىزنىڭ كونترولنى پۈتۈنلەي قولغا ئېلىپ، ئىستانبۇل بوغۇزىنى ئىشغال قىلىپ ئۇ يەردىن چاناق قەلئە بوغۇزىغا ئۆتۈپ، ئوتتۇرا دېڭىزغا چىقىدىغان بىر دېڭىز يولى تېپىش ئىدى .چۈنكى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى دۇنيانىڭ ئەڭ مۇھىم ستراتېگىيەلىك دېڭىزى بولۇپ، رۇسىيە بۇ دېڭىزدا چوقۇم ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىشنى خالايتتى. ئەمما ئوتتۇرا دېڭىزغا چىقىدىغان بىردىنبىر يول بولغان چاناق قەلئە بوغۇزى

تارىختىن بېرى تۈركلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلدى. بۇ بەلكى جانابى الله نىڭ بىر ھىكمىتى بولسا كېرەك .

شۇنداق قىلىپ 1914 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئەنگىلىيە چاناق قەلئەگە ھۇجۇم باشلىدى. چاناق قەلئەنى ئىشغال قىلىپ ئارقىدىن تۈركلەرنىڭ قەلبى بولغان ئىستانبۇلنى ئېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئىسلام ئىمپېراتورلىقىنى مۇنقەرىز قىلىش پىلانىنى تۈزگەن كىشى بولسا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى ئەنگىلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل ئىدى. چېرچىل بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگىلىيە دېڭىز مىنىسترى ئىدى. ئەنگىلىيەنىڭ بۇ بىرىنچى ھۇجۇمى سىناپ بېقىش بولۇپ، تۈركلەرنى ھىچقانچە قىينالماي يېڭەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. رەسمى چوڭ ئۇرۇش بولسا 1915 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئەنگىلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، گىرتسىيە، ئۇ ۋاقىتتىكى دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەسى بولغان ئىنگىلىزلارنىڭ قوماندانلىقىدا تۈركىيەگە رەسمى ھۇجۇمنى باشلىدى. ئاۋىستىرالىيە، يېڭى زېللاندىيە ۋە كانادادىن 250 مىڭ ئەسكەر ياردەمگە كەلدى. رۇسلار بولسا چاناق قەلئە بوغۇزىنىڭ گىرتسىيەگە بۆلۈپ بېرىلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال 40 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى ئەنگىلىيەنىڭ ياردىمىغا ئەۋەتىش توغرۇلۇق پەرمان چىقاردى. ئەمما ئەنگىلىيە ۋە فىرانسىيە چاناق قەلئە بوغۇزىنى رۇسلارغا بېرىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلدى ۋە رۇسلارنىڭ تۈركىيەگە قارا دېڭىزدىن ۋە شەرقتىن تېخىمۇ شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرىدا ئىستانبۇلدا ئۇچرىششقا كېلىشتى. يەنى پۈتۈن ياۋروپا تۈركىيەگە قارشى بىرلەشتى، ھەتتا ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەسىدىن نەچچە يۈز مىڭ ئەسكەر كەلدى .مەخسەت تۈركلەرنى يەر يۈزىدىن مەڭگۈلۈك يوق قىلىش، تۈركلەرنىڭ ياۋروپاغا قىلغان 500 يىللىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئىدى .

ـ1915يىلى 18 ـ مارت كۈنى 18 چوڭ ئۇرۇش پاراخوتى، 109 ھۇجۇمچى پاراخوت، 308 ئەسكەر توشۇش كېمىسى ۋە يۈزلەرچە ئايرۇپىلان بىلەن نەچچە يۈزمىڭلىغان ئەسكەر دېڭىزدىن، قۇرۇقلۇقتىن ۋە ھاۋادىن چاناق قەلئە بوغۇزىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنلىرى بالقان يېرىم ئاراللىرىدا، كافكاسىيەدە ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ئۇرۇش قىلىۋاتقان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ھەربى، ئىقتىسادى كۈچى ئىنتايىن ئاجىزلىغان ئىدى. بۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان غايەت زور ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پۈتۈن دۇنيا تۈركلەر تۈگەشتى دەپ ئويلىغان ئىدى ۋە ھىساپ ـ كىتاپ، پىلانلىرىنى بۇنىڭغا ئاساسەن تۈزۈپ بولغان ئىدى. چاناق قەلئەنى قوغداش

ئۆچۈن مۇستافا كامال قوماندانلىقىدىكى 19 ـ تۈمەن مۇداپىئەگە ئۆتتى. ياۋروپا ئارمىيەسى باشتا دېڭىزدىن ھۇجۇم باشلىدى، ئەمما ئىنتايىن شىددەتلىك بىر قارشىلىققا دۇچ كەلدى، نەچچە ئونلىغان پاراخوتلىرى ۋە مىڭلىغان ئەسكەرلىرى ئۆلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋادىن تەڭ ھۇجۇم باشلىدى .قىرغاقلارنى قورقۇنۇچلۇق بىر بومباردىمانغا تۇتتى، پۈتۈن چاناق قەلئە شەھرى تۈپتۈز بولۇپ كەتتى. قىرغاقتىكى تۈرك زەمبىرەكلىرى ئېتىشتىن توختىغان ئىدى. دۈشمەنلەر ھېچكىم ساق قالمىدى دەپ ئويلاپ پۈتۈن كۈچى بىلەن چاناق قەلئە بوغۇزىنىڭ ئىچىگە ئىلگىرلەشكە باشلىدى. ئەمما مۆجىزە يۈز بەردى، ئالدىدا ماڭغان كېمىلەر تۇيۇقسىز پارتىلاپ سۇغا پېتىشقا باشلىدى. ئەسلىدە ئالدىدا ماڭغان كىمىلەرنىڭ ھەممىسى سۇ ئاستى مىنالىرىغا سوقۇلغان ئىدى. ئارقىدىن قىرغاقتىكى ساق قالغان تۈركلەر قايتىدىن زەمبىرەكلەر بىلەن توپقا تۇتۇشقا باشلىدى. نىمە قىلىشنى بىلمەي تەمترەپ كەتكەن دۈشمەن كېمىلىرى دەرھال چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. قۇرۇقلۇقتىكى ئۇرۇش بولسا تېخىمۇ شىددەتلىك بولدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىنتايىن جىق ئادەم ئۆلۈۋاتقان ئىدى. تۈرك ئەسكەرلىرى بولسا قورال ـ ياراقلىرى تۈگىگەن، ئىنتايىن ئاز قالغان ئىدى. دۇنيا ئۇرۇش تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئۇرۇشنى توختۇتۇپ ئۆلۈكلەرنى يىغىش ئېلىپ بېرىلدى. چۈنكى ئۆلگەن ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن يەرلەردە مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما تۈركلەر ھەيران قالغۇدەك بىر جاسارەت بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى، ئاناتولىيە تۇپراقلىرىنىڭ باغرىدىن چىقىپ كەلگەن، ھەممىسى بىر ئارسلان بولغان تۈرك ئەۋلاتلىرى بۇ مۇقەددەس تۇپراقلار ئۈچۈن ئۇرۇشۋاتاتتى. ئارقىسىدا قالغان ئانىلار، ئايالLار، باللار قانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئۇرۇشقا ماڭغان ئەۋلاتلىرىنى ئۇزۇتىۋاتاتتى. ھەممىسى بۇ ئازاپنى يۈرىكىگە كۆمگەن ئىدى >> .بېرىڭلار << دەۋاتاتتى، >> بۇ تۇپراقلار ئۈچۈن ئۆلۈڭلار، شېھىت بولۇڭلار، ئەمما قايتقىنىڭلاردا زەپەر مارشلىرى بىلەن قايتىڭلار <<دەۋاتاتتى. ئۇرۇش بۇ تەرىقىدە بىر يىلدىن جىق سۈردى. ھەر ئىككى تەرەپتىن ئىنتايىن جىق ئادەم ئۆلدى. ئەمما بۇ ئۇرۇش بىر مۆجىزە ئىدى، 67 تۈرك ئەسكىرىنىڭ تۈمەنلىگەن دۈشمەن قوشۇننى ھەيتىلەپ تۇتۇپ تۇرالىشىدەك مۆجىزىلەر يۈز بېرىۋاتاتتى، بەلكى الله ئۇلارنى دۈشمەننىڭ كۆزىگە 67000 كۆرسىتىۋاتاتتى. يېڭى زىلاندىيە ئەسكەرلىرى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئاسماندىن چۈشۈپ دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان سىرىق كىيىملىك كىشىلەرگە ئوخشاش مۆجىزىلەر يۈز بېرىۋاتاتتى. ۋە ئۇرۇشنىڭ تەغدىرىمۇ بىر مۆجىزە بىلەن ئاخىرلاشتى. بىر تۆپىلىكتە 3 تۈرك ئەسكىرى قالغان ئىدى. ئىككىسى ئېغىر يارىدار ئىدى. قالغان تۈرك ئەسكەرلىرى تامامەن قىرىلىپ تۈگىگەن ئىدى. دۈشمەنلەر ئاخىرقى قېتىم پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ چاناق قەلئە

بوغۇزىنىڭ ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر نەرسە قالمىغاندەك قىلاتتى .دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئەنگىلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ پاراخوتى بولغان >> يېرىم دۇنيا << ئىسىملىك پاراخوتى بار ئىدى. ساق قالغان 3 ئەسكەرنىڭ بىرى بولغان سەئىد ئونبېشى دۈشمەنلەرنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئىستانبۇلغا قاراپ ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى كۆردى، ياردەمچى قوشۇن تېخى كېلىپ بولالمىغان ئىدى .يېنىدا بىر زەمبىرەك بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر زەمبىرەك ئوقى قالغان ئىدى. ئەمما زەمبىرەكنىڭ ئوقنى قويۇش ئۈچۈن كۆتۈرىدىغان پۈتى سۇنغان ئىدى. ئوقنى قويۇش ئۈچۈن پەقەت قول بىلەن كۆتۈرۈپ زەمبىرەكنىڭ ئىچىگە قويۇش كېرەك ئىدى. ئەمما ئوقنىڭ ئېغىرلىقى 275 كىلوگىرام ئىدى !!! قانداق قىلىش كېرەك؟ ۋاقىت ئىنتايىن ئاز ئىدى .تۇيۇقسىز >> ئاللاھۇ ئەكپەر << دىگەن بىر نارە ئاڭلاندى ۋە سەئىد ئونبېشى 275 كىلولۇق زەمبىرەك ئوقنى كۆتۈرۈپ تۇققۇز بالداقلىق پەلەمپەيدىن زەمبىرەكنىڭ يېنىغا چىقىپ، ئوقنى ئىچىگە قويدى. ۋە >> ئى الله! بۇ مۇقەددەس تۇپراقلارنى، ئالەمى ئىسلامنى، سەن ئەزىز قىلغان تۈرك مىللىتىنى كاپىرلارنىڭ ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتما، مۇسۇلمانلارنى بۇ كاپىلارنىڭ قولىغا چۈشۈرمە، يا ئاللاھۇ ئەكپەر << دەپ زەمبىرەكنى ئەڭ چوڭ كىمگە قارىتىپ ئاتتى. ۋە بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئوق ئۇ ئەڭ چوڭ كىمىنىڭ دەل ئوتتۇرىدىكى تۇرخۇنىدىن ئىچىگە كىرىپ شۇنداق شىددەت بىلەن پارتىلىدىكى، پۈتۈن چاناق قەلئە ئاسمىنى زىلزىلىگە كەلدى. ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان كىمە، سۇنىڭ ئىچىدە ئەتراپىدا پېقىراشقا باشلىدى، ۋە باشقا كىمىلەرگە سوقۇلۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن دۈشمەن قوماندانلىرى يېڭى تۈرك تۈمەنى ياردەمگە كەلدى دەپ ئويلاپ دەرھال چېكىنىشكە بۇيرۇق قىلدى، ۋە ئوسمان ئىمپىرىيەسى بىلەن سۈلھى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى بۇ ئۇرۇشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ 1 مىليونغا يېقىن ئەسكىرى قاتناشقان ئىدى. ۋە ياۋروپادىكى .ئۇرۇش مەيدانلىرىغا جىددى ئەسكەر لازىم ئىدى. چاناق قەلئە ئۇرۇشى، بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشىنى 2 يىل ئۇزاتتى، ۋە ئىتتىپاقداشلارنىڭ 1 مىليونغا يېقىن ئەسكىرىنىڭ ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى جەڭ مەيدانلىرىدىن يىراق قېلىشىغا سەۋەپچى بولدى.

بۇ ئۇرۇشتا 500 مىڭدىن جىق تۈرك ئەسكىرى شېھىت بولدى. 300 مىڭ دۈشمەن ئەسكىرى ئۆلدى. ئەنگىلىيە دېڭىز ئارمىيەسى ئىنتايىن ئېغىر چىقىملارغا ئۇچرىدى .

چاناق قەلئە ئۇرۇشى ـ ئۇلۇغ رەھبەر مۇستافا كامال ئاتاتۇركنىڭ >> مەن سىلەرنى ئۇرۇشۇشقا ئەمەس، ئۆلۈشكە ئەمىر قىلىۋاتىمەن << دېگەن سۆزلىرى بىلەن پۈتۈنلەشكەن تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسىرىدۇر. بۇ تۇپراقلاردا ھازىر تۈرك ئەۋلاتلىرى ياتىدۇ... ئىسمى مەخمەت، ئەلى، ئوغۇزخان، ئالپ ئارسلان... ۋە جورج، ئالېكس، ھېنرىي، توم... مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئۇلارنى سۆيىدىغانلارنى ئازاپ ئىچىدە تاشلاپ بۇ تۇپراقلاردا ياتىدۇ .ئاتاتۈرك ئۆلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۈچۈن >> :ئۇلار بۇ تۇپراقلاردا ئۇرۇش قىلدى ۋە ھازىر بىزنىڭ ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ قاتارىدا ياتىدۇ << دېگەن سۆزى، بەلكىم ئۇلارنى سۆيىدىغانلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بىر تەسەللى ئىدى .
يۈرىكى يارا، ئەمما بېشى تىك تۈرك ئانىلىرىدىن بالىلىرى سورالغان چاغدا >> يىگىت ئوغلۇمنى چاناق قەلئە ئۇرۇشىدا شېھىت بەردىم << دەيتتى ئىپتىخار بىلەن .

بۇ ئۇرۇشتا تۈركلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى دۇنيادا چوڭ بىر غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. بۇ ئۇرۇش ـ چىش تىرنىقىغىچە قۇراللانغان بىر كۈچنىڭ، ئىمانىنىڭ كۈچى ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان بىر ئۇرۇش ئىدى. تۈرك خەلقى ئاسارەتنى ۋە قۇللۇقنى ئەسلا قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا كۆرسەتتى. تۈركلەر قان بىلەن ۋە شان ـ شەرەپ بىلەن تۈرك ۋە دۇنيا تارىخىغا يېڭى بىر داستان يازدۇردى. ھازىرقى زامانىۋى، مەدەنى ۋە يىپ يېڭى تۈركىيە مانا بۇ قانلار بىلەن تازلانغان تۇپراقلاردا مەيدانغا كەلدى.

ئەمدى ھازىرقى تۈركىيەگە بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى.

چاناق قەلئە شېھىتلەر ئابىدىسى









تۈركلەرنىڭ قەلبى دەپ ئاتالغان ئىستانبۇلدىن كۆرۈنۈشلەر














İstanbul



http://img141.imageshack.us/img141/7296/turkietthebosphorusstor8eo.jpg'

onmousewheel='return yuzi_img(event,this)'

onload='javascript:if(this.width>body.clientHeight)this.width=body.clientHeight'>











ئىستانبۇل ئۇنىۋېرستىتى

# قەبرىدىن كەلگەن نىدا

دۇنياغا كېلىشتىن بۇرۇن بىلمەيتتۇق، قايسى ئەركەكنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدىغىنىمىزنى، قايسى ئايالنىڭ رەھمىدە چوڭ بولىدىغانلىقىمىزنى. ئەمدى بولسا بىر جاھالەت مەنزىرىسى بىلەن قارىمۇ - قارشىغا كەلدۇق. ئۇستىدە ساياھەت قىلغىنىمىز بۇ يەر شارى دەپ ئاتالغان تۇپراقتىن، قەۋر ئالىمگە قايسى نەرسە بىلەن بارىمىز؟ قاتناش ھادىسىسى بىلەن بارامدۇق؟ ياكى يۈرەك كېسىلى بىلەن بارامدۇق؟ قايسى كېسەللىك بىزنى ئۆلۈمنىڭ بوسۇغۇسىغا ئەكىلىپ، ئۆلۈم پەرىشتىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىدۇ؟ بۇ سۇئالالارغا جاۋاپ بېرىشكە بىز ئاجىزلىق قىلىمىز.

ئەزرائىل ( ئەلەيھىسسالام ( ھەر كۈنى **500** مىڭدىن جىق ئىنسانىنىڭ روھىنى ئالىدۇ. ھەركۈنى بىر باغلام ئىنسان بۇ دۇنيادىن ئورۇلۇپ ئېلىپ كېتىلىدۇ. ئىچىدە قېرىمۇ بار ياشمۇ بار... بايمۇ بار كەمبەغەلمۇ بار... ئەڭ مۇھىمى ئىچىدە سالىھىمۇ بار پاسىقمۇ بار. مۆمىنمۇ بار كاپىرىمۇ...

~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~

بۇ باغلاملار بىزگە مۇنداق دەپ نىدا قىلىدۇ:

>>ئۆلۈم ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش... بىر كۈنى سىلەرمۇ ئورۇلۇپ بىر باغلام بىر باغلامدىن كېلىسىلەر. دىققەت قىلىڭلار، ھەرگىز غاپىل تۇتۇلۇپ قالماڭلار. ئۆلۈم پەرىشتىسى سىلەرنى ھەرگىزمۇ ئىسيان قىلىۋاتقان چېغىڭلاردا تۇتۇۋالمىسۇن .

ئۆزەڭلارنى كەيىپ - ساپاغا ئەمەس، ئىبادەتكە ئاتاڭلار. كۆزۈڭلارنى باشقىلارنىڭ ئۇ نەرسە بۇ نەرسىسىگە ئەمەس، ئۆز مەڭگۈلۈك ھاياتىڭلارغا تىكىڭلار. ئۇنى ئويلاڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىلەر قىلىشقا تىرىشىڭلار. ئۆلۈمۈڭلار - ۋەزىپىسىنى ھەققى بىلەن ئادا قىلغان بىر ئەسكەرنىڭ جەڭ مەيدانىدىن زەپەر بىلەن ئايرىلىشىدەك بولسۇن، ياكى، ئىمتىھان قەغىزىنى توغرا جاۋاپلار بىلەن تولدۇرغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپتىن چىقىشىغا ئوخشاش بولسۇن.
~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~~

قىرىغان چىغىڭىلاردا، سىلەرنى توشۇيالىغان پۇتلىرىڭلارغا كونىرىغان ئاياقلارغا ئوخشاش قاراڭلار، ئىغىر، ئاجىز بەدىنىڭلارنى يىرتىق كىيىمگە ئوخشاش قاراڭلار. ۋە بۇلارغا بەك دىققەت قىلىپ كەتمەڭلار، پەقەت سىلەركونىرىماڭلار، روھۇڭلار تىك تۇرسۇن، بەدىنىڭلار زەيىپلىسىمۇ كۆڭلۈڭلار كۈچلۈك بولسۇن، قەلبىڭلار ئىمان بىلەن قۇۋۋەتلەنسۇن...

قەلبىڭلار ئىمان ۋە ئىبادەت بىلەن كۈچلۈك بولسا، كىيىمڭلار پۈتۈنلەي سالدۇرىلىدىغان ئۇ كۈندە قايغۇڭلار ئاز بولىدۇ .كۆڭلۈڭلارنى قانچىلىك ئاز نەرسىگە بەرسەڭلار، دۇنيادىن ئايرىلىشىڭلار شۇنچىلىك ئاسان بولىدۇ...

بۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا... لېكىن ئەملىيىتىڭلار بۇ يولدا ئەمەس. ئۆلۈمنى ئويلىغانسىرى دۇنياغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشىسىلەر. ئۇنىڭدىن ئايرىلىشىڭلار، رۇھۇڭلارغا كۈندىن كۈنگە تېخىمۇ تەس كېلىدۇ. بىلمەستىن ئۆز ئورىكىڭلارنى ئۆزەڭلار كولايسىلەر...

هالبۇكى بۇ قەۋىر ئالىمى، ئۇنچىلىك قورقۇنۇچلۇق ئەمەس. ئەكسىچە دۇنيادىن تېخىمۇ گۈزەل. دۇنيا ئالىمدىن بۇ قەۋىر ئالىمگە ساغلام كىلەلەمسىلەر؟ ئۇنداق بولسا قورقماڭلار. بۇ يەرنى >> ئۆتكۈنچى ئالەم << دىيىشى بىكارمۇ؟ ئۆتكۈنچى، چۈنكى دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئارىسىدا بىر كۆۋرۈك... مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇنيادىن تېخىمۇ گۈزەل، جەننەتتىن تېخىمۇ سەت... ئىشەنمىگەنلەر ئۈچۈن دەل ئەكسىچە، دۇنيادىن تېخىمۇ ۋەھىملىك، جەهەننەمدىن تېخىمۇ هۇزۇرلۇق. مۇنداقچە ئېيىتقاندا، باهار ۋە كۈزگە ئوخشايدۇ. بۇ مەۋسۇملەرمۇ بىر ئۆتكۈنچى ئەمەسمۇ؟ بىرسى قىش بىلەن ياز ئارىسىدا، يەنە بىرسى ياز بىلەن قىش ئارىسىدا...

قۇلۇڭلاردا پۇرسەت بار چاغدا، قەۋرلىرىڭلارنى ئۇ دۇنيادا گۈزەل قىلىشقا تىرىشىڭلار. شۇنداق بىر تىرىشىڭلاركى، بۇ ئالەم سىلەر ئۈچۈن سەهەر ۋاقتىغا ئوخشاش بولسۇن، هەرگىزمۇ ئاخشامنىڭ گۇگۇم ۋاقتىغا ئوخشىمىسۇن .

بىز پۈتۈن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدۇق، ئەمدى مەڭگۈ ئورنىغا كەلمەيدۇ... غەپلىتىڭلارنى كۆرگەنسىرى، سىلەرگە بىر نەرسىلەرنى سۆزلەشنى، نىدا قىلىشنى خالاۋاتىمىز. ئەمما كالپۇكلىرىمىز بىلەن، قولىمىز بىلەن، ئاۋاز پەردىلىرىمىز بىلەن، ھاۋا ئېقىملىرى بىلەن بىر مۇناسىۋەتىمىز قالمىدى... ئەمدى بەدەنلىرىمىز چىرىشكە تاشلاندى. ئەمدى يالۋۇرساقمۇ پۈتلىرىمىزنى ھەق يولىغا بىر قەدەم بولسىمۇ ئاتالمايمىز. بىر كۈنى سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش بولىسىلەر، ئۆمرۈڭلارنى ھەق ئۈچۈن ئىشلەتمىگىنىڭلارغا >> ئاھ << لار >> كاشكى << لار ئۇرسىلەر ...

ئۆلۈم ـ ئىنسانغا بېرىلگەن تاللاش ئىرادىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېگرىسى. ئۆمۈر، نەپس ۋە تاللاش ئىرادىسى... ئۈچىنىڭ جىنازىسى بىللە ئۈزىتىلىدۇ. بىز ئۈچۈن بۇ ئۈچى ئارقىمىزدا قالدى. ئەمدى قىلغانلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشنىڭ تۈنجى بىكىتىگە كەلدۇق. تاللاش ئىرادىمىزنىڭ ئاچچىق ۋە تاتلىق مىۋىلىرىنى بۇ يەردە تېتىۋاتىمىز . بىزگە بېرىلگەن پۈتۈن پۇرسەتلەر ئەمدى تۈگىدى. ئەمدى بىز الله نىڭ مۇتلەق ئىرادىسىنىڭ ھۆكۈمى ئاستىدا، ئۇنىڭ لۇتپىدىن بەھرىمەن بولىۋاتىمىز ياكى، ئۇنىڭ ئازىپىنى تارتىۋاتىمىز. قەۋىر ئالىمىدىن مەھشەرگە يەنە الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن چىقىمىز ۋە ئۆز ئىرادىمىز بىلەن ئەمەس، الله نىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ھىساپ بېرىمىز...

بىز مەھشەرنى ساقلاۋاتىمىز، سىلەر بولساڭلار ئۆلۈمدىن قېچىۋاتىسىلەر. نىمە دىگەن غەلىتە؟
ئۆلۈم سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرىدۇ، بىزنىڭ بولسا ئارقىمىزدا قالدى... شۇنداقتىمۇ سىلەر بىز ئۈچۈن قايغۇرىۋاتىسىلەر.

>>قەۋىر، جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا، ياكى جەھەننەم چوڭقۇرلىرىدىن بىر چوڭقۇردۇر << دىگەن ھەدىسى ـ شەرىفنى ئاڭلىغان بولغىيتىڭلار. بىز بۇ ئالەمدە ئۇ ھەدىسى ـ شەرىفنىڭ مەنىسىنى ياشاۋاتىمىز. سىلەرگە ئاخىرقى تەۋسىيەمىز >> : ئۆمرۈڭلارنى شۇنداق بىر ئۆتكۈزۈڭلاركى، قەۋىر سىلەر ئۈچۈن بىر كىچىك جەننەت بولسۇن << !

# هايات بەك قسقا

هايات بەك قسقا...

قايغۇلار ئۇزۇن ئەمما... يۇرەك سانجىقلىرى، قەلب يارىلىرى ئىنسانغا خۇددى تۈگمەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. هايات نىمە دىگەن قسقا...

بولۇپمۇ ئاچچىقلار، غەزەپلەر قسقا بىر فىلمغا ئوخشاش، تەكرار تەكرار هاياتىمىزنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئوغۇرلاشقا داۋام قىلىدۇ. هايات - هەر يېرىگە قۇرت-قوڭغۇزلار چاپلىشىۋالغان ئاجىز بىر مەخلۇققا ئوخشاش بۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ پات پات. زېرىكمەي، هارماي هاياتىمىزنىڭ بىر يەرلىرىنى چىشلەشكە داۋام قىلىدۇ. ئەسلىدىنلا قسقا بولغان هايات، پۈتۈنلەي قسقىرايدۇ ۋە قانداق بولۇپ تۈگىگەنلىكىنى بىلەلمەي قالىمىز بىر فىلمنىڭ ئاخىرقى سەهنىسىگە ئوخشاش، ئۆلۈم پەرىشتىسى ئىشىكىمىزنى چىكىدۇ .

هايات بەك قسقا، ئىنتىلىشلارنىڭ ئەكسىچە .ئىشلىرىمىزغا خۇددى مىڭ يىل بىللە ياشايدىغاندەك چاپلىشىمىز. ئەسلىدە گاللاستۇكلار سىقىقان بوغۇزلار سىقىدۇ هاياتنى! هەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئىشلىرىمىزغا بولغان ئەسەبىلەرچە ئىنتىلىش ۋە خىرىس يولىنىڭ ئاخىرىغىچە زېهنىمىزنى ئۇيۇشتۇرىدۇ.

كۆڭلىكىمىزنىڭ ئەڭ يۇقىرىدىكى تۈگمىسىنى بوشىتالمايمىز، ئىشتىنىمىزنىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈپ، پايپاقلىرىمىزنى چىقىرىپ، سالقىن بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا پۇتلىرىمىزنى مۇزدەك سۇلارغا چىلاپ ئولتۇرالمايمىز .

ئۆزىنىڭ ئۇيۇقلىرىدا ئاپئاق بىر يالغاننى چىقىرىدۇ بۇ دۇنيانىڭ ئىنتىلىشلىرى ۋە قالغان هەممە نەرسىلارنى ئۇيۇشۇپ قالغان سۇزۇك بىر قارا رەڭ بىلەن بىزگە سۇنىدۇ. هەر الله نىڭ كۇنى يېڭىدىن ئۆتۈپ تۇرۇپ يۇتتۇرگەن نەرسىلىرىمىزنى پەرق قىلالمايمىز.

مەسلەن توك كەتكەندە ... ئاچچىغىمىز كېلىپ تىللايمىز، قاراڭغۇلۇقنىڭ جىمجىت ھۇزۇرىدىن ئۈركۈپ خاتىرجەمسىز بولىمىز. ھالبۇكى كېچىنىڭ گۈزەللىكى باشقىچە بولمىغان بولسا، كۈننىڭ يېرىمى قاراڭغۇلۇق بولامتى؟ دېمەك كېچىنىڭ بىر گۈزەللىكى بار، ئاينىڭ، يۇلتۇزلارنىڭ، كۆك يۈزىنىڭ ۋە قاراڭغۇلۇقتا ئاققان بىر كۈمۈشكە ئوخشاش تولغۇنۇپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇلىرىنىڭ...

ھايات بەك قىسقا... ئەمما قايغۇلىرىمىز بەك ئۇزۇن. چوڭ - كىچىك يۈزلىگەن قايغۇلىرىمىز بىر-بىرىسگە قوشۇلۇپ، ھاياتىمىزنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭغا پىدا قىلىمىز مەسلەن ...ئۆزىمىزنىڭ قايغۇلىرى يەتمىسە باشقىلارنىڭكىنىمۇ ئۈستىمىزگە ئالىمىز بەزىدە. مىللەت بويىچە قورقىمىز بەزىدە، بىر مۇنچە قورقۇنۇچلۇق نەرسىلەرنى پەيدا قىلىپ، تۆت تەرىپىمىزنى بۇ قورقۇنۇچلۇق نەرسىلەر بىلەن مۇھاسىرىگە ئالىمىز. ئائىلىمىزگە، ئىدىيەلىرىمىزگە، ياخشى كۆرگەنلىرىمىزگە دائىر قايغۇلار يارىتىپ ۋە ئۆمرىمىزنىڭ قىسقىلىقىغا، يوقلۇقىمىزغا قارىماي خۇددى ھەممە نەرسىنى كونترول قىلالايدىغاندەك، يېڭىلىشىمىز مۇتلەق بولغان بىر ئۇرۇشنى باشلىتىمىز بەزىدە .

ئەمما ھايات بەك قىسقا... ئەسلىدە تۇغۇلىشىمىزدىن تارتىپ كىچىكىپ قالغان ئىدۇق... سېكۇنت نىڭ مېڭىشىغا قاراپ باقتىڭىزمۇ؟ نىمە دېگەن ئالدىراش، نىمە دېگەن جىددىيلىك بىلەن ماڭىدۇ سېكۇنت. زامانىنى ئارقىدا قويۇپ مىنۇتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سائەتكە، كۈنگە، ھەپتىگە، يىللارغا ۋە ئۆمۈرگە ! سېكۇنت - زاماننىڭ ئىشچى چۈمۈلىسى ۋە خانىش چۈمۈلە قەۋرىنىڭ بېشىدا ساقلاۋاتىدۇ. ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھاياتلارنى كۆتۈرۈپ ئۇ يەرگە تاشلايدۇ ...

ھايات بەك قىسقا... بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە. بىر مۇنچە نەرسىنى تۈگىمەيدۇ دەپ ئويلايمىز. مەسلەن: باللىق دەۋرىمىز تۈگىمەيدۇ، مەكتەپ تۈگىمەيدۇ، ئىشلىرىمىز تۈگىمەيدۇ، خىزمەتلىرىمىز تۈگىمەيدۇ، ھۆكۈمرانلىقىمىز تۈگىمەيدۇ، پارتىيەمىز تۈگىمەيدۇ، باشلىقلىقىمىز تۈگىمەيدۇ، ھوقوقىمىز تۈگىمەيدۇ، كۈچىمىز تۈگىمەيدۇ، بايلىقىمىز تۈگىمەيدۇ ...

مانا مۇشۇنداق قىسقا ! بەزىدە << نىمە دېگەن تېز >> دېگەن سوئالنى سوراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئاخىرقى سۆزنىمۇ قىلماي، ھايات فىلمى ئاخىرلىشىدۇ.

يورۇقلۇق يوق، نۇر يوق كىنوخانىلارغا ئوخشاش... تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئۇزۇن، تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق قاراڭغۇلۇق بىزنى نەم تۇپراقلارنىڭ ئاستىدا قوچاقلايدۇ... ھاياتنىڭ قىسقىلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەرسىلەرنى قىلمىغانلىقىمىز ئاخىرقى نەپەسلىرىمىزدە ئېسىمىزگە سېلىنىدۇ .

مەسىلەن جاللات ۋە قاسساپ لەقەملىك سىلوبادان مىلوسېۋىچ... ئەگەر قەۋرىدە تىلغا جان بېرىلگەن بولسا << ھايات نىمە دېگەن قىسقا، كاشكى >> ............دەپ توۋلايتتى باشقا زالىم دوستلىرىغا...

ئاچچىقلىرىمىز، قايغۇلىرىمىز، ئىنتىلىشلىرىمىز، ئىنتىقاملىرىمىز ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئەكسىچە...

ھايات بەك قىسقا ...

# مۆنداق بىر شەخسنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى

مۆنداق بىر شەخسنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى:

مەسلىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس، چارىنىڭ بىر پارچىسى بولغان. يۆك بولماي يۆكنى ئالغان. ئۆزىنى ياقا يۇرتلاردا ئىزدىمەي، ئۆزىنى ئۆزىدە ئىزدىگەن ۋە ئۆزىنى ئۆزىدە تاپقان. خام ئىكەن كۆيگەن، پىشقان ۋە بار بولغان. بار بولۇشنىڭ سىرىنى يەشكەنلىكى ئۈچۈن خاملارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇلارنىڭمۇ بار بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا كۆيۈشتىن چېكىنمىگەن. پەقەت كاللا كۆزى بىلەن ئەمەس، يۈرەك كۆزى بىلەنمۇ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرگەن. ئۆزىنى پەقەت سۆز بىلەن ئەمەس يۈز بىلەن، كۆز بىلەن، ئۆز بىلەن ئىپادە قىلغان، ئۇرىدىغان ۋە تۇرىدىغان يېرىنى ياخشى بىلگەن، الله نىڭ ھۇزۇرىدىكى تۇرۇشنى ئاستىدىكى تۇپراقلار يېرىدىن ئوينىسىمۇ بۇزمىغان بىر شەخس.

مۆنداق بىر شەخسنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى:

ئۆز كاللىسى بىلەن ئويلاپ، ئۆز يۈرىكى بىلەن بىلگەن. جىقلىقتا بىرلىك بولغان .دوستلىرىدىن تەمە قىلمىغان، دۈشمەنلىرىدىن تىلىمىگەن. پۈتىنىڭ بىرىنى ھەقىقەتنىڭ مەركىزىگە چىك قويۇپ، يەنە بىر پۇتى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى، ھەتتا پۈتۈن كائىناتنى كەزگەن ۋە يۇتكەن ھىكمەتلەرنى، ھەقىقەتلەرنى، جەۋھەرلەرنى ئىزدەپ ئۆزىگە تارتقان بىر ماگىنىتقا ئوخشاش ئىزدەپ ئۆزىگە تارتقان >> .بىز ئادەم بولمايمىز << ئۈمىدسىزلىكنى ئېلىپ >>پەقەت بىزلا ئادەم بولالايمىز << شەخسيەتچىلىكىگە ئۇرغان. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچكە سىزىقنى تاپقان .ئادىل ۋە مۆتىدىل بولۇشنى ھايات دەستۇرى قىلغان بىر شەخس.

ۋە مۆنداق بىر بايرامنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى:

ھساپ كۈنىنىڭ ئاخىرىدا، >> ئەي ! ( پەقەت الله ۋە جەننەت بىلەن ) رازى بولغان ئىنسان، كىرگىن قۇللىرىمنىڭ

**ئارىسىغا ، ( چۈنكى جەننەتنىڭ يولى قۇللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتىدۇ ) ۋە كىرگىن جەننىتىمگە << ! دىگەن مەڭگۈلۈك خوشاللىقنىڭ بەرگەن بايرىمى.....................................**

**ئى الله ئاقۋىتىمىزنى بايرام قىلغىن، ئامىن!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!**

# تەغدىرنى خاتا چۈشەنمەڭ !

مۇشرىكلار، پەيغەمبىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشكەندە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنىۋالدۇ. مۇشرىكلار ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنىڭ >> ئۆمۈچۈك تورى بىلەن ئېتىك << ئىكەنلىكىنى، ئەگەر پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئۆڭكۈرگە كىرگەن بولسا، >> ئۆمۈچۈك تورىنىڭ << بۇزۇلىدىغانلىقىنى ئويلايدۇ ۋە ئۇ يەردىن كېتىدۇ .

ئۇ ئۆمۈچۈك بولمىغان بولسا، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا تور توقۇمىغان بولسا، الله يەنىلا پەيغەمبىرىمىزنى قوغدايتتى.

ھەر ئىنسان بەزىدە ئۆلۈم بىلەن قارىمۇ- قارشى ئۇچرىشىپ قالىدۇ، بەزىلىرى قۇتۇلىدۇ، بەزىلىرى قۇتۇلالمايدۇ.

ئۆمۈچۈك ئۆزىنىڭ خاھىشى بىلەن ئۇ تورنى توقۇدىمۇ؟ ئۆمۈچۈككە ئۇ بۇيرۇقنى قىلغان، ئۇ قالقاننى ئۇ ئىشىككە توقۇغۇزغان الله دۇر .مۇشرىكلەر ئۆمۈچۈك بار ئىشىككە كېلىپ >> : بۇ ئۆڭكۈرگە ئادەم كىرگەن بولسا، تور بۇزۇلاتتى << دەيدۇ. ئۆمۈچۈك تورىنى بىر ياغاچ بىلەن بۇزۇپ >> : ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقايلى << دېيەلەيتتى. ئەمما ئۇنداق دىمىدى. مۇشرىكلارنى ئۆڭكۈرگە كىرىشتىن توسىغان ، ئۆمۈچۈك تورى ئەمەس. تور پەقەت بىر >> سەۋەپ << ئىدى. قەلبلەرگە ھۆكۈم قىلىدىغان الله، مۇشرىكلەرنىڭ قەلبىگە >> ئۆڭكۈرگە كىرمە <<دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ ۋە ئۇ ئاجىز ئۆمۈچۈك تورىنى، پەيغەمبىرگە قالقان قىلىپ بېرىدۇ.

ھاياتتا مۇشۇنداق >> سەۋەپلەر << ئىنتايىن جىق. دائىم يۈز بېرىشى >>كېرەك << بولغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ، نىمە يۈز بەرسە يۈز بەرسۇن ھايات يەنە داۋام قىلىدۇ . ھاياتتا >> مەخپىي - ئۇچۇق << بىر نىزام بار. ۋە تۇرمۇش بۇ نىزام بويىچە داۋام قىلىدۇ.

مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ >> : دەپتەر قەلەمنى چىقىرىڭلار، ئىمتىھان بار << دىسە، بىر ئوقۇغۇچى قوپۇپ : >>مەن ئىمتىھان بېرىشنى خالىمايمەن << دىيەلمەيدۇ. ئىمتىھان ئوقۇغۇچىنىڭ خالاش خالىماسلىقىغا قارىمايدۇ. بەزىلىرى غەلىبىلىك ئۆتىدۇ، بەزىلىرى ئۆتەلمەيدۇ. ھەق يېرىنى تاپىدۇ.

الله بىر مۇسۇلماننىڭ پۇتىنى پالەچ قىلىپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ ئىسيان قىلىش ھەققى يوق، چۈنكى ئۇ بەدىنىنىڭ ئامانەتچىسى، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەقىقى ئىگىسى الله. الله دىن كەلگەن ھەممە نەرسىگە رازى بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپىدۇ.

ھايات بەزىدە كۆزىمىزگە زۇلمەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئۆتمۈشنىڭ پۇشايمانلىقلىرى، كېلەچىكىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقى- ئىنسانلارغا ياشاۋاتقان بۇ ھاياتنى زەھەر قىلىدۇ. ئىنسان ياخشىلاپ دىققەت قىلسا، ھەممىدىن جىق، پەرىشان بولغان ۋاقتىدا >> الله << دەيدۇ. بۇ سۆز بولسىمۇ ئىنساننى تەسەللى قىلىشقا يېتىشى كېرەك. پەرىشان بولۇپ ئىسيان قىلىش يېرىگە >> پەرىشان بولمىدىم، ئۈمۈدسىز بولمىدىم، ئالەملەرنىڭ رەببىگە قولۇمنى ئۇزىتىۋاتىمەن << دىيىشى كېرەك .

ھايات مۇشۇنداق. بىر ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلىمىز بىئارام بولىدۇ. ئەمما كېيىن چۈشىنىمىزكى، ھەممە ئىشنىڭ بىر >> سەۋەبى << بار.

يامغۇر، يېغىشى كېرەك، بولغانلىقى ئۈچۈن ياغىدۇ...

بوران، چىقىشى كېرەك، بولغانلىقى ئۈچۈن چىقىدۇ...

تەقدىرنى چۈشىنىشىمىز كېرەك، ئەمما خاتا چۈشەنمەسلىكىمىز كېرەك ...

# يالغۇزلۇق ۋە بوشلۇق

بىر تەرەپتە باياشات بىر جەمىيەت، ئىلگىرلىگەن، تەرەققى قىلغان، ھەشەمەتنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە ئاچلىقتىن ـ ئۇسسۇزلۇقتىن ئىڭراۋاتقان، كىچىك ياشتا ئۆلۈۋاتقان جەمىيەت. سۇبھانالله! بۇ قانداق بىر ئىلگىرلەش؟ بۇ قانداق بىر تەرەققىيات؟ سەن يە يە چوشقىدەك سەمىر، ئاندىن كېيىن ئورۇقلاشنىڭ دورىسىنى ئىزدە، يەنە بىرسى بولسا قوسقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ساڭا قولىنى ئۇزاتسۇن. لەنەت بولسۇن بۇنداق ئىلگىرلەشكە، بۇنداق تەرەققىياتقا.

سەن ماڭا:

ـ ئاستىراق ۋاقىرا سادىدا ئىكەنسەن، ھاياجانلانما، قاخشىما، بۇ ئىقتىسادنىڭ قانۇنى. بۇ بىلىمدە ئىلگىرلىگەنلىكنىڭ مۇكاپاتى، يېڭى پەن ـ تېخنىكىغا ئىگە بولغانلىقنىڭ نەتىجىسى. بۇ مەدەنىيلىك بىلەن ئىپتىدائى ۋە زاماننىڭ كەينىدە قالغانلىقنىڭ پەرقى. ـ دېدىڭما؟

قويە ئۇ سەپسەتەڭنى، دۇنيا تارىخىدىن، ئىنسانىيەتنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئاز ـ جىق خەۋىرىمىز بار. ئۇ ئىلگىرلەشنىڭ، ئۇ تەرەققىياتنىڭ، ئۇ كىبىرنىڭ قايسى تالان ـ تاراجنىڭ، قايسى قىرغىنچىلىقنىڭ، قايسى زالىملىقنىڭ، قايسى ۋىژدانسىزلىقنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. ئۇ بىلىم، ئۇ پەن ـ تېخنىكا >> قۇللارنىڭ <<قان ئىزلىرىنى توشۇۋاتىدۇ.

ئىشنىڭ ئاجايىپ تەرىپى شۇكى، شۇنچىلىك بايلىقى تۇرۇپ، باياشات جەمىيەت كىرىزىستىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. ئۆزىنى ئىچىملىككە، چېكىملىككە، ئازغۇنلۇققا ئۇرىۋاتىدۇ. ئۆزىنى ئۇرغانسىرى ھەممە تەرەپكە ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. كۈندىن كۈنگە يالغۇزلىشىۋاتىدۇ. ئىچىگە سولانغان ئىقتىسادى قەپەس، ئۇلارنى ھەر كۈنى يېڭى بىر يالغۇزلۇققا مەھكۇم قىلىۋاتىدۇ. ئائىلىلەر چېچىلىپ كەتتى. جامائەتلەر يوق بولدى .مەھەللىلەر تۇپتۇز بولدى، ئەڭ ئاخىرى ئارقا كوچىلارمۇ يوق بولدى. ياكى مۇنداق دەيلى ئىنسانلاردا ئارقا كوچىغا چىقىدىغان يۈرەك قالمىدى. قاراڭغۇ چۈشمەي تۇرۇپ ئۆيلىرىگە سولىنىۋاتىدۇ، ئىشىكنى 5 ـ 10 يەردىن قۇلۇپلاۋاتىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، ھەممىسى

بىر بىرىدىن قورقىدۇ، چۈنكى ئەر - ئايال ئۆز ئارا بىر بىرىنى ئالداۋاتىدۇ .خوجايىن ئىشچىسىنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ، قېرىلار ئىگە چاقسىزلار ئۆيگە تاشلىنىۋاتىدۇ. كوچىلار جىنايەتچىلەرگە قېلىۋاتىدۇ. ئائىلىلەر 4ـ5 ئايدا ئاجرىشىۋاتىدۇ، دادىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولمىغان باللار نىمە قىلىشىنى بىلمەيۋاتىدۇ. نەسىللەر مەنىۋى كىسەللىككە گىرىپتار بولىۋاتىدۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ چوقۇنغىنىمىز غەرب مەدەنىيتى .

ھەممە يەر يالغۇزلۇق، بوشلۇق...

بىزچۇ؟..... بىزدە ئائىلە بار، بىزدە جامائەت بار. بىزنىڭ ئېتىقاتىمىزدا، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزدە، مەدەنىيتىمىزدە >>شەخس جامائەت تەرىپىدىن ئېزىلمەيدىغان، جامائەت شەخسنىڭ زالىملىقىغا، ئاچكۆزلۈكىگە يول قويمايدىغان << بىر نىزام بار. بىز تۇققانلىقنىڭ، خوشنىدارچىلىقنىڭ، ئاچنى كۆرسەك تويغۇزۇشنىڭ، يالىڭاچنى كۆرسەك كەيدۈرىشنىڭ، ئۆزىمىزنى ئەمەس باشقىلارنى ئويلاشنىڭ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشنىڭ، مەرھەمەتنىڭ، پىداكارلىقنىڭ، مەرتلىكنىڭ، مەزلۇمنىڭ يېنىدا بولۇشنىڭ، دوستلۇقنىڭ، سۆيگۈنىڭ، ئاشىقنىڭ پەزىلىتىگە ئىشىنىمىز .

بىزدە، ئۆزى يالغۇز ئەمەس، سەپ بولۇپ جامائەت بولۇپ ئىبادەت قىلىش تېخمۇ ساۋاپلىق. ( يالغۇزلۇق الله غا خاستۇر ) بىز خوشنىسى ئاچ ئىكەن توق ياتالمايدىغانلاردىن.

بىز راستىنلام مۇشۇنداقمۇ ؟..........

بۇ سۇئالنىڭ جىق سورالغانلىقىنى بىلىمىز.

جاۋاپ يېرىگە دۇدۇقلايمىز

دىمەك كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ >> پەستە قالغاننىڭ جېنى چىقسۇن << پەلسەپەسى بىزگىمۇ يۇقۇپتۇ. ئىستىمال ئەسەبىلىكىنىڭ يىلانغا ئوخشايدىغان قوللىرى بىزنىمۇ چەمبەرچەس باغلاپتۇ.

ھوشىمىزغا كېلەيلى >> : نامرات ئەمما غورورلۇق << سۆزىنى كىچىك كۆرمەيلى. بىر ئىشنى قىلغان بولساق >>ئىماننىڭ كۈچى بىلەن قىلدىم << ئىتىقاتىدىن ئايرىلمايلى .بۈگۈننىڭ ئەتىسىمۇ بار.

يالغۇزلۇق ۋە بوشلۇق بىزگە ھارام بولسۇن، دوستلۇق ـ يولداشلىق ـ قېرىنداشلىق ـ سۆيگۈ بىزگە مەڭگۈ يار بولسۇن !!!

# ئاق ئادەم قىزىل ئادەمنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىغان بولسا

ئامېرىكا قىتئەسىنى ئىشغال قىلغان << بۇلاڭچىلارنىڭ >> گېپىنى ئاڭلىدۇق دائىم. بىز كۆرگەن << مەرگەن كىنولىرى >> بىزگە هىندىيانلارنى بىر ۋەھشى هايۋان، ياۋروپالىقلارنى بولسا مەدەنى بىر ئىنسان دەپ ئۆگەتتى. تارىخ كىتاپلىرىمۇ پۈتۈنلەي ئاق تەنلىكلەرنىڭ قەھرىمانلىقلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئەمما كېيىن ئۆگەندۇق، ئەسلىدە ئامېرىكىنى كرىستوف كولۇمبۇدىن، ئامېرىكو ۋېسپۇكى دىن بۇرۇن << كەشىپ >> قىلغان، ئۆزلىرىگە يۇرت قىلغان قېرىنداشلىرىمىز بار ئىكەن. ئۇيغار ۋە قەھرىمان دەپ بىلگەنلىرىمىز، ئەسلىدە ۋىژدانسىز بۇلاڭچىلار، كۆزى تويمىغان ئاچكۆز قاتىللار ئىكەن. ياۋايى ۋە هايۋان دەپ بىلگەنلىرىمىز ئەسلىدە يۇرتلىرىنى بۇ نۇمۇسسىز بۇلاڭچىلارغا قارشى ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە قوغدىغان ۋەتەنسۆيەرلەر ئىكەن .

تۆۋەندە ئوقۇيدىغىنىڭىز مەكتۇپ بولسا، هىندىيانلارنىڭ باشلىقى **SEATTLE** تەرىپىدىن << ۋاشىڭتون دىكى ئۇلۇغ رەھبەرگە >> يەنى **1853**ـ **1857** يىللىرىدىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى فرانكلىن پايىرس قا يېزىلغان. مانا سىلەرگە ، << ئادەم تېرىسى سويغۇچىلار >>دەپ بىلگىنىمىز ۋە بىر نەچچە خىلى چېقىراشتىن باشقا گەپ بىلمەيدۇ دەپ قارىغىنىمىز هىندىيانلارنىڭ باشلىقىنىڭ خېتى.

ۋاشىڭتوندىكى بۈيۈك رەھبەر بىزنىڭ تۇپراقلىرىمىزنى سېتىۋالماقچى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ بىر خەت يېزىپتۇ. دوستلۇقىنى ئىزهار قىلىپتۇ بۇ ئۇلۇغ رەھبەر... ئەمما بىز سىزنىڭ دوستلۇقىمىزغا ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىمىز.

كۆك يۈزىنى قانداق سېتىۋالالايسىلەر؟

ياكى ساتالايسىلەر؟

ياكى تۇپراقلارنىڭ ئىسسىقلىقىنى؟

ئاغزىمىدىن چىققان گەپلەر يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئۇلۇغ رەھبەر، بۇ سۆزلەر هېچقاچان ئۆچۈپ قالمايدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن سۆلگەنلىرىمگە ئىشىنىڭ.

هاۋانىڭ پاكىز پۇراقلىرىغا

سۇلارنىڭ جىلۋىسىگە ئىگە بولمىغان بىرسى ئۇنى قانداق ساتالايدۇ؟

مۇقەددەستۇر بۇ تۇپراقلار مەن ۋە خەلقىم ئۈچۈن...

يامغۇردىن كېيىنكى پارقىراق ھەربىر قارىغاي يوپۇرمىقى

دېڭىزنى قۇچاقلىغان قۇملۇق ساھىللار

قاراڭغۇ ئورمانلارنىڭ قويندىكى تۇمانلار

ناخشا ئېيتىۋاتقان ھاشارەتلەر...

ۋە بىلىڭكى، قىزىل تېرىلىك ھىندىيانىنىڭ ئەسلىملىرى

دەرەخلەرنىڭ ئىچلىرىگە سىڭىپ كەتكەن.

تۇپراق بىزنىڭ ئانىمىز

ۋە بىزنىڭ ئۆلۈكلىرىمىز، بۇ تۇپراقلارنى ئۇنۇتمايدۇ

كىيىك، ئات ۋە بۆركۈتلەر بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز

قىيالار، ئوتلاقلار، تايلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىللىق مېھرى ھەممىسى بىر ئائىلە

ۋاشىڭتوندىكى ئۇلۇغ رەھبەر بىزدىن تۇپراقلىرىمىزنى ئالغاندا، بۇلارنىڭ ھەممىنى بىزدىن ئالىدۇ. ئۇلۇغ رەھبەر بىزنىڭ ئاتىمىز، بىز ئۇنىڭ باللىرى بولىدىكەنمىز تېخى

ئۇلۇغ روھ خەلقىمىزنى سۆيىدۇ، ئەمما ھىندىيان باللىرىنى تاشلاپ كەتتى. ئەمدى سىلەرگە ھەر خىل ماشىنىلارنى بېرىۋاتىدۇ ۋە ئىنتايىن يېقىندا تۆپۈقسىز ياغقان يامغۇردىن كېيىن تېشىپ، ئۆيىمىزگىچە كىرگەن دەريالاردەك، ئاق ئادەملەر بۇ تۇپراقلارنىڭ ھەر بىر غېرىچ يېرىگىچە توشىدۇ. بىز يېتىم قالدۇق. چۈنكى ئاقساقاللىرىمىز ھەر خىل ھېكايىلەرنى بىزگە سۆزلەپ بېرەتتى .

بىلگەن بولساڭلار...

دەريالارنىڭ ۋە ئۆستەڭلەرنىڭ ئىچىدە ئاققان سۇلار

پەقەت سۇدىن ئىبارەت ئەمەس

ئاتىلىرىمىزنىڭ قانلىرى ئۇ.

بىلىپ قېلىڭلار، بۇ تۇپراقلارنى سىلەرگە ساتقان چېغىمىزدا

چۆللەرنىڭ پارقىراق سۇلىرىدا

خەلقىمىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنىڭ سۆزلەنگەنلىكىنى

باللىرىڭلارغا ئۆگىتىشىڭلار كېرەك

سۇلاردىن چىققان ئاۋازلار

ئەجداتلىرىمىنىڭ ئاۋازىدۇر

دەريالار قېرىنداشلىرىمىزدۇر

بۇلارنى باللىرىڭلارغا ئۇگىتىشىڭلار كېرەك.

ئاق ئادەم بىزنى چۈشەنمەيدۇ

بىلىمىز.

تۇپراق ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمەس، دۈشمىنى

ئاتىلىرىنىڭ قەۋرىلىرىنى ئارقىسىدا تاشلاپ كېتىدۇ ئاق ئادەم

تۇپراقنى باللىرىدىن ئوغۇرلايدۇ

ئاچكۆزلىكىنىڭ دۇنيانى قاپلايدۇ ئاق ئادەم

ۋە سەندىن چوڭ بىر چۆل مىراس قالىدۇ:

سەھەر تۇمانلىرى تاغلارنىڭ قارىنىدىن تۇغقان قۇياشنى كۆرىدۇ

ۋە قاچىدۇ.

ئاتىلىرىمىزنىڭ كۆللىرى مۇقەددەس تۇپراقلارغا يېيىلىدۇ. مەن ھىندىيان ۋە چۈشەنمەيمەن.

ئالدىنقى ماقالەمدە كولۇمبۇنىڭ ئامېرىكىنى "كەشپ" قىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ قىتئەنىڭ يەھۇدىلار ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم يەر ھالىغا كەلگەنلىكىنى سۆزلىگەن ئىدىم. پوتۇگالىيەلىك ۋە ئىسپانىيەلىك Concuistator لارنىڭ ئىچىدە يەھۇدىلار جىق ئىدى ۋە بۇلار كولۇمبۇنىڭ - :ئامېرىكىنىڭ يەھۇدىلار ئۈچۈن ياخشى بىر يەر - كۆز قارىشىنى ھەقلىق قىلغان ئىدى .يېڭى دۇنيانىڭ يەھۇدىلار ۋە مەسىھ پىلانى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم يېرى شىمالى ئامېرىكا يەنى بۈگۈنكى ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ئىدى. باشتا گوللاندىيە كېيىن ئەنگىلىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان شىمالى ئامېرىكا، بۇ ئىككى جاھانگىر دۆلەتنىڭ قولى بىلەن يەھۇدىلار ئۈچۈن "ياخشى بىر يەر" ھالىغا كەلگەن ئىدى.

شىمالى ئامېرىكىدىكى تۇنجى يەھۇدى ئولتۇراق رايونى گوللاندىيەنىڭ كولونىيەسى بولغان يېڭى ئامستېردام يەنى بۈگۈنكى نيۇ -يوركتا قۇرۇلغان ئىدى. ( كولونىيە- بىر ئىشغالچى دۆلەتنىڭ ئىشغال قىلغان تۇپراقلاردا قۇرغان ئولتۇراق رايونى ) ئەمما يەھۇدىلار كولونىيەگە قەدەم باسار- باسماس كولونىيەنىڭ ۋالىسى Peter Stuyvesant، بۇ يېڭى مېھمانلاردىن قورقۇشقا باشلىدى ۋە "مەركەزگە" يەنى گوللاندىيە ھۆكۈمىتىگە يەھۇدىلارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن بىر پەرمان بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما كولونىيەنىڭ ئىقتىسادى Dutch "West India Company دىگەن شىركەتنىڭ قولىدا بولۇپ، بۇ شىركەتنىڭ ئەڭ جىق پاي چېكى ياۋروپانىڭ تۇنجى كاپىتالىستىك شەھىرى بولغان ئامستېردامدىكى يەھۇدىلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن گوللاندىيە ھۆكۈمىتىدىن ۋالى Peter Stuyvesant قا قاتتىق بىر بۇيرۇق كەلدى : - يەھۇدىلار چوقۇم يېڭى ئامستېردامغا يەرلىشىشى كېرەك .

-1664يىلى ئىنگىلىزلار گوللاندىيەنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇلارنى "New Netherland" يەنى "يېڭى گوللاندىيە" دەپ ئاتالغان ئامېرىكىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە كولونىيەنىڭ ئىسمىنى "New England" يەنى "يېڭى ئەنگىلىيە" گە ئۆزگەرتتى. بۇ كولونىيەدىكى يەھۇدىلارنىڭ سانى گوللاندىيە، پورتۇگالىيە، لوندون، ئامستېردامدىن كەلگەن سەفاراد يەھۇدىلىرى بىلەن كۆندىن - كۈنگە جىقايدى-17 .ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەرقى

ياۋروپادىكى ئاشكېناز يەھۇدىلىرىمۇ ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. ئامېرىكىدىكى يەھۇدىلار بۇرۇنقىدەكلا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى .ئامېرىكىدىن ياۋروپاغا خام ئەشيا توشۇپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ تەكرار ئامېرىكىغا ئەكىلەتتى. بەزىلىرى قۇل سودىسى قىلاتتى. شىمالى ئامېرىكىدىكى يەھۇدىلارنىڭ كۆچىيىشى بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يەھۇدىلارمۇ شىمالى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىدى. يېڭى دۇنيا باشتىن بېرى يەھۇدىلار ئۈچۈن "ياخشى بىر يۇرت" بولدى. ئەمما كابالاچىلارنىڭ مەخستى يەھۇدىلارنىڭ پەقەت ئىقدىسادى جەھەتتىنلا كۆچلىنىپ خاتىرجەم، باياشات ياشىشى ئەمەس ئىدى. مەخسەت "مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىشى" ئارقىسىدىن يەھۇدىلارنىڭ باشقۇرىشىدىكى بىر "دۇنيا ئىمپېرىيەسى" قۇرۇش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نىملەرنى قىلىش كېرەك؟

كابالاچىلار مەسىھنىڭ كېلىشىنىڭ بىرىنجى باسقۇچى بولغان يەھۇدىلارنى دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە يېيىش شەرتىنى ئورۇنلىغان ئىدى. ئەمدى 2 ـ باسقۇچ بولسا "ۋەدە قىلىنغان مۇقەددەس تۇپراقلارغا" يەنى پەلەستىنگە قايتىش ئىدى .يەھۇدىلار ئىقدىسادى جەھەتتىن كۈندىن ـ كۈنگە كۆچلەنگەن بولسىمۇ، "مەسىھ پىلانىنى "ئورۇنلاش ئۈچۈن يېتەرلىك سىياسى كۆچى يوق ئىدى. بۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن:

" .1ۋەدە قىلىنغان تۇپراقلار" نىڭ يەھۇدىلارغا تەۋە ئىكەنلىكىنى قەتئي رەت قىلغان كاتولىك چېركاۋلىرىنى ئوتتۇرىدىن يوقىتىشى كېرەك ئىدى.

" .2ۋەدە قىلىنغان تۇپراقلار"نى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ كونترولىدىن چىقىرىشى كېرەك ئىدى.

.3پۈتۈن بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغان تەقدىردىمۇ، يەھۇدىلارنى پىداكارلىق بىلەن ئۇ تۇپراقلارغا جايلاشتۇرىدىغان، دائىم ئۇلارنىڭ يېنىدا بولىدىغان ۋە ھەر ۋاقىت ئۇلارنى قوللاپ ـ ياردەم قىلىدىغان بىر "قوغدىغۇچى" غا ئېھتىياجى بار ئىدى.

يۇقۇرىدىكى 3 شەرتنىڭ 2 سىنى كابالاچىلارنىڭ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى 1.ۋە 2. ماقالەمدە قىسقىچە سوزلىگەن ئىدىم. ئەمدى 3 شەرتى بولغان "مەسىھ پىلانىغا" ياردەم قىلىدىغانلار توغرىلىق ئازراق توختىلايلى. كابالاچىلارنىڭ كىچە ـ كۈندۈز تۈزگەن پىلانلىرى بويىچە "مەسىھ پىلانىغا" ئەڭ چوڭ ياردەم قىلىدىغان دۆلەت ئامېرىكا

بولىشى كېرەك ئىدى. سەۋەبى بۇ دۆلەتنىڭ پۇرتەنلەر تەرىپىدىن قۇرۇلىشى ئىدى .

"ئەخلاق ۋە پەلسەپەسى تەۋرات بىلەن پۈتۈنلەي

ئۇيۇشقان پۇرتەنلىك- ئىنگىلىز يەھۇدىلىكى

دەپ ئاتالغان ئىدى" - - - ئۇنىۋېرسال يەھۇدى قامۇسى

ئەنگلىيەدە 1600- يىللاردا يېڭى بىر مەزھەپ پەيىلىشقا باشلىدى **William Tyndale** .ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن قۇرۇلغان بۇ مەزھەپ، پروتېستان ئىتىقاتىنىڭ تېخىمۇ رادىكال ھالغا كەلگەن شەكلى بولۇپ، پۇرتەن مەزھىپى دەپ ئاتالغان ئىدى .پۇرتەنلەر يالغۇز پاپاغا ئەمەس **Protestan Anglikan** چېركاۋىغىمۇ قارشى چىقىشقا باشلىدى. بۇ يېڭى مەزھەپنىڭ ئەڭ دىققەت تارتىدىغان يېرى، لىيۇتىر ۋە كەلۋىن باشلاتقان "كونا ئاختىقا قايتىش - تەۋراتقا قايتىش" ھەركىتىنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ تېخىمۇ رادىكال بىر تۈس ئالغۇزغان ئىدى. ۋە تەۋرات بۇلارنىڭ ئىتىقاتىنىڭ ئاساسى مەنبەسى بولغان ئىدى. تەۋراتقا ئىشىنىش يەھۇدىلارغا ئىشىنىش دىمەكتۇر.( بىز مۇسۇلمانلارمۇ تەۋراتقا ئىشىنىمىز. مېنىڭ دىمەكچى بولغىنىم، ئۆزىنىڭ دىنى كىتاپلىرىنى تاشلاپ، يەھۇدىلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قىلىنىپ ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن تەۋراتقا ئىشىنىشكە باشلىغان خىرىستىيانلار) تەۋراتتا يەھۇدىلار "تاللانغان مىللەت "دەپ ئاتالغان ئىدى ۋە پۇرتەنلەر بۇنىڭغا شەرتسىز قوشۇلدىن. پۇرتەنلەر يەھۇدى دىنىغا ئىنتايىن ھەۋەس قىلاتتى. ئۆزلىرىنى يەھۇدىلارغا ئوخشىتىشقا تىرىشاتتى .يەھۇدى قامۇسىدا مۇنداق دەيدۇ:

- پۇرتەنلەر **Judiazers** دەپمۇ ئاتىلاتتى .مەنىسى- يەھۇدىچىلار. ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىمالى ئاتلانتىك رايونىنىڭ كۆچىيىشى بىلەن بىللە، يەھۇدىلاشما ھەركىتى باشلىنىشقا باشلىدى. بۇ ئىبرانى تىلىنى ئىشلىتىش ۋە ئاساسى قانۇنىنىڭ تەۋراتقا باغلىنىشىغىچە يېتىپ باردى .پۇرتەنلەر باللىرىغا **Abraham,** **Samuel, Amos, Sarah, Judith.....**قاتارلىق ئىسىملىرىنى قويۇشقا باشلىدى . -

ئىنگىلىز يازغۇچى Edward Dowden مۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

-پۇرىتەنلىك- ئەنگىلىيەنىڭ قەلبىگە ۋە روھىغا تەۋراتنىڭ تارتىشماس داھىلىقىنى سىڭدۈردى. -

ئەمما پۇرىتەنلەرنىڭ بۇ رادىكال ئىدىيەسىگە ئەنگىلىيە پادىشاسى قارشى چىقتى ۋە پۇرىتەنلەر ئېغىر سىياسى بېسىم ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن 1620- يىلى 2 چوڭ پۇرىتەن گۇرۇپپىسى ئەنگىلىيەنى تەرك ئەتتى. بىرى يېڭى دۇنيانىڭ شىمالىغا يەنى ئامېرىكىغا كەتتى ۋە بۇ يەردە ئىنتايىن چوڭ بىر كولونىيە قۇردى. يەنە بىر گۇرۇپپا ئامستېردامغا كەتتى .قالغانلىرى ئەنگىلىيەدە قېلىپ كۈرەش قىلىشقا بەل باغلىدى. كېيىن بىرلىشىپ New Model Armyدەپ بىر ئارمىيە قۇردى ۋە كۈندىن كۈنگە كۈچىيىپ 1649- يىلىغا كەلگەندە، پادىشاھ Lord Charlesنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئەنگىلىيەنىڭ ھاكىمىيتىنى قولىغا ئالدى Oliver Cromwell . ئىسىملىك ياش بىر ئەسكەر ئەنگىلىيەنىڭ پادىشاسى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەنگىلىيە بىر "پۇرىتەن جەننىتى" ھالىغا كەلدى.

-1620يىلى ئەنگىلىيەدىن ئايرىلىپ ئامېرىكىغا كەلگەن پۇرىتەنلەر، Massachusettsرايونىغا كەتتى، ئۇ يەردە چوڭ بىر كولونىيە قۇردى. پۇرىتەنلەر قۇرغانى Massachusettsكولونىيەسى، بۈگۈنكى ئامېرىكىنىڭ يادروسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن كولونىيە ئىدى .....!بۈيۈك بېرىتانىيە قامۇسىنىڭ ئىنگىلىزچە نەشرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

-ياۋروپانىڭ ئامېرىكا قىتئەسىدە قۇرغان كولونىيەلەر تارىخىدا، ھېچبىر كولونىيە Massachusetts كولونىيەسى يەتكەن بايلىق سەۋىيەسىگە يېتەلمىدى. كولونىيەنى قۇرغان پۇرىتەنلەرنىڭ مەخسىتى ئامېرىكىنىڭ چەك-چېگرىسىز تۇپراقلىرىدا بىر Zion يارىتىش ئىدى. پۇرىتەن مىراسى، شەك-شۈبھىسىز ئامېرىكان روھىنىڭ مەنبەسى بولدى .
- Zion)يەھۇدى ئىتىقاتىدا ھەزرىتى داۋۇتنىڭ قۇرغان شەھىرى، ھەزرىتى داۋۇت ۋە ئوغلى ھەزرىتى سۇلايماننىڭ سەلتەنەت زامانى يەھۇدىلارنىڭ تارىختىكى ئەڭ كۈچەيگەن ۋە بىر دۇنيا ئىمپېرىيەسى قۇرغان زامانى ئىدى. كېيىن بۇلار يەر يۈزىدە ھەقسىز زۇلۇملارنى قىلغانلىقى ۋە پىتنە-پاسات چىقارغانلىقى ئۈچۈن- خۇددى ھازىرقىدەك - الله

بۇلارنىڭ ئۈستىگە رىم ئىمپىريەسىنى ئەۋەتتى ۋە يەھۇدىلارنىڭ ئەسىرلەرچە سۈرگەن سەلتەنەتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلىدى. ئۆي-ئۆي ئاختۇرۇپ كىرىپ، كۆزىگە كۆرۈنگەن پۈتۈن يەھۇدىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇلارنىڭ 2000 يىللىق سەرگەردانلىقى باشلىدى. "مەسىھ پىلانى" مۇشۇ كونا سەلتەنەتنى قايتىدىن تىكلەش ئۈچۈن تۈزگەن پىلان بولۇپ، تەۋراتتا كەلگۈسىدە ھەزرىتى داۋۇتنىڭ نەسلىدىن بىر مەسىھ كېلىپ يەھۇدىلارنىڭ سەلتەنەتىنى قايتا تىكلەيدۇ دەپ يېزىلغان. يەھۇدى دىنى-مەسىھ ئېتىقاتىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بىر دىن Zion .نىڭ يەنە ئەڭ ئاخىرقى شەھەر دىگەن مەنىسىمۇ بار. يەھۇدىلار ئېرۇسالىمنى Zion دەپمۇ ئاتايدۇ. ئېسىڭلاردا باردۇ، بۇنىڭدىن 2-3 يىل بۇرۇن چىققان ئامېرىكا فىلمى Matrix تە ئىنسانلار ياشىغان ئەڭ ئاخىرقى شەھەرنىڭ ئىسمى Zionئىدى ۋە كىنودىكى باش قەھرىمان Neoدەل مەسىھ رولىنى ئوينىغان ئىدى. بۇ كىنونى كۆرگەنلەر" مەسىھ پىلانى"نىڭ كۈنىمىزگىچە قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىنتايىن ئوچۇق بىلىۋالالايدۇ. كىنونىڭ خەنزۇچە ئىسمى hei an shi jieغۇ دەيمەن. ئىشقىلىپ WB شېركىتى ئىشلىگەن كىنو ئىدى. ئەجىبا Wachowisky قېرىنداشلارنىڭ بۇ كىنونى ئىشلەشتىكى مەخستى نىمە ئىدى؟(

ئىنگلىز يازغۇچى Karen Armstrong نىڭ - holy war" مۇقەددەس ئۇرۇش" دىگەن كىتابىدا مۇنداق يازىدۇ:

پۇرىتەنلەر يېڭى دۇنيادىكى كۆرەشلىرىنى تەۋراتتىكى يەھۇدىلارنىڭ كۆرەشلىرىگە ئوخشىتاتتى. بۇ سەۋەپ بىلەن كولونىيەنى "ئىنگلىز كەنان" دېيىمۇ ئاتايتتى. كەنان تەۋراتتا پەلەستىن تۇپراقلىرىغا قويۇلغان ئىسىم ئىدى. تەۋراتتا دىيىلىشچە، كەنان پەقەت يەھۇدىلارغا ئائىت تۇپراقلار ئىدى. بۇلار ئامېرىكىدا قۇرغان يېڭى شەھەرلىرىگە Hebron, Salem, Bethlehem, Zion ve Judeaقاتارلىق يەھۇدى ئىسىملىرىنى قويۇشقا باشلىدى .

"يەھۇدىلار كەنان خەلقىنى ( پەلەستىن خەلقى ) قانداق

يوق قىلغان بولسا، Massachusettsكولونىيەسىدىكى

ئىسرائىل ئوغۇللىرى ھىندىيانلارنى شۇنداق يوق

قلدیThomas Gossett ـ ـ ـ "

تەۋراتتا مۆنداق ئايەتلەر بار ئىدى:

ـئەي كەنان، پەلەستىنلىكلەر دىيارى، رەببىڭىزنىڭ سۆزى سىلەرگە قارشىدۇر، سىنى يوق قىلىمەن، ۋە سەندە ياشىغان ھىچكىم قالمايدۇ / Tsefenya, Bab 2/5 ) .تەۋرات (

يەنە بىر ئايەت : ـ ۋە ئاللاھ ئۇلارنى سىنىڭ قولۇڭغا بەرگەن چىغدا ) پەلەستىنلىكلەرنى) ، پۈتۈن ئەركەكلىرىنى ئۆلتۈرسەن، ئاياللىرىنى، باللىرىنى، ھايۋانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ شەھرىدە بولغان ھەممە نەرسىنى تالان ـ تاراج قىلىسەن، ۋە ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن دۈشمەنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەيسەن، ئاللانىڭ ساڭا مىراس قىلىپ بەرگەن بۇ شەھىرىدىكى نەپەس ئالغان ھىچكىمنى ساق قويمايسەن، كەنان خەلقىنى ) پەلەستىنلىكلەرنى ) ئاللانىڭ ساڭا ئەمىر قىلغىنى بويىچە پۈتۈنلەي يوق قىلىسەن / Tesniye, Bab 20/10ـ17 ) .تەۋرات (

تارىختىكى ئەڭ چوڭ قىرغىنچىلىقلاردىن بىرى بولغان ھىندىيان قىرغىنچىلىقى، بۇ ئايەتلەر يۈزىدىن ئېلىپ بېرىلدى. چۈنكى يەھۇدىلارنىڭ نەزىرىدە ھىندىيانلارنىڭ كەنان خەلقىدىن بىر پەرقى يوق ئىدى" .تەڭرىنىڭ تاللانغان خەلقى" نىڭ ئالدىغا چىققان ھەرقانداق توسالغۇ، مانا بۇ ئايەتلەر بويىچە ئەڭ ۋەھشى شەكىلدە يوق قىلىنىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى تەڭرىنىڭ نەزىرىدە ئۇلار گۇناھ قىلسۇن قىلمىسۇن ئوخشاش ئىدى، ئۇلاردىن ھىساپ سورالمايتتى .

يازغۇچىNoam Chomsky ، "يىل 501 ـ ئىشغال داۋام قىلىۋاتىدۇ" دىگەن كىتابىدا :

New England ـدىكى 2 چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ بىر 1637ـ يىلىدا Pecuot" قەبىلىسىنىڭ يوق قىلىنىشى بولدى. پۇرىتەنلەر ئېلىپ بارغان بۇ قىرغانچىلىقلىرىدىن پەخىرلىنىپ مۇنداق دەيدۇ : ـ بەر يۈزى جەننىتىدىن تەڭرى نەپرەت قىلىدىغان بۇ Pecuot ھىندىيانلىرى تازىلاندى. شۈكۈرلەر بولسۇن، ئەمدى Pecuot ئىسمى بولغان

ھېچكىم قالمىدى ـ . قەتلىئامنى قىلغان پورتېنلەر بۇ قەتلىئاملارنى پوتۇنلەي دىنى رەھبەرلەرى ۋە يەھۇدىيلارنىڭ قوماندانلىقىدا قىلاتتى. ئەركەكلىرى، ئاياللىرى، باللىرى تەۋراتنىڭ ھۆكۈمى بويىچە قىرغىن قىلىناتتى، ئۇلارنى چوڭ ئوت قازانلىرىنىڭ ئىچىگە سېلىپ تىرىك پىشۇراتتى. ۋە بۇ قىلغانلىرى ئۇچۇن " ئۆزلىرىنى تەڭرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى" دەپ قارايتتى .

بىر نەچچە يىلدىن كېيىن نيۇ-يوركتىكى ھىندىيانلار قىرغىن قىلىنىشقا باشلىدى. **1643**ـ يىلى جەنۇبى مانخاتتان دا گوللاندىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان قىرغىنچىلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئىككى كىشى **David** ۋە **Vries** مۇنداق دەپ يازىدۇ ئەسلىملىرىدە:

ـئەسكەرلەر ئىنتايىن جىق ھىندىياننى ئۇلار ئۇخلاۋاتقان كېچىدە كېلىپ ئۆلتۈردى .ئانىسىنىڭ قويىندىن تارتىپ ئېلىنغان بوۋاقلار قېلىچ بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆزى ئالدىدا پارچە-پارچە قىلىنىۋاتاتتى، بوۋاقلارنىڭ پارچىلىرىنى ئوتقا تاشلاۋاتاتتى، بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىڭ باشلىرى يەنجىلىۋاتاتتى، كىچىك بەدەنلىرى تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئەڭ تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ كۆزىدىن ياش كەلگۈدەك بىر ۋەھشىلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. بەزى بوۋاقلارنى دەرياغا ئاتتى، ئاتا ـ ئانىلىرى چىدىماي ئارقىسىدىن سۇغا سەكرىدى. ئەمما ئەسكەرلەر ئۇلارنىڭ قىرغاققا چىقىشىغا يول قويمىدى .شۇنىڭ بىلەن ھەممىسى بوغۇلۇپ ئۆلدى .

ئامېرىكىنىڭ ئاساسى، كۆكى، ياروسى، مانا مۇشۇنداق قاتىل يەھۇدى، پورتېنلەردىن مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۇچۇن قۇرۇلۇپ ھازىرغىچە قەتلىئامسىز ئۆتكەن بىر كۈنىمۇ يوق.

"ئامېرىكىغا تەۋە بولۇش بىلەن يەھۇدىلىككە تەۋە
بولۇشنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، يەھۇدى
روھى تەرەققىياتتۇر ۋە تامامەن ئامېرىكىلىقتۇر"
**Louis D. Brandeis**

"تەڭرى ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا تارىخ بويىچە قانداق

رەھبەرلىك قىلغان بولسا، ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرىغىمۇ

شۇنداق رەھبەرلىك قىلمىشتۇر "

Thomas Jefferson ، ئامېرىكىنىڭ 3 ـ زۇڭتۇڭى

ئۇنىۋېرسال يەھۇدى قامۇسى The United States قىسمىدا مۇنداق دەيدۇ:

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بۇ جۇمھۇرىيەتنى بەرپا قىلىشتا ئىبرانى مۇقەددەس كىتاپلىرى ئەڭ مۇھىم رول ئوينىدى .بولۇپمۇ پۇرىتەنلەر پەلسەپەسنى تەۋراتقا ئاساسەن شەكىللەندۇردى. ئەملىيەتتە پۈتۈن New Englandكولونىيەلىرى تەۋراتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. 1655 ـ يىلى تۈزۈلگەن (New Haven Code of Laws ـ يېڭى قانۇن تۈزۈتۈش) نىڭ 79 ماددىسىنىڭ يېرىمىدىن جىقى ئىبرانى مۇقەددەس كىتاپلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ تۈزۈلدى.ئامېرىكىنىڭ يېڭى قۇرۇلغان چاغدىكى تاشقى سىياستى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارلاشماسلىق ئىدى .ئەمما بىر شەرت مۇستەسنا، باشقا دۆلەتلەردىكى يەھۇدى مەسلىسىدە دائىم يەھۇدىلارنى قوللاش.

يەھۇدى دىنىدا بولغان ئىنتايىن جىق ئامىل ئامېرىكان روھىغا تەسىر قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا ئاشكارا بىر يەھۇدىلىششكە قاراپ يۈزلەندى، يەھۇدى پەلسەپەسى ئامېرىكىنىڭ قەلبىگە ھوجۇم قىلدى ۋە ئامېرىكا ئۇنى شەرتسىز قۇبۇل قىلدى، ئۇنىڭغا تەسلىم بولدى!.......... يەھۇدى ئىتىقاتى ۋە پەلسەپەسى ئامېرىكىنىڭ ئۇل تېشى بولدى...

بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخ ماسونلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، بۇ ماقالەمنى بۇ يەردە توختۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇم. كىم بۇ ماسونلار؟ بارلىقى 1986 ـ يىلى ئوتتۇرىغا چىققان بۇ سىرلىق يەھۇدى گۇرۇھلار

ھەققىدە ئىنشائاللاھ يات يېقىندا بىر ماقالە يازىمەن. اللە ھەممىمىزنى سالامەت قىلسۇن!!!

# ئۆچقۆچى تاغا

==========ئۆچقۆچى تاغا==========

( =====ئىراقتىكى بالىلارغا========== )

==========ئىنسانلار نىمە دىگەن مەدەنى

==========قېلىچى بىلەن يۈرەكلەرنى پارچىلىمايدىكەن بۇرۇنقىدەك

==========ئۆلتۈرگەنلىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىمايدىكەن بۇرۇنقىدەك

==========ئاڭلىمايدىكەن پەريات ئاڭلىمايدىكەن پىغان بۇرۇنقىدەك

==========ئۆچقۆچى تاغا قاتتىق ۋاقىرىسام مېنى ئاڭلامسەن

==========مەسىلەن قوللىرىمنى پارچىلىغان چېغىڭدا

==========ياكى بومبىلىرىڭ پۇتلىرىمنى ئۈزۈۋەتكەن چاغدا

==========ئاۋازىمنى ئاڭلامسەن .

==========مېنىڭ يۈرىكىمنى پارە پارە قىلىۋاتقان چېغىڭدا،

==========ئاۋازىم، سېنىڭ يۈرىكىڭنى ئاغرىتامدۇ.......!

==========ئۆچقۆچى تاغا، نىمە دىگەن چىرايلىق ئايروپىلانلىرىڭىز بار،

==========نىمە دىگەن چىرايلىق بومبىلارنى ئاتىسلەر ئۈستىمىزگە،

==========نىمە دىگەن چىرايلىق پارچىلايسىلەر بىزنى.

==========سەنمۇ ئۆلۈمنى كۆتۈپ باقتىڭمۇ چارىسىزلارچە

==========سېنىڭمۇ قوللىرىڭ ئۈزۈلدىمۇ

==========پەقەت كۆرۈپ باقمىغان پەقەت كۆرەلمەيدىغان

==========بەلكى، ئىسسىق چىراي ئۆچقۇچىلار تەرىپىدىن

==========ئاچلىق نىمە، ئۇسسۇزلۇق نىمە بىلمەن،

==========ئۇنداقتا، قىرغىن نىمە دىگەن گەپ تاغا

>> ==========جەسەتخانىدا بوش يەر قالمىدى << نىمە دىگەن گەپ.........!

==========سىنىڭ ئايروپىلانىڭدا بوش يەر بارمۇ تاغا

==========بالاڭنىڭ رەسىمىنىڭ يېنىغا

==========مېنىڭمۇ كاللامنى قويساڭچۇ تاغا ..........!

==========قوللىرىنىڭ نىمە دىگەن پاكىز ئۆچقۇچى تاغا

==========يۈرىكىڭدەك كىر ئەمەسكەن.................!

ئەھمەت ئۈنال چام يازغان

# يېڭى دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ شەپلىرى

دىققەت قىلدىڭىلارمۇ، **11** ـ سېنتەبىردە كونۇپكىسى بېسىلغان دىنلار ئۇرۇشى باشلىدى. بۇ ئىشتا يەھۇدىيلارنىڭ قولى بارلىقىغا دائىر بىر مۇنچە يىپ ئۇچى بار ( بولۇپمۇ **MOSSAD** ). يەھۇدىيلار ئىككى چوڭ دىننى بىر ـ بىرى بىلەن تالاشتۇرۇپ، ھەم يۈزلەرچە يىل يەھۇدىيلارنى خارلىغانلىقىنىڭ ئىنتىقامىنى خىرىستىيانلاردىن ئېلىۋاتىدۇ، ھەم مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلىتىپ << ۋەدە قىلىنغان تۇپراقلارغا >> قايتىدىن ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىۋاتىدۇ .

پۈتۈن ئىش پىلانلانغىنى بويىچە كېتىپ بارىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ كونتروللۇقىدا دۇنيانى باشقۇرىۋاتقان << مەخپىي دۇنيا دۆلىتى >> ، بىر << مەدەنىيەتلەر ئۇرۇشى >> چىقىرىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. **11** ـ سېنتەبىر بىلەن بۇ كونۇپكا بېسىلدى. ئىسپانىيە ۋە لوندوندىكى پارتلىتىشلار بىلەن تېخىمۇ جىددىلەشتۈردى. فىرانسىيەدىكى ئىسيان بىلەن سىناپ باقتى، ۋە ئەڭ ئاخىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىملىرى بىلەن پىلتىسىغا ئوتنى ياقتى. بۇ رەسىملەر تەسادىبى ئەمەس، زاكاز قىلىندى. ئەمدى ئارقىغا قايتىش يوق !!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!!

ئەپسۇس، بۇ ئۇرۇش ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باشلايدۇ، ۋە مىڭلارچە ئەپسۇس، نەچچە مىليارت ئىنسان **5 ـ 10** مىليونلۇق بىر دۆلەتنىڭ ( ئىسرائىلىيە ) قولىدا ئويۇنچۇق بولدى. يەھۇدىيلارنىڭ زور تەسىرى بىلەن ۋە مۇكەممەل جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى بىلەن ياۋروپادا غايەت زور بىر ئىسلامغا قارشى ئېقىم ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى ۋە بۇ ئىسلام دۇنياسىدا ئەينى زورلۇقتا بىر قارشىلىق جاۋاپ بېرىلدى. ئىرانغا ئوخشاش بىر مۇسۇلمان دۆلەتنىڭ تېخى ياسىيالمىغان يادرو قوراللىرى باھانە قىلىنىۋاتىدۇ ئەمما ئىسرائىلىيەنىڭ **200** تال يادرو قۇرالى ۋە راكېتالىرىنى كۆرمەسلىككە سېلىۋاتىدۇ. قانداق بولۇپ مىليارتلىغان ئادەم كىچىك بىر دۆلەتكە ئەسىر بولۇپ ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟ ئەسلى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك!!!!!!!!!

ئۇ كىچىك ئاتالمىش دۆلەت، پۈتۈن مەملىكەتلەرنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانلارنى قانداق تەسىرى ئاستىغا ئېلىۋېلىشنى

ۋە باشقۇرۇشنى بىلىۋاتىدۇ. بۇنى قانداق قىلىۋاتىدۇ؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟؟ بۇنى ئويلىنىش كېرەك !!!!!!!!! ئەلۋەتتە، قولىدىكى ئەڭ چوڭ كۈچ ئاخبارات ( رادىئو، تېلېۋىزىيە، گېزىت ژورنال ۋە ئەقلىڭىزگە كەلگەن ھەممە نەرسە ). قاراپ بېقىڭلار كۈنىمىزدىكى زور ئۆلۈملەرنى، قالايمىقانچىلىقلارنى ئاخبارات ۋاستىلىرى باشلىتىۋاتىدۇ ۋە كۈشكۈرتىۋاتىدۇ. بىر ئۆلگە : مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ رەسىملىرى ..........................................

# جەمئەتنى خاراپ قىلىدىغان خەتەر – مەنىۋى چۆكۈش

دىن ئەخلاقىدىن يىراقلاشقان جەمىيەتلەردە  ئەخلاقى ۋە ئائىلىۋى تۇيغۇلار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوقىلىشقا باشلايدۇ. ياخشىلىق  ۋە يامانلىق ئۆلچەملىرى پەقەت شەخسى مەنپەئەت ۋە ئارزۇلار ئاساسىدا شەكىللىنىشكە  باشلايدۇ. بۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پارىخورلۇق، ئوغرىلىق، خىيانەتچىلىك، ساختىپەزلىك، دىننى سۈيئىستىمال قىلىش... قاتارلىق ئەخلاقتا ئۇيغۇن بولمىغان ئىش - ھەرىكەتلەر يېيىلىپ ئەۋج ئېلىپ، بىر دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە، مىللى پۈتۈنلىكىنىڭ ئاساسىغا << پالتا چاپىدىغان >> ئاساسلىق تەھدىت ھالىغا كېلىدۇ.

بىر مىللەتنى بىر يەردە تۇتقان، دۆلەتنى كۈچلۈك قىلغان ئەڭ مۇھىم ئامىللاردىن بىرى بولسا، مەنىۋى قىممەتلەر ۋە دىن  ئەخلاقىدۇر. ئۆتمۈشى ۋە مەدەنىيىتى قانچىلىك كونا بولسا بولسۇن، مەنىۋى ۋە دىنى  جەھەتتىن ئاجىزلىشىش - جەمىيەتتە ئەخلاقى چۆكۈشنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى، قالايمىقانچىلىقلار ۋە ئىسيانلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى، ئارقىدىن بۆلۈنۈشنى ۋە  ھالاك بولۇشنى مۇقەررەر ھالغا ئەكىلىدۇ. چۈنكى تارىخ، كۈچلەنگەن، گۈللەنگەن،  بايلىققا ئېرىشكەن ئەمما مەنىۋى جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن << ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلغان >> مىللەتلەرنىڭ مىساللىرى بىلەن  تولغاندۇر.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىختا سانسىزلىغان تەھدىت ۋە قىيىنچىلىقلارغا قارىماي پۇت دەسسەپ تۇرالىشى، بىر - بىرىدىن كۈچلۈك 16 ئىمپىراتورلۇق قۇرۇپ مىليونلىغان ئىنسانلارغا ۋە يۈزلىگەن مىللەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق  قىلالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولسا، تۈركىي مىللەتلەرنىڭ مەنىۋى  تۇيغۇلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت  بەرگەنلىكىدىندۇر .

بىر مىللەتكە تەۋە بولغان  ئىنسانلارنى بىر بىرىگە باغلايدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىل بولغان ئورتاق ئەخلاقى  تۇيغۇلار

بولسا ـ ئۇ مىللەتنىڭ، ئائىلە، ئەخلاق ۋە دۆلەت تەشكىلىنىڭ داۋاملىششىغا تۈرتكە بولىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ئامىللاردىن بىرىدۇر. دىن ئەخلاقى بولمىغان ياكى دىن ئەخلاقىدىن يىراقلاشقان جەمىيەتلەردە، ئائىلە، ئەخلاق ۋە دۆلەت ئۇقۇملىرى ئاستا ئاستا يوقىلىشقا باشلايدۇ ۋە ھالاك بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. بىر دۆلەتنىڭ پۈتىشىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەپلەردىن بىرى بولسا مەنىۋى جەھەتتىن چىرىكلىككە قاراپ مېڭىش.

مەنىۋى كۈچ شۇنچىلىك مۇھىمكى، بىر مىللەتنىڭ سىياسي داۋالغۇشلاردىن ساق سالامەت ئۆتىشى، سىرتتىن كېلىدىغان بىر ھۇجۇم ياكى تاجاۋۇزغا قارشى بەرداشلىق بېرەلىشى ۋە پۈت تىرەپ تۇرالىشىدا شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى كۈچى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە دىنى ۋە مىللى تۇيغۇلىرى ئاجىز بولغان ياكى دىنسىز بولغان مىللەتلەر، تارىخ سەھنىسىدە ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ ۋە بارا بارا ئاستىلماتسىيە بولۇپ كېتىدۇ. بۇ سوتسىئال ھەقىقەت، تارىخ بويىچە دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ ۋە دىنى تۇيغۇلىرى كۈچلۈك بولغان دۆلەتلەر دائىم ھاياتىغا داۋام قىلىدۇ، باشقىلىرى بولسا تۈگمەس جەڭگى ـ جېدەللەر، قالايمىقانچىلىق، ئاجىزلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئىسيانلار ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ. ئۇنداقتا بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟

*دىن ئەخلاقىدىن يىراقلاشقان بىر جەمىيەتتە، ئۆلى ئېتىقادسىزلىق ئۇستىگە قۇرۇلغان كۆز-قاراشلار ھۆكۈمران بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان خاتا ۋە دوگما پىكىر ـ ئىدىيەلەر يېيىلىدۇ. ئىنسانلار ئۆز كىملىكلىرىدىن ۋە ئورتاق كىملىكلىرىدىن يىراقلىشىدۇ. ئاساسى ئاتېئىزىم ۋە دىنسىزلىق ئۇستىگە << قوندۇرۇلغان >> ماتېرىئالىزىمغا ئوخشاش پەلسەپەلەر ۋە باشقا باتىل ئىدىئولوگىيەلەر، ئۇ جەمىيەتنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش قاپلايدۇ. قىسقىسى، بۇنداق بىر جەمىيەتتە، دىن ئەخلاقىنىڭ يوقلىقىدىن مەيدانغا چىققان بوشلۇقنى بۆلگۈنچى ۋە بۇزغۇنچى پىكىر ـ ئىدىيەلەر تولدۇرىدۇ.

*دىن ئەخلاقىدىن يىراقلاشقان جەمىيەتلەردە، ئىنسانلارنىڭ، ياخشىلىقنى يامانلىقتىن ئايرىش چۈشۈنچىلىرى يوق بولۇشقا باشلايدۇ. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئۇقۇملىرى، شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئارزۇلارغا ئاساسەن شەكىللىنىدۇ.

شۆبھىسىزكى، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ھالدۇر!. چۈنكى، بىر ئادەم يامان ئىش قىلغىنىدا، جەمىيەت تەرىپىدىن ئەيىپلەنمەيدىغانلىقىنى، ۋە جەمىيەت تەرىپىدىن چەتكە قېقىلمايدىغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا، يامان ئىش قىلىشتىن يانمايدۇ .بۇلارنىڭ << ئەگرى مەنتىغى >> بويىچە، ئوغرىلىق، پاھىشلىك، پارىخورلۇق، ئۆز مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش توغرا ئىش. ئەمما چىن قەلبىدىن ئىمان ئېيتىپ، الله دىن سەممىي ھالدا قورققان ۋە دىن ئەخلاقى بويىچە ياشىغان بىر كىشى، توغرا بولۇشنىڭ، خۇشخۇيلۇقنىڭ، ۋەتىنىنى، مىللىتىنى الله ئۈچۈن سۆيۈشنىڭ <<ياخشى>> ، پاھىشۋازلىقنىڭ، زۇلۇمنىڭ، پارىخورلۇقنىڭ، قېرىنداشلىرىغا زۇلۇم قىلىشنىڭ << يامان >> ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ۋە ھاياتىنى بۇ بويىچە ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىدۇ. دىن ئەخلاقى ـ ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى يارىدەملىشىش، دوستلۇق، ئادالەت، پىداكارلىققا ئوخشاش ئىسىل خىسلەتلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي مەنبەسىدۇر. دىن ئەخلاقىدىن ئايرىلغان بىر جەمىيەتتە بۇلارنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس، بولسىمۇ مەنپەئەت ئاساسىدا بولىدۇ. بۇنداق بىر جەمىيەتتە، ھەقىقى دوستلۇق، پەزىلەت، ئادالەت، ھەق ـ ناھەق، يولداشلىق بولمايدۇ!. دىنى ئېتىقادلار قەستەن يوق قىلىنغان خەلىقلەردە، بۇ مەنىۋى، ئەخلاقى تۇيغۇلار بارا بارا يوق بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. دەل ئەتراپىمىزدىكىدەك.

*ئادەمنى ئادەم قىلغان ئەخلاقى تۇيغۇلار يوق بولغان تەغدىردە، جەمىيەتنىڭ ھەر قىسمى ۋە ھەر ئەزاسى بۇنىڭدىن نەسىۋىنى ئالىدۇ. ھەر كىم پەقەت ئۆزىنى ئويلايدىغان ۋە باشقا ھېچ كىمنى ئويلىمايدىغان ئايرىم بىر << پارچە ھالىغا>> كېلىدۇ. ئائىلىۋى تۇيغۇلار يوق بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. چۈنكى دىن ئەخلاقىنى ياشىمىغان بىر جەمىيەتتە، ئائىلىدىن ئىبارەت مۇقەددەس << بىرلىك >> ساغلام داۋام قىلالمايدۇ.

*بۇلار، بىر دۆلەتنىڭ رايىغا ئولتۇرغان تۇزۇمنى ۋە بىر مىللەتنىڭ ئىگە بولغان << ھۆججەيرىسىنى >> ئىنتايىن تېز ۋەيران قىلىدۇ. چۈنكى دۆلەتكە ساھىپ چىقىش، ۋەتەن سۆيگۈسى قاتارلىق ئىسىل خىسلەتلەر دىنى ئېتىقادلارنىڭ نەتىجىسىدە تەرەققى قىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەردۇر. دىن ئەخلاقىنى ياشىمىغان، شۇنداقلا ۋىجدان تۇيغۇلىرى تەرەققى قىلمىغان بىر ئادەمنىڭ مىللىتىنى سۆيىشى، ۋەتىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، مىننەت قىلماي باشقىلارغا ياخشىلىق قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىسلەتلەرگە ئىگە بولغان ئادەملەر يېتىشمىگەن، يېتىشكەن بولسىمۇ ئۇنىڭ

قەدرىگە يېتەلمىگەن بىر جەمىيەت، شۈبھىسىزكى، ھەم سوتسىئال جەھەتتىن ھەم سىياسىي جەھەتتىن مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرالمايدۇ...!

*دىن ئەخلاقىنىڭ يوق بولۇشىنىڭ يەنە بىر باشقا خەتەرلىك نەتىجىسى بولسا، ئىنسانلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا پسىخولوگىيەلىك مەسىلىلەر ئىچىدە << مەغلۇپ >> بۇلۇشقا باشلىشىدۇر. جىنايەتلەرنىڭ جىقىيىشى، ئىچىملىك ۋە زەھەرلىك چېكىملىككە يۈنىلىشى، پاھىشىۋازلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى، خاتىرجەمسىزلىك ۋە توقۇنۇش مۇھىتى... قاتارلىقلار بۇ جەمىيەتنىڭ پسىخولوگىيەلىك جەھەتتىن خاراپلىششقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنىڭ ئەڭ ئوچۇق ئالامىتىدۇر. ۋە بۇلارنىڭ تەبئىي نەتىجىسىدە ـ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر ـ بىرىنى سۆيمەيدىغان، پەقەت ئۆز ھاياتى ئۈچۈن ئىشلەشكە تىرىشىدىغان، جەمىيەتنىڭ باشقا ئەزالىرىنى بىر رەقىپ ھەتتا دۈشمەنگە ئوخشاش كۆرىدىغان كىشىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. سوتسىئال ئادالەتسىزلىك ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار بىلەن كۈچلەنگەن بۇ جىددىلىك، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر ئاممىۋى ئەسەبىلىككە ئايلىنىدۇ ۋە نەتىجىدە بۇ جەمىيەت پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ...

*دۇنيا تارىخىدا ئىنتايىن جىق مىللەت، دىنى ۋە مەنىۋى تۈيغۇلىرىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەخلاقى چۆكۈش، بۇزغۇنچىلىق ۋە پارچىلىنىش قاتارلىق تەھدىتلەرگە دۇچ كەلدى. دۇنيانىڭ نەرىدە بولسا بولسۇن، دىنى تۈيغۇلار يوق قىلىنىشقا، ئېتىقاد ئەركىنلىكى بېسىم ئاستىغا ئېلىنغاندا، جەمىيەتمۇ ئۇنىڭغا كۆنگەندە، دۆلەتكە قارشى ئىسيانچى ھەرىكەتلەر، دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىقلار، خاتىرجەمسىزلىكلەر يۇقىرى پەللىگە ئۇلاشتى.ھەتتا بەزىلىرى پارچىلاندى. نەتىجىدە بەزى كىشىلەر ھوقوقنى قولىغا ئېلىپ، مەۋجۇت بولغان تۈزۈمنى يىقىتىپ ئورنىغا دىكتاتور تۈزۈملەر ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. ئەسىرلەرچە بىر يەردە ياشىغان مىللەتلەرنى لاگىرلارغا ئايرىپ، بۆلۈشكە ئۇرۇندى. جەمىيەتنى ئوڭچى ـ سولچى توقۇنۇشلار بىلەن ئىچكى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. سولچىلىقنى باھانە قىلىپ، نامايىشلار، بۇزغۇنچىلىقلار، بۇلاڭچىلىقلارنى قىلدى ۋە جەمىيەتنىڭ ئىچىدە زور داۋالغۇشلارغا سەۋەپچى بولدى. مەسىلەن: سابىق سوۋىت ئىتتىپاقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان دۆلەتلەر، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى...

دىن ئەخلاقى ۋە مەنىۋى تۈيغۇلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك بولسا، مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى تىنچلىقتا تەھدىت قىلىدىغان مۇھىم بىر خەتەردۇر .دىن ئەخلاقى نەتىجىسىدە بىر - بىرىسى بىلەن تىنچلىق ئىچىدە ياشىغان خەلقلەر، دىن ئەخلاقىدىن ئۇزاقلاشقان ۋاقتىدا، يەر يۈزىدە قالايمىقانچىلىق، توقۇنۇش ۋە ئۆچمەنلىكلەر مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ نەتىجىسىدە شۇنى ھىس قىلىشىمىز كېرەككى، بىر مىللەت ئۈچۈن دىنى ۋە مەنىۋى تۈيغۇلارنىڭ كۈچلىنىشى ۋە مۇھاپىزە قىلىنىشى ئىنتايىن، ئىنتاتىن مۇھىمدۇر. ئۇيغۇر مىللىتى بۇ 300 يىل ئىچىدە كۆپىنچە مۇسۇلمان خەلقلەر دۇچ كەلگەن دىن ئەخلاقىدىن ئۇزاقلىشىش ۋە ھەق دىننى سۇيىئىستىمال قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان >> نادان موللاملارنىڭ ئۇلۇغ خىزمەتلىرى << نەتىجىسىدە سانسىزلىغان پاجىئەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. نۇرغۇنلىغان خەلق بۇ نادان موللاملارنىڭ قىلغانلىرىغا قاراپ دىن مۇشۇ دەپ چۈشەندى ۋە ھەممە نەرسىنى دىندىن كۆرۈپ ئاغرىنىشقا باشلىدى. ھەتتا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ھالغا بېرىپ يەتتى. نەتىجىدە بۇ دىن ئەخلاقىدىن ئۇزاقلىشىشنىڭ بەدىلىنى ئىنتايىن ئېغىر تۆلىدۇق ۋە تۆلەشكە داۋام قىلىۋاتىمىز.لېكىن چىقىش يولى دائىم بار! بىز ھەق دىننى رەھبەر قىلىپ تۇرۇپ >> خېمىرىمىزدا بار بولغان مەنىۋى بايلىقلىرىمىزنى قېزىپ چىقىرالىساق، تارىختىكىگە ئوخشاش كېلەچەكتىمۇ >> ئىززەت - ھۆرمەتىمىزگە << قايتا ئېرىشەلەيمىز .

>>دىن لازىمدۇر. دىنسىز بىر مىللەتنىڭ داۋام قىلالىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. دىن بار ۋە لازىم <<

``````````مۇستافا كەمال ئاتا تۈرك``````````
``````````

# ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئىتتىپاقلىقنىڭ مۇھىملىقى

بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرىنىڭ بۆلۈنۈش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ياۋروپادىكى پۈتۈن دۆلەتلەر دىگۈدەك، سىياسى، ئىقدىسادى ۋە مەدىنى بىر ئىتتىپاق بولغان >>ياۋروپا ئىتتىپاقى << ئاستىدا بىرلىشىۋاتىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار بولسا تېخىچە كۈچلۈك بىر ئىتتىپاق قۇرالمىدى. مۇسۇلمان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەققى بىر ياردەملىشىش بولمىغىنىدەك، ھەر خىل مۇسۇلمان مەزھەپلىرى، جامائەتلىرى، تەرىقەتلىرى، پىكىر ئىدىيەلىرى ۋە ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىشىش ۋە ياردەملىشىش يوق.

ھالبۇكى الله، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر بىرلىك روھى ئىچىدە ياشىشىنى ۋە ھەرىكەت قىلىشىنى ئەمىر قىلدۇ. رەببىمىز مۇسۇلمانلارنىڭ، ...>> مۇستەھكەم بىنادەك << ... بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ( سەپ سۈرىسى 4 ) يەنە مۇنداق دەيدۇ:

>>ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا ( يەنى الله نىڭ دىنىغا ( مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار ) << ... ئال ئىمران سۈرىسى 103(

الله يەنە، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئىتتىپاق بولمىسا، كۈچى بولمايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

) >>پۈتۈن سۆز ھەرىكىتىڭلاردا ( الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، )دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششتىن ) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ، سەۋر قىلىڭلار، الله ھەققەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر ) << .ئەنفال سۈرىسى 46(

بۇ ئايەتتە، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ نىمىشقا كۈچلۈك بولالمىغانلىقىنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرىدىن بىرسى خەۋەر

قىلىندۇ : بىرلىك روھىنىڭ يوق بولىشى !... ئەگەر پۈتۈن مۇسۇلمانلاردا بىرلىك بولسا، ئىسلام دۆلەتلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، يېڭىدىن قۇرۇش، زۇلۇم كۆرىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ۋە ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن ئىدىيە جەھەتتىنمۇ كۈرەش قىلىش، ئىسلام ئەخلاقىنى پۈتۈن دۇنياغا ئەڭ گۈزەل شەكىلدە چۈشەندۇرۇش ۋە ۋەكىلى بولۇش، ئىسلام دىنىنى قوللىنىپ ئوتتۇرىغا چىققان تېرورىزىمغا ئوخشاش باتىل ئېقىملارنى تىزگىنلەش، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن بىلىم، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئىلگىرلەشكە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان غەلىبىلەرنى الله مۇسۇلمانلارغا نىسىپ قىلىشى مۇمكىن.

ـ 20ئەسىرنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسلام ئالىملىرىدىن بەدىۈئى زامان سەئىد نۇرسىنىڭ دىيىشى بويىچە ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم خەتەر >> جاھالەت، نامراتلىق ۋە ئىختىلاپتۇر . بۇلارنى بولسا سەنئەت، ھۇنەر قابىلىيەت ۋە ئىتتىپاقلىشىش بىلەن يېڭىش كېرەك .<<

ئىتتىپاقلىشىش بولسا ئەڭ مۇھىمى، چۈنكى ئىتتىپاقلىشىش نەتىجىسىدە پۈتۈن مۇسۇلمانلار >> سەنئەت ۋە ھۇنەر ـ قابىلىيەتلىرىنى<< ، يەنى پۈتۈن قابىلىيەت ۋە بىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلامغا ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى قىلالايدۇ .

ئىتتىپاقلىشىش بولسا ئىماننى ئاساس قىلىشى كېرەك...!

مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرلىك بولىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن بىرى بولسا، بۇ بىرلىككە توسالغۇ بولىدىغان خاتا پىكىر ـ چۈشەنچىلەرنى يوقۇتۇشتۇر.

بۇ خاتا پىكىر ـ چۈشۈنچىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىقى بولسا، بىر مۇسۇلمان باشقا بىر مۇسۇلمانغا باھا بەرگەن چېغىدا، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئورتاق نۇقتىسىغا ئەمەس، پەرىقلىق يەنى ئوخشىمىغان نۇقتىسىغا باھا بېرىشى. ھالبۇكى، ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئېھتىياجى بولسا بىر بىرى بىلەن قانچىلىك ئوخشىماسلىق بولسا بولسۇن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ قېرىنداشلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىدۇر .ئېرقى، تىلى، ۋەتىنى، مەزھىپى نىمە بولسا بولسۇن پۈتۈن

مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر .

چۈنكى دۇنيادىكى پۈتۈن مۇسۇلمانلار، الله غا ئىمان ئېيتىدۇ، قۇرئانغا ئەگىشىدۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) يولىدىن ماڭىدۇ، ناماز قىلغاندا ئوخشاش بىر قىبلىغا قارايدۇ. پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ رەببى، كىتابى، پەيغەمبىرى، قىبلىسى ئوخشاش.

يەنە ھەربىر مۇسۇلمان، جىنايەت، زۇلۇم، ئوغرىلىق، ساختىلىق، جىنسى ئازغۇنلۇق... قاتارلىق گۇناھلارغا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئوخشاش بىر ئەخلاق كۆز قارىشىغا ئىگە. بۇ ئورتاق نۇقتىلارنىڭ ھەممىسى، باشقا بەزى نۇقتىلاردىكى پەرق ۋە ئىختىلاپلارنى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز قىلىشى كېرەك .مۇسۇلمانلارنىڭ : ئوخشىمىغان مەزھەپلەرگە ئەگىشىشى، ئوخشىمىغان مىللەت ۋە ئېتنىك گۇرۇپپىلاردىن مەيدانغا كېلىشى، سىياسى ۋە سوتسىئال مەسىلىلەردە بەزى پەرىقلىق كۆز قاراشقا ئىگە بولىشى، باشقا بىر سوتسىئال گۇرۇھ ياكى جامائەتنىڭ ئىچىدە بولىشى ۋە ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن بىر بىرىگە ئوخشىمىغان يوللارنى تۇتۇشى، بىرلىك ئىچىدە ياشاشقا ھىچقانداق بىر كاشىلا بولالمايدۇ .

يەنە بىرسىگە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئوخشاشماسلىقلارنى تەكىتلەشنىڭ يېرىگە، بىر بىرى بىلەن ئوخشاش بولغان ئىمان ئاساسلىرىنى تەكىتلەش كېرەك. مۇسۇلمانلار، بىر - بىرى بىلەن بولغان يازمىلىرىدا، سۆزلىرىدە، سۆھبەتلىرىدە ۋە تېخىمۇ مۇھىمى چۈشەنچىلىرىدە، باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ئىختىلاپلارنى ۋە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكلىرىنى ئاساسى ئورۇنغا قويماستىن، ئۇلار بىلەن بولغان ئورتاق نۇقتىلىرىغا ۋە ئىمان پىرىنسىپلىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قارىغان چېغىدا، بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ھەقىقىتىنى سەمىگە ئېلىشى كېرەك.

باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنىمۇ ماختاش كېرەك

بۈگۈن ئىنسانىيەت ئىچىگە كىرىپ قالغان بۇ مۇھىتتىن بىر چىقىش يولى ئىزدەۋاتىدۇ، دۇنياغا ھەقىقى تىنچلىق،

هوزۇر، ئادالەت ئەكىلىدىغان بىر يول باشلىغۇچىنى ساقلاۋاتىدۇ. بۇ ئىنسانىيەتكە  باشلامچىلىق قىلىش بولسا ئىسلامغا بويي سۇنغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلار بۇ ئىدراك بىلەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك، ۋە قىلىۋاتىدۇ. ھەر خىل مىللەتتىن بولغان، ئوخشىمىغان تىللاردىن، ھەر خىل جامائەتلەردىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدە ئىسلام ئەخلاقىنى يېيىش ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈنسىرى جىقىيىۋاتىدۇ  .ئىنسانىيەت توغرا يولغا قاراپ مېڭىشقا باشلاۋاتىدۇ. بۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدە ئىسلامغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن پايپىتەك بولغان ھەر بىر مۆمىن، ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. خاتالىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە بەزى نۇقسانلىرى بولىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ  نۇقسانلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن تۈزىلىدۇ. قۇرئان ئەخلاقىنىڭ ۋە پەيغەمبىرىمىز ) سەللەللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەلەم ) نىڭ سۈننىتى بويىچە، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قىلغان خىزمىتىنى تەقدىرلەش ۋە تېخىمۇ ئىلگىرلىشى ئۈچۈن ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.

بۇ نۇقتىدا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا خىزمەت قىلىش، ئىسلام ئەخلاقىنى يېيىش، دىن ئەخلاقىغا ئۇيغۇن بولمىغان پەلسەپەلەرگە قارشى كېرەكلىك بولغان ئىدىيىۋى كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدە، ئوخشىمىغان زىمىنلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقىنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى، ئۆزىنىڭ بىلىمى، ئۆزىنىڭ شەرت - شارائىتلىرى نەتىجىسىدە، بىر بىرىگە ئوخشىمىغان يوللارنى تۇتقان بولىشى، پەرىقلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان بولىشى مۇمكىن. مۇسۇلمانلار بىلىم، ئىقتىساد، سىياسەت، سەنئەت، مائارىپ قاتارلىق ھەر خىل كەسىپلەردە تەتقىقات ئېلىپ ئېلىپ بارالايدۇ، بەزىلىرى بۇ كەسىپلەرنىڭ مۇتەخەسسى بولغان بولىشى مۇمكىن. بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋاستە ۋە ئۇسلۇپلارنى ئىشلەتكەن بولىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن باشقا بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قىلغانلىرىنى ياراتماي ئۇنى ئازارلاش، پەقەتلا ئۆزىنىڭكىنى ماختاش، ۋىجدانى بىر ئىش ئەمەس .

الله نىڭ رىزاسىغا ئۇيغۇن بولۇش ئۈچۈن، باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىنىمۇ ماختاش كېرەك. ئەگەر بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالىساق، ھەر مىللەتتىن بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ ۋە قېرىنداشلىق كۈچلىنىدۇ ۋە شۇنداقلا بىرلىك - بارابەرلىككە قاراپ قەدەم تاشلانغان بولىدۇ.

الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئىسلام دۇنياسىنى ئىنتايىن گۈزەل ۋە پارلاق بىر كەلگۈسى ساقلاۋاتىدۇ >> .پۈتۈن كائىناتنى ئايدىڭلىتىدىغان بىر نۇر تۇغۇلىۋاتىدۇ .<< بۇ پارلاق نۇرنىڭ تېخىمۇ تېز تۇغۇلۇشى ئۈچۈن، ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئېھتىياجى بولغان ئىتتىپاق، بىرلىك ۋە قېرىنداشلىق روھىنىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىشى كېرەك. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت مۇستافا سەللەللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم >> : سىلەرگە ئىككى نەرسىنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن، ئۇلارغا مەھكەم ئېسىلساڭلار ھەرگىزمۇ ئازمايسىلەر، بۇ مىراس بولسا قۇرئان ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدۇر << دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا توغرا يولنى كۆرسەتتى. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولسا بۇ يولدىن مېڭىش ۋە جانابى الله نىڭ بىزگە قىلغان بۇ بۇيرۇقىنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق:

>>ھەممىڭلار الله نىڭ ئارغامچىسىغا ( يەنى الله نىڭ دىنىغا ) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار ( يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار ). الله نىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز - ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، الله دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، الله نىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز - ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، الله سىلەرنى ) ئىسلام ئارقىلىق ) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، الله ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ ) << ئال ئىمران سۈرىسى **103(**

# دۇئانىڭ ماھىيىتى

مەسنەۋىدىن دۇئانىڭ ماھىيىتى .

دۇئا قىلغان بىر كىشىنىڭ >> ئى الله `! دييىشى، الله نىڭ ئۇنىڭغا: دېگىن ئەي قۇلۇم << `دييىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر... بىر كىشى ھەر كېچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ الله نى ئەسلەپ، ئۇنىڭغا دۇئا قىلاتتى... شەيتان ئۇنىڭغا دېدى: ئەي الله نى جىق ئەسلەيدىغان كىشى! ھەر كېچىسى الله دەپ چاقىرىسەن ئەمما ساڭا >> : دېگىن <<دەپ جاۋاپ قايتۇرغان بىرسى بولدىمۇ؟ ھېچكىم ساڭا بىر ئېغىز جاۋاپمۇ بەرمىدى. قاچانغىچە مۇشۇنداق دۇئا قىلىسەن ؟

ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە دۇئا قىلىشنى قويۇپ ئۇخلاشقا باشلىدى. چۈشىدە ئۇنىڭغا بىر ئاۋاز مۇنداق دېدى:

-ئويغانغىن! نېمىشقا دۇئانى ۋە الله نى زىكىر قىلىشنى تاشلىدىڭ؟ نېمىشقا زېرىكتىڭ؟

ئۇ كىشى:

-مەن ھەر كۈنى الله دەپ چاقىرىمەن ئەمما >> دېگىن << دېگەن بىر جاۋاپ كەلمىدى- دېدى .

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاۋاز مۇنداق دېدى ئۇنىڭغا:

-سېنىڭ الله دېيىشىڭ، ئۇنىڭ ساڭا >> دېگىن ئەي قۇلۇم << دېگەنلىكى ئۇچۇندۇر... سېنىڭ الله غا

يالۋۇرۇشۇڭ، الله نىڭ سېنىڭ قەلبىڭگە ئاللىبۇرۇن خەۋەر يوللىغانلىقى ئۈچۈندۇر ...سېنىڭ جاپا تارتىشىڭ، چارە ئىزدىشىڭ الله نىڭ سېنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرغانلىقى ئۈچۈندۇر... سېنىڭ قورقۇشۇڭ، ئۈمىتلىرىڭ ئۇنىڭ ساڭا لۇتپىدۇر... سېنىڭ ھەر قېتىم >> ئى الله << ! دەپ چاقىرىشىڭنىڭ سەۋەبى، الله نىڭ سەندىن بۇرۇن سېنىڭ قەلبىڭگە >> دىگىن ئەي قۇلۇم !، مېنى چاقىرغىن << دىگەنلىكى ئۈچۈندۇر... غاپىللارنىڭ، نادانلارنىڭ، زالىملارنىڭ قەلبى بۇ دۇئادىن يىراق، چۈنكى ئۇلارنىڭ >> ئى الله << ! دېيىشىگە رۇخسەت يوق. ئاغزىدا ۋە قەلبىدە قۇلۇپ بار... بېشىغا دەرت كەلگەندە >> ئى الله << ! دەپ يىغلاپ يالۋۇرمىسۇن دەپ، الله ئۇلارغا دەرت، ئازاپ، يوقسۇللۇق، جاپا بەرمىدى... شۇنىڭ ئۈچۈن چۈشەنگىن كى، >> ئى الله << ! دەپ يالۋۇرۇپ ئۇنى چاقىرىشىڭغا سەۋەپچى بولغان دەرت ـ ئەلەم، دۇنيانىڭ سەلتەنەتلىرىدىن تېخىمۇ ياخشىدۇر... دەرتسىز قىلىنغان دۇئا سۇغۇقتۇر، دەرت بىلەن قىلىنغان دۇئا يۈرەكتىن چىقىدۇ ...

# قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر ۋە قىيامەتنىڭ قۇپۇشى

قۇرئانى ـ كەرىمدە، قىيامەت كۈنى يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ئوچۇق بىر شەكىلدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئايەتلەردە قىيامەتنىڭ، پەقەت دۇنيانى ئەمەس، باشقا ئالەم جىسىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، پۈتۈن كائىنات كۆلەملىك بىر ئاخىرلىشىش ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىنىدۇ .

ـ ئاسمان يېرىلغان چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، دېڭىزلار بىرـ بىرىگە قوشۇلغان چاغدا، قەبرىلەر ئاستى ـ ئۈستى قىلىنغان ) يەنى ئۆلۈكلەر چىقىرىلغان چاغدا ) ( ئىنفىتار سۈرىسى، 1 ـ 4 ئايەتلەر (

ـ ئۇ كۈندە ئاسمان قاتتىق تەۋرەيدۇ. تاغلار قاتتىق سەيرى قىلىدۇ ( يەنى زېمىننىڭ ئۈستىدىن توزۇپ يوقىلىپ كېتىدۇ ). ( تۇر سۈرىسى 9 ـ 10 ئايەتلەر(

ـ كۈننىڭ نۇرى ئۆچكەن چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، تاغلار گۇمران بولغان چاغدا ) ...تەكۋىر سۈرىسى 1 ـ 3 ئايەتلەر(

ـ ئۇ كۈندە ئاسماننى ( پۈتۈكچى ) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. ( بۇ ) بىز ئۈستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، )ئۇنى ) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز. ( ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەت (

سەۋەپلەر پىلانىدا، ئىنتايىن ساغلام ۋە مۇكەممەل ھەرىكەت قىلىۋاتقان كائىناتنىڭ تۈزۈمىنى بۇزىۋېتەلەيدىغان ۋە تارتىش كۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا كۈچلەرنىڭ تەسىرىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىدىغان، سەييارىلارنى ۋە يۇلتۇزلارنى ئوربىتىسىدىن چىقىرىۋېتەلەيدىغان كۈچ زادى نىمدۇر؟

يېقىنقى يىللاردىن باشلاپ ئالىملار، قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ بۇ >> ۋەزىپىنى << ئورۇندىيالايدىغانلىقى توغرۇلۇق بىرلىككە كېلىۋاتىدۇ .

ئۇنداق بولسا قارا ئۆڭكۈر دېگەن زادى نىمە؟ قارا ئۆڭكۈر قىسقىچە مۇنداق:

ھەر قانداق بىر يۇلتۇزنى تەڭپۇڭلۇقتا تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىككى كۈچ بار. بىرسى مەركەزگە، ئىچىگە ھەرىكەت قىلىدىغان ئۆز ماسسىسىنىڭ تارتىش كۈچى، يەنە بىرسى بولسا سىرتقا ھەرىكەت قىلىدىغان يۇلتۇزنىڭ يادروسىدىكى فۇزيئون **Fusion** ـ پارتىلاشلىرى. بىر يۇلتۇز ئېنېرگىيەسىنى تۈگەتكەن چېغىدا بۇ تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلىدۇ ۋە ئۆز ئىچىگە قاراپ چۆكۈشكە باشلايدۇ. ئىچىگە چۆككەنسىرى سىقىلىشقا باشلايدۇ ۋە ماسسىسىنىڭ تارتىش كۈچى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. تارتىش كۈچى جىقايغانسىرى تېخىمۇ چۆكىدۇ ۋە تېخىمۇ سىقىلىدۇ. بۇ خىل داۋام قىلىشنىڭ نەتىجىسىدە ئۇ يۇلتۇزنىڭ تارتىش كۈچى قورقۇنۇچلۇق دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ. ۋە ھازىرقى زامانىۋى ئىلىم پەندە >>قارا ئۆڭكۈر << دەپ ئاتالغان قاراڭغۇ ۋە سىرلىق بىر ماددىغا ئايلىنىدۇ. سىكۇنتتا **300** مىڭ كىلومېتىر تېزلىكتە ھەرىكەت قىلىدىغان نۇرمۇ قارا ئۆڭكۈرنىڭ تارتىش كۈچىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. كائىناتتىكى ئەڭ زور تارتىش كۈچىگە ئىگە بولغان جىسىم بولسا قارا ئۆڭكۈرلەردۇر. سامانيولى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ مەركەزلىرىدە قارا ئۆڭكۈرلەر بار .

ـ قىيامەت. قىيامەت نىمىدۇر. قىيامەتنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟ شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ. ( قار،ئە سۈرىسى **1 ـ 5** ئايەتلەر(

ـ ئاسمان يېرىلغان چاغدا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەن چاغدا، دېڭىزلار بىر ـ بىرىگە قۇشۇلغان چاغدا... ( ئىنتىفار سۈرىسى **1 ـ 3** ئايەتلەر(

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە تەسۋىر قىلىنغان ھادىسىلەر الله نىڭ تەغدىرى بىلەن قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ تارتىش كۈچىگە قارىتىلغان بولىشى مۇمكىن.

بىر ئوت شارىنىڭ ئۈستىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئاتموسفېرانى شەكىللەندۈرگەن گازلار يەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسرى بىلەن يەر شارىنى ئوراپ تۇرىدۇ. ئەگەر يەر شارى سىرتتىن كېلىدىغان ئىنتايىن كۈچلۈك بىر تارتىش كۈچىگە ئۇچرىسا ( قارا ئۆڭكۈرنىڭ ) يەر شارىنىڭ ئاتموسفېراسىدىن بىرىنچى بولۇپ بىز نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋا غايىپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋالدا تاشقى بېسىمۇ يوق بولىدۇ ۋە يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلاردا دىگۈدەك ئىچكى بېسىم ئېشىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جانلىقلارنىڭ بەدىنى پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ .

باشقا يۇلتۇز سېستىمىلىرىدىن باشقا، قۇياش سېستىمىسىدىكى ئىككى ئاستروئىد بەلۋىغىدا ( مارس بىلەن يۇپىتېر ئارىسىدىكى كىچىك سەييارىلەر ) مەۋجۇت بولغان تىرلىيونلىغان كىچىك سەييارىلەر ( ئاستروئىد، مېتئورىت ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار ) ئارىسىدا الله نىڭ قۇدرىتى بىلەن داۋام قىلىۋاتقان مۇكەممەل تەڭپۇڭلۇق، قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن بۇزۇلۇپ بىر -بىرىگە سوقۇلۇشقا باشلايدۇ .

قارا ئۆڭكۈرلەر قىيامەتنىڭ قوپۇشىدا ۋە كائىناتنىڭ مۇكەممەل گىئومېترىيەلىك تارتىش كۈچى تەڭپۇڭلۇقلىرىنى بۇزۇشتا رول ئوينىشى مۇمكىن. قۇرئاندا >> ئاسمانلارنىڭ كۆرۈنمەس دەرۋازىلىرى << دىگەن ئىپادە بار. دەرۋازا بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە ئۆتۈش ئۈچۈندۇر .ئەجەبا بۇ يەردە دىيىلگەن >> ئاسمانلارنىڭ دەرۋازىلىرى << باشقا ئالەملەرگە ئۆتىدىغان >> ئالەم - زامان تۇنىلىمۇ ؟ . <<بۈگۈنكى زامانىۋى ئاستروفىزىكىدا قارا ئۆڭكۈرلەر باشقا بىر ئالەمگە چىقىدىغان بىر >> ئالەم - زامان << Space - Time دەرۋازىسى دەپ قارىلىدۇ. ئومومىي نىسپىيلىك نەزىرىيەسىدە دىيىلگىنىدەك، ئالەمنى تارتىلغان بىر تورغا ئوخشىتالايمىز. خۇددى بىر تورنىڭ ئىچىگە ئېغىر بىر نەرسە قويساق سوزۇلۇپ ساڭگىلىغىنىغا ئوخشاش، >> ئالەم - زامان << تورىمۇ ئۆز ئىچىدە بولغان ھەر خىل ئالەم جىسىملىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئېگىلىپ - سوزۇلالايدۇ. كېڭىيىپ - تارىيالايدۇ. قارا ئۆڭكۈرلەر بولسا چەكسىز بىر ئېغىرلىقتۇر. قارا ئۆڭكۈرنىڭ تەسىرىگە كىرگەن >> ئالەم - زامان << تورى ئېگىلىپ سوزۇلۇش بىلەنلا قالمايدۇ،

بەلكى قۇرئاندا دىيىلگىنىدەك >> يىرتىلىپ ـ يېرىلىدۇ .<< ئالەمنىڭ >> ئالەم ـ زامان تۈزۈلكى<< ، قارا ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىدا خۇددى قۇرئاندا دىيىلگىنىدەك >> قەغەزگە ئوخشاش قاتلىغىلى بولىدىغان << ھالغا كېلىدۇ ۋە بۇ ئەھۋالدا يۇلتۇزلار >> تۆكۈلۈشكە << باشلايدۇ >> .ئالەم ـ زامان << تۈزۈلكىنىڭ يېرىلىشى دىمەك، كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىن بېرى ئىشلەۋاتقان بارلىق فىزىكا قانۇنلىرىنىڭ ئاخىرلىششى دىمەك بولىدۇ ۋە باشقا بىر يېپيېڭى >> فىزىكا << قانۇنى كۈچكە ئىگە بولغان ئالەمنىڭ >> دەرۋازىلىرى << ئېچىلىدۇ دىمەك بولىدۇ، يەنى ئاخىرەت ئالەمى >> ...ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ .

( ئىبراھىم سۈرىسى 48 ـ ئايەت << (



ئالىملار، يۇلتۇزلار تۈركۈمىنىڭ مەركەزلىرىدىكى قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ توختىماي يوغىناۋاتقانلىقىنى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن كائىناتنىڭ بىر غايەت زور قارا ئۆڭكۈرگە ئايلىنىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىۋاتىدۇ .

>>شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇلارغا ئىمان ئېيتىشقا گەدەنكەشلىك قىلغانلارغا ئاسماننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدۇ..، تاكى تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشىكىدىن ئۆتكىچە جەننەتكە كىرمەيدۇ << ....

)ئەئراف سۈرىسى 40 ـ ئايەت(

ئايەتتە دىيىلگەن <<تۆگىنىڭ يىڭنىنىڭ تۆشىكىدىن ئۆتىشى>> بولسا، قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ قورقۇنۇچلۇق تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىدە، قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ مەركىزىدىكى <<بىرلىك>> دەپ ئاتىلىدىغان <<يىڭنىنىڭ كۆزىچىلىك>> نۇقتىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان ئالەم جىسىملىرىنى ئىسمىزگە كەلتۈرىدۇ. بۇ ئوخشىتىش، قارا ئۆڭكۈرنىڭ تارتىش مەيدانىغا كىرىپ قالغان غايەت زور يۇلتۇزلارنىڭ ئىنچىكىلەپ خۇددى بىر يىپ ھالىغا كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قۇياشتىن نەچچە يۈزمىڭ ھەسسە چوڭ بولغان بىر يۇلتۇزنىڭ، ئەتراپىدا <<ئالەم ـ زامان>> تورى ئېگىلىپ، قاتلىنىدىغان قارا ئۆڭكۈر تەرىپىدىن يۇتۇلۇشقا باشلانغان چېغىدا خۇددى بىر يىپقا ئوخشاش ئىنچىكىلەپ، ئۈزىراپ ھەجىمسىز بىر نۇقتىغا ئايلىنىدۇ .



********************

قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ تەسىر دائىرىسىنى بىر <<كاناي ياكى سۈر>>غا ئوخشىتالايمىز. بۇ رايوننىڭ ئەڭ كەڭ چېگرىسى **Event Horizon** <<يەنى ھادىسە ئۇپۇقى>> دەپ ئاتىلىدۇ. قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە كۈچلىنىپ خۇددى بىر مەڭگۈلۈك ھالغا كەلگەن رايونى بولسا <<كانايىنىڭ>> ئىنچىكىلىگەن قىسمى بولۇپ **singularite** <<يەنى بىرلىك نۇقتىسى>> دەپ ئاتىلىدۇ .
<<بىرلىك نۇقتىسى>>نىڭ ئۇ تەرىپى بولسا، پۈتۈنلەي باشقىچە بىر <<فىزىكا>> قانۇنى ھۆكۈمران بولغان يەردۇر. بەزى ئاستروفىزىكا ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە قارا ئۆڭكۈرلەر، ئۆز مەۋجۇدىيىتى ۋە ئۆز ھەجمى بىلەن ئۆزىنىڭ <<سىرتىغا>> تېشىۋاتىدۇ، ئالەم ـ زامانىمۇ بىللە ئېلىپ بىزنىڭ ئالەمگە ئوخشىمايدىغان <<باشقىچە>> بىر ئالەمنىڭ <<دەرۋازىلىرى>> ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاۋاتىدۇ .

داڭلىق ئالەمشۇناس ۋە كائىنات نەزىرىيەچىسى **Paul Davies** بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ :

ـ ئالەم، ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر ئۇسۇلدا زامانغا تايىنىدۇ. خۇددى ئالەم بوشلۇقى كېڭىيىپ ـ تارىيىپ، ئەگىلىپ ـ قاتلانغىنىغا ئوخشاش، زامانمۇ ئەگىلىپ ـ قاتلىنالايدۇ.







زاماننىڭ مەڭگۈلۈك قېتىپ قېلىشى بولسا، قارا ئۆڭكۈرلەردىكى بىرلىك نۇقتىسىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر. زاماننىڭ قېتىپ قېلىشى بولسا، پۈتۈن فىزىكا قانۇنلىرىنىڭ تەسىرىنى يوقۇتۇپ، ئالەمنىڭ بارلىق ئۆز

ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىشى ۋە يېيىپكى باشقا بىر كائىناتنىڭ ئىچىگە كىرىشى دىگەنلىك بولىدۇ >> .ئۇ يەر << بىزنىڭ كائىناتقا ھەرگىزمۇ ئوخشىمايدۇ، زامان، ماددا ۋە ھەجىملەر باشقىچە بىر شەكىلگە كىرىدۇ .

بىز قارا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرگەن بىر ئالەم ئۇچقۇچىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئۇ دۇچ كېلىدىغان ھادىسىلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

>>باشقا ئالەمگە << ماڭغان ئۇ ئالەم ئۇچقۇچىسى بىلەن سائەتلىرىمىزنى ئوخشاش تەڭشىدۇق ۋە ئۇنى >> ئۆزىتىپ قويدۇق .<< ئۇچقۇچى ئاستا ـ ئاستا تارتىش كۈچى توختىماي ئېغىرلاۋاتقان >> ھادىسە ئۇپۇقى <<غا يېقىنلاشقانسىرى، ئۇنىڭ سائىتىنىڭ بىزنىڭكىدىن ئاستا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز .ھەجمى قۇياش بىلەن تەڭ بولغان بىر قارا ئۆڭكۈرنىڭ ھادىسە ئۇپۇقىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقاندا بىزنىڭ سائىتىمىز 1 سكۇنتلۇق بىر زامان پەرقىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭ سائىتى مەسىلەن 3.3 سېكۇنتلۇق بىر زامان پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى زامان ئۇ يەردە تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. ئۇچقۇچى ھادىسە ئۇپۇقىغا يېقىنلاشقانسىرى، ئۇنىڭ سائىتى 33 سېكۇنت پەرق كۆرسەتسە بىزنىڭ يەنە 1 سېكۇنت پەرق كۆرسىتىدۇ. ھادىسە ئۇپۇقىنىڭ ئىچىگە پۈتۈنلەي كىرگەن چېغىدا زامان قېتىپ قالىدۇ .

ئۇچقۇچى ھادىسە ئۇپۇقىغا يېقىنلاشقانسىرى، زامانىنىڭ >> ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى << ئۆزىمۇ ھىس قىلىدۇ ۋە بەدىنىدە غەلىتە بىر خىل ئۆزگىرىشنى ھىس قىلىدۇ. كېيىن ئۇچقۇچى >> نىمە بولىۋاتىمەن << دىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي خۇددى بىر يىپقا ئوخشاش ئۆزگىرىشقا باشلايدۇ. ھادىسە ئۇپۇقىغا يېقىنلاشقانسىرى ئۇ ئۇچقۇچى ئۇچۇن ئۆتكەن بىر سكۇنت، ئالەمنىڭ بىر ئاي، بىر يىل، مىڭ يىل كەلگۈسىنى كۆرسىتىدۇ. ھادىسە ئۇپۇقىغا بىر قەدەم قالغاندا كائىناتنىڭ پۈتۈن كەلگۈسى ئۇ ئۇچقۇچىنىڭ بىر سكۇنتىغا تەڭ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالەم ئۇچقۇچىسى >> يېڭنە تۆشىكى << بولغان >> بىرلىك نۇقتىسىدىن << يىپقا ئوخشاش ئۆتىدۇ ۋە ئۆزىنى >> باشقا << بىر كائىناتتا كۆرىدۇ. بۇ يېڭى ئالەمدە، نۇر تېزلىكىنىڭ كائىناتتىكى ئەڭ تېز نەرسە ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلغان >>ئالاھىدە نىسپىيلىك << مۇ تەسىرىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى بىرلىك نۇقتىسىدىكى تارتىش كۈچى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە چەكسىز كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ ئالەمدىكى سۈرئەت نۇر تېزلىكىدىن نەچچە مىليون ھەسسە تېز

بولىدۇ. ۋە بۇ ئەھۋالدا پۈتۈن فىزىكا قانۇنى، ئىلگىرى ـ كېيىنلىك  مۇناسىۋەتلىرى تەسىرىنى يوقىتىدۇ. ۋە ئۇ ئۇچقۇچى ئۇچۇن زامان دىگەن ئۇقۇم يوق بولىدۇ. پۈتۈن كائىناتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كۆرەلەيدۇ  .

كائىناتنىڭ سىرتىغا چىقىدىغان بىر >> دەرۋازا << ئىزدەۋاتقان  ئاستروفىزىكا ئالىملىرى ئۇچۇن قارا ئۆڭكۈرلەر بىر >>ئۈمىد دەرۋازىسى << ھالىغا كەلدى. ئاستروفىزىكىنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان قارا ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئالەملەر بولسا >> قارشى ئالەمنىڭ << يەنى ئاخىرەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان پۈتۈن ئالەملەرنىڭ بارلىقىنى ئىشارەت قىلىۋاتىدۇ  .

بىز ياشاۋاتقان ئالەمدىن باشقا ئالەملەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش بۇرۇن مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىلاتتى. ئەمما يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە بەزى فىزىكشۇناسلارنىڭ كوسمىك نۇرلار ھەققىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى نەتىجىسىدە، نۇردىن مىليونلىغان ھەسسە تېز ھەرىكەت قىلىدىغان كوسمىك زەررىچىلەرنىڭ بارلىقى ئىنىقلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماتىماتىكىلىق تەڭلىمىلەرمۇ >> روھى ئالەملەر << نىڭ بارلىقىغا ئىشارەت قىلدى، >> روھى ئالەم << لەرنى ئىتىراپ قىلمىغان، ۋە ھىساپقا ئالمىغان ھىساپلاشلىرىمۇ خاتا چىقتى. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئىلگىرلىگەنسىرى، نۇر تېزلىكىدىن نەچچە مىليون ھەسسە تېز بولغان روھى ئېلىمىنتلاردىن تەركىپ تاپقان >> يېپيىق << ئالەملەرنىڭ بارلىقىنى ئىتىراپ قىلىدىغان ئالىملارنىڭ سانى كۈنسىرى جىقىيىۋاتىدۇ  .

تەرەققى قىلغان بىلىم، ماددا ۋە ئالەم توغرىسىدا يېپ يېڭى ئۇقۇملارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇرۇن ماددىنىڭ ئۆمرىنىڭ بۇنچىلىك قىسقا ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن ئىدى  .ماددىغا ئوخشاش بىزنىڭ زامان دەپ ئاتىغىنىمىز جەريانىنىڭ قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ تارتىش كۈچى بىلەن باشقا بىر >> شەكىلگە ئۆتۈپ << مەڭگۈلۈك ۋە باشقىچە بولغان كائىناتلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى ھېچكىم پەرەزمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى  .بۇرۇن مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ ۋە قارشى چىققىلى بولمايدۇ دەپ ئېلان قىلىنغان ۋە ھەتتا ئىلاھلاشتۇرۇلغان فىزىكا قانۇنلىرىنىڭ قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئالدىدا >> ئاستى ـ ئۈستى << بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھېچكىم تەخمىن قىلىپ باقمىغان ئىدى  .

بۇ ئالەم نىمىشقا يارىتىلدى ۋە نىمىشقا يوق قىلىنىدۇ؟ قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشلىنىدىغان قىيامەتتىن كېيىن باشقا بىر يارىتىش بارمۇ؟

بۇ تېمىلار كۈنىمىزدە پەقەت دىنى سۆھبەتلەردىلا ئەمەس، دۇنيانىڭ ئەڭ تەرەققى قىلغان زامانىۋى ئاسترونومىيە مەركەزلىرىدىمۇ تالاش تارتىش قىلىنىۋاتقان تېمىلاردىن بىرسى .

كائىناتنىڭ سىرتىغا چىقىدىغان >> دەرۋازىلار << دەپ ئاتالغان قارا ئۆڭكۈرلەر توغرۇلۇق يىپ ئۇچلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بەزى ھەدىسلىرىدىمۇ بار. بۇ يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن >>مەجەررا ۋە سەمسۇش ـ شۇمۇس << ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز .ئالەم بوشلۇقى ۋە كائىنات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلالايمىز.

تۆنجى ھەدىس يازغۇچىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان سانانى نىڭ خاتىرىلىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھەدىسى بار : >>ماڭا كۈنلەر كۆرسىتىلدى .جۈمە كۈننى كۆردۈم، ئۇنىڭ نۇرى ۋە گۈزەللىكى مېنى خوشال قىلدى. ئۇ يەردە >>قارا بىر نۇقتا << غا ئوخشاش بىر نەرسە كۆردۈم. ئۇ نىمە؟ دەپ سورىدىم. ماڭا :قىيامەت >> ئۇنىڭ ئىچىدە قوپىدۇ << دىدى . << .بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر شەكلىدە >> جۈمە كۈنى بىر ئەينەكتە ماڭا كۆرسىتىلدى << دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ( ئابدۇررازاق سانانى، مۇسەننەف 3 . 5599 ـ 5560(

بۇ ھەدىستە دىيىلگەن ۋە قىيامەتنىڭ ئۇنىڭ ئىچىدە قوپىدىغانلىقى ئەسكەرتىلگەن >> قارا نۇقتا << ئارقىلىق بىزگە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان نەرسە زادى نىمە؟ ئىسلام ئەدەبىياتىدا يەر ئالغان >> مەجەررا << ۋە >> شەمسۇش ـ شۇمۇس << ئىپادىلىرى ئارقىلىق بىزگە زادى نىمىنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقانلىقى توغرۇلۇق ئالىملار ھەر خىل كۆز ـ قاراش، پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندۇر. قىيامەت كۈنى ئاسماننىڭ يېرىلىدىغانلىقى، ئاساندا دەرۋازىلارنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىنى ئىپادە قىلغان >> ئاسمان يېرىلغان، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاپ ئىتائەت

قىلغان، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى ئاڭلاشقا، ئىتائەت قىلىشقا لايىق بولغان چاغدا، ( ئىنشىقاق سۈرىسى، 1 ـ 2 ئايەت ) دىگەن ئايەتنى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ( رەدىيەللاھۇ ئەنھۇ >> ( ئاسمان مەجەررادىن باشلاپ يىرتىلىپ ـ يېرىلىدۇ << دەپ تەپسىر قىلىشى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان ئىدى. كۈنىمىزدە ئاستروفىزىكىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ يىپ ئۇچلىرىنى تېخىمۇ ئاسان چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇق .ئىنىقلانغىنىدەك، قارا ئۆڭكۈرلەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك بولسا، بىر تور شەكلىدە ۋە ئىنتايىن مۇكەممەل شەكىلدە يارىتىلغان ئالەمنىڭ >> يېرىلىپ ـ تىشىلىشىدۇر .<< ۋە بىز بۇ مەلۇماتلارغا ئاساسەن ئايەتلەردە دېيىلگەن >> ئاسماننىڭ يېرىلىشى << نى شاھادەت ئالەمى دىگىنىمىز بۇ فىزىكىلىق ئالەمنىڭ، يەنى ئالەم ـ زاماننىڭ ئۆزگىرىپ باشقا ئالەملەرگە بىر >> دەرۋازىنىڭ << ئېچىلىشى دەپ چۈشىنەلەيمىز .

قۇرئان بىزگە يىپ ئۇچلىرىنى بېرىۋاتىدۇ ۋە نۇرغۇنلىغان يېرىدە بۇ يىپ ئۇچلىرىنىڭ >> : چۈشەنگەن، ئەقىل ئىگىسى، بىلىم بېرىلگەنلەر ئۈچۈن بىر مىسال ( يىپ ئۇچى، دەلىل << ( ئىكەنلىكى تەكرارلىنىدۇ. ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 32 ـ ئايىتىدىكى >> : ئاسماننى بىز بىخەتەر ئۆگزە قىلدۇق << دىگەن ئىلاھى پەرمان بۇ >> ئۆگزىنىڭ << ئارقىسىدا باشقا دۇنيالارنىڭ بارلىقى ئۈچۈن بىر ئىشارەتتۇر. قۇرئاندا دېيىلگەن >> ئاسمان <<يەنى ھازىرقى زامانىۋى بىلىمدە ئالەم ـ زامان تورى دېيىلگەن فىزىكىلىق كائىناتنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە تېخىچە >> يېرىلمىغانلىقىنى << مۇلك سۈرىسىنىڭ 3 ـ ئايىتىدىمۇ ئىنتايىن ئوچۇق بىر شەكىلدە چۈشەندۈرىلىدۇ... >> : سەن ( ئاسمانلارغا ) تەكرار قاراپ باققىنكى، بىرەر يوچۇقنى كۆرەمسەن . .<<قۇرئاندىكى قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئايەتلەردە ئاسماندا بىر >> يېرىلىش << نىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى دائىم ئەسكەرتىلىدۇ >> .ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ . ( ئىبراھىم سۈرىسى 48 ـ ئايەت . << ( بۇ ئايەتتە قىيامەت كۈنى قارا ئۆڭكۈرلەرنىڭ تەسىرىدە يىرتىلىپ ـ يېرىلغان بۇ فىزىكىلىق ئالەم ۋە زاماننىڭ ئاخىرلىشىپ باشقىچە ئاسمانلىرى ۋە زىمىنلىرى بولغان يەنە بىر ئالەمگە ئۆتىدىغانلىقىمىز ئىنتايىن ئوچۇق شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ .

## شەمسۇش ـ شۇمۇس

بولۇپمۇ 2001ـ يىلى 11ـ سېنتەبىر كۈنى دۇنيا سودا مەركىزىگە قىلىنغان تېرورىست ھۇجۇمىدىن كېيىن ئىسلام دىنىغا بولغان قىزىقىش ۋە كىرىش تېخىمۇ جىقايدى .مۇسۇلمانلار ۋە پۈتۈن دۇنيا غەزەپ بىلەن ئەيىپلىگەن بۇ ھۇجۇم، بىردەمدە ئىنسانلارنىڭ ـ بولۇپمۇ ئامېرىكا پۇقرالىرىنىڭ دىققىتىنى ئىسلام دىنىغا مەركەزلەشتۈرىشىگە سەۋەپچى بولدى. ئىسلام دىنىنىڭ قانداق بىر دىن ئىكەنلىكى، قۇرئاندا نىملەرنىڭ خەۋەر قىلىنغانلىقى، بىر مۇسۇلماننىڭ مەسئۇلىيەلىرى نىملەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ۋە ھەقىقى مۇسۇلماننىڭ قانداق ياشىشى كېرەكلىكى غەرىپتە ئەڭ جىق تالاش تارتىش قىلىنغان ئاساسلىق تېما ھالىغا كەلدى. بۇ قىزىقىش تەبىئىي ھالدا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردە ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەرنىڭ سانىنىڭ جىقىيىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ 11ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ >> بۇ ۋەقە دۇنيا تارىخىنىڭ ئېقىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم بىر ۋەقە << دەپ پەرەز قىلىشلىرى توغرىلانغاندەكمۇ بولدى. بولۇپمۇ بۇ 20ـ30 يىل ئىچىدە باشلانغان، خەلقلەرنىڭ >> ئەسلىگە قايتىشى << يەنى دىنغا قايتىش ھەرىكەتلىرى، ھەق دىن بولغان ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئۆزگەردى.

بۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى بەزىدە گېزىت ـ ژورناللاردا، بەزىدە تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە كۆندىن كۆنگە جىقىپ چىقىپ تۇرىدىغان بۇ >> ھەقىقەتكە قايتىش << ئۆزگىرىشلىرىنى كەينى كەينىگە تىزغان چېغىمىزدا، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەۋقۇلادە ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. بەزىدە پەقەت كۆندىلىك خەۋەرلەرگە ئوخشاش ئېلان قىلىنىۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەسلىدە ئىسلام ئەخلاقىنىڭ دۇنيادا ئىنتايىن تېز يېيىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر ئىشارىتىدۇر. پۈتۈن دۇنياغا ئوخشاش ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىمۇ ئىسلام دىنى ئىنتايىن تېز بىر يۈكسىلىشكە ئۆتتى ۋە بۇ يۈكسىلىش بولۇپمۇ بۇ بىر نەچچە يىلدا ئىنتايىن دىققەت تارتىدىغان شەكىلدە بولىۋاتىدۇ .يېقىنقى يىللاردىن باشلاپ >> ياۋروپادا ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسىلىشى<< ، >> مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپادىكى ئەھۋالى<< ، >> غەربىي جەمىيىتى ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە ...<<دېگەنگە ئوخشاش تېمىلاردا ئىنتايىن جىق ماقالىلەر ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ ۋە ئانالىزلار ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئاكادېمىكلار تەرىپىدىن تەييارلىغان بۇ ماقالىلەردىن باشقا، ئاخبارات ۋاستىلىرىمۇ مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلام دىنى ھەققىدە تېخىمۇ جىق يېزىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئاساسى سەۋەبى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ كۆنسىرى جىقىيۋاتقانلىقىدا. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جىقىيىش پەقەت مۇسۇلمان دۆلەتلەردىن ياۋروپاغا كۆچۈپ كەلگەنلەرنىڭ جىقىيىشى سەۋەبىدىن ئەمەس .ئەلۋەتتە بۇمۇ تەسىر قىلىدۇ لېكىن ئاساسلىق سەۋەپ بولسا، دىنىنى ئۆزگەرتىپ مۇسۇلمان بولىۋاتقان ياۋروپالىقلارنىڭ كۆندىن كۆنگە جىقىيىشى. **2004** يىلى **20** ئىيۇل كۈنى فىرانسىيە **NTV** قانىلىدىكى >> ياۋروپادا ئەڭ ئىتتىك يېيىلىۋاتقان دىن ئىسلام دىنىدۇر << دېگەن خەۋەر بولسا، فىرانسىيە ئىچكى ئاخبارات تەشكىلاتى **Renseignements Generaux** يەنى **RG** نىڭ بىر دوكلاتىغا ئاساسەن ئېلان قىلىندى. بۇ دوكلاتتا : غەربىي دۆلەتلىرىدە، بولۇپمۇ **11** ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى تاللىغان ياۋروپالىقلارنىڭ تېخىمۇ جىقايغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. مەسىلەن، فىرانسىيەدە پەقەت ئۆتكەن يىللا ئىسلام دىنىغا كىرگەن فىرانسۇزلارنىڭ سانى ئالدىنقى يىلدىن **30** ـ**40** مىڭ جىقايدى ...

ـ**2000**يىلى ئامېرىكىدىكى چېغىمدا، **CNN**خەۋەر قانىلىدىكى بىر ستاتىسكىدا، ئامېرىكىدا جەمئىي **6** مىليون مۇسۇلمان بار ئىكەنلىكىنى، ئەگەر مۇشۇنداق داۋام قىلسا **2026** ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ **13** مىليونغا يېتىدىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى چوڭ دىنى ھالىغا كېلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. ئەمما پەقەت **6** يىلدىن كېيىنلا يەنى **2006** ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىدىكى مۇسۇلمانلار **13** مىليوننى ئاشتى ۋە

ئامېرىكىنىڭ ئىككىنچى چوڭ دىنى ھالىغا كەلدى. بۇ ئېلگىرلەش پەرەز قىلغاندىن 20 يىل بالدۇر ئەمەلگە ئاشتى...

ياۋروپا جەمىيىتدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ كۆندىن كۈنگە جىقىيىۋاتقانلىقىنى يېقىندىن كۆزىتىۋاتقانلارنىڭ بىرسى بولسا ۋاتىكان. 1999 ـ يىلى ـ10 ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا كاتولىك چېركاۋلار يىغىنىنىڭ ئاساسلىق ماددىسى بولسا، چېركاۋلارنىڭ يېڭى مىڭ يىلدا ياۋروپادا قانداق رول ئوينايدىغانلىقى توغرىلىق ئىدى. يىغىنغا قاتناشقان پۈتۈن دىنى رەھبەرلەرنىڭ ئاساسلىق دىققەت قىلغان نۇقتىسى بولسا، ئىسلام دىنىنىڭ ياۋروپادىكى تېز يېيىلىشى ئىدى. بۇ يىغىنىنىڭ تەپسىلاتىنى يازغان National Catholic Reporter ژورنىلىنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، بەزى رادىكال دىنى رەھبەرلەر، مۇسۇلمانلارنىڭ ياۋروپادا كۆچلىنىشىنى توسۇشنىڭ بىردىن بىر يولى بولسا، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلماسلىقنى ۋە ئۇلارغا چەكلىمە قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. يەنە بەزى تەرەپسىز دىنى رەھبەرلەر بولسا، ھەر ئىككى دىنىنىڭ ئەسلىدە بىر الله غا ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىككى دىن ئوتتۇرىسىدا ئەسلىدە ھېچقانداق توقۇنۇش ۋە ئۆچمەنلىك بولماسلىقى كېرەكلىكىنى ۋە >> قاراڭغۇ كۈچلەرنىڭ << ئويۇنىغا دەسسىمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. يىغىنىنىڭ نېمىسچە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قىسمىدا، گېرمانىيە باش كاردىنالىKarl Lehmann ، >> ئىسلام دىنى، ئىنتايىن جىق خىرىستيانىنىڭ ئويلىغىنىدىنمۇ بەك دېموكراتىكتۇر << دىيىش ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنى توغرۇلۇق خاتا چۈشۈنچىدە ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى .

بۇ يىغىنىنىڭ ئىسلام دىنى توغرىلىق توختىلىشى ئەسلىدە ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ب د ت نىڭ 1999 ـ يىلى ئېلىپ بارغان بىر تەكشۈرۈشىدە، ياۋروپادا مۇسۇلمانلارنىڭ 1989 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە 100% كۆپەيگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ئىدى. بۈگۈن ياۋروپادا، گېرمانىيەدە 4 مىليون، ئەنگلىيەدە 2 مىليون، فرانسىيەدە 5 مىليون ۋە باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىدە بولۇپ جەمئىي 20 مىليوندىن جىق مۇسۇلمان بار ۋە بۇ سان كۈندىن كۈنگە تېخىمۇ جىقىيىۋاتىدۇ .بەزى ياۋروپالىق سىياسەتچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەگەر بۇ بويىچە داۋام قىلسا، يەنە 20 يىلدىن كېيىن ياۋروپا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەركىزى ھالىغا كېلىدۇ.

ياۋروپادىكى مۇسۇلمانلار ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشلەر ئوتتۇرىغا قويغان باشقا بىر ھەقىقەت بار. بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى جىقىيىۋاتىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مۇسۇلمانلار دىنىغا بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ بەك ئەمەل قىلىشقا باشلاۋاتىدۇ. فرانسىيەنىڭ **Le Monde** گېزىتى ئېلىپ بارغان بىر ستاتىسكىدا، ياۋروپادىكى مۇسۇلمانلار **1994** ـ يىلىدا ئېلىپ بېرىلغان ستاتىسكىغا قارىغاندا تېخىمۇ جىق ناماز ئوقۇشقا باشلىغانلىقىنى، تېخىمۇ جىق مەسچىتكە بېرىشقا باشلىغانلىقىنى ۋە روزا تۇتىدىغانلارنىڭ تېخىمۇ جىقايغانلىقىنى يازدى... ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىلگىرلەشنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان فرانسۇز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە تېخىمۇ روشەن كۆزگە كۆرۈنگەنلىكىنى يازىدۇ .

سىياسى،سوتسىئال ۋە نوپۇس تەكشۈرۈشلىرى ئېلان قىلغان بۇ ئۆزگىرىشلەردىن باشقا، ئۇنتۇلماس بىر تارىخى ھەقىقەت بار. ئۇ بولسىمۇ ياۋروپانىڭ ئىسلام دىنى بىلەن يېڭى تونۇشمىغانلىقى. ئەسلىدە ئىسلام دىنى ياۋروپانىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى .

چۈنكى ياۋروپا بىلەن ئىسلام مەدىنىيەتلىرى، بىر بىرى بىلەن تارىختىن بېرى ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋەت ئىچىدە بولغان ئىككى مەدىنىيەتتۇر. باشتا ئىبىرىيە يېرىم ئارىلىدا ( بۈگۈنكى ئىسپانىيە ) قۇرۇلغان ئەندىلۇس ئىسلام مەملىكىتى، كېيىن ئەھلى سەلىپ يۈرۈشلىرى ۋە ئوسمان ئىمپىرىيەسىنىڭ شەرقى ياۋروپانى فەتىھ قىلىشى قاتارلىقلار، ياۋروپا بىلەن ئىسلام مەدىنىيەتلىرىنىڭ تارىختىن بېرى بىر بىرىنىڭ قويۇق تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىغا كۆمۈلگەن ياۋروپادىكى تەرەققى قىلىش ۋە ئىلگىرلەش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەسلى باشلامچىسىنىڭ ئىسلامىيەت ئىكەنلىكى بۈگۈن ئىنتايىن جىق ياۋروپالىق تارىخچى ۋە جەمىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىدۇ. تىبابەت، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەر ياۋروپادا تېخى تەرەققى قىلمىغان ۋاقىتتا، مۇسۇلمانلار بۇ پەنلەر توغرۇلۇق چوڭقۇر بىلىم غەزىنىسىگە ۋە تەرەققى قىلغان ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى.

ئىسلام دىنىنىڭ يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر ئامىل بولسا، يېقىنقى يىللاردا تېخىمۇ جىقايغان >>

دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرە << خىزمەتلىرى. ئۈچ ساماۋى دىنىنىڭ مەنبەسىنىڭ ئەينى ئىكەنلىكىنى ۋە ئورتاق بىر نۇقتىدا بىرلىشەلەيدىغانلىقىنى ئاساس قىلغان بۇ خىزمەتلەر ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشۋاتىدۇ. بولۇپمۇ خىرىستىيانلار ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىر يېقىنلىشىش پەيدا بولىۋاتىدۇ. الله قۇرئاندا مۇسۇلمانلارنىڭ، ئەھلى كىتاپنى ( خىرىستىيانلار ۋە يەھۇدىلار ) ئورتاق بىر كەلىمە ئاساسىدا يېقىنلىششقا تەكلىپ قىلىشى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

» >>ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللهغىل□ئىبادە□قىلىش، اللهغ□ھې□نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللهن□قۇيۇ□بىر- بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى دېگىن ) << ...ئال ئىمران سۈرىسى **64**.(

خىرىستىيانلار، يەھۇدىلار ۋە مۇسۇلمانلار، ئورتاق ئىتىقادلارغا ۋە ئەخلاقى كۆز قاراشلارغا ئىگە. الله نىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، پەرىشتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە، ئاخىرەت كۈنىگە، جەننەت ۋە دوزاقنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا ھەر ئۈچ دىنىنىڭ ئاساسى شەرتلىرىدىن بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. يەنە پىداكارلىق، كىچىك پېئىللىق، سۆيگۈ، خۇشخۇيلۇق، ھۆرمەت، مەرھەمەت، دۇرۇستلۇق، ھەر خىل ھەقسىزلىكتىن يىراق تۇرۇش، ئادىل بولۇش، ۋىجدانلىق بولۇش... قا ئوخشاش ئورتاق ئەخلاق كۆز قارىشىغا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئۈچ دىنىنىڭ بىر سەپتە يەر ئېلىشى، يەر يۈزىدىكى دىنسىز ئىدىئولوگىيەلەرنىڭ ۋە باتىل دىنى كۆز قاراشلارنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشلارنىڭ، غەۋغالارنىڭ، زۇلۇملارنىڭ ۋە ئازاپلارنىڭ ئاخىرلىششى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ .
>>دىنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇزاكىرە << خىزمەتلىرىگە بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئۈچ دىنىنىڭ ۋەكىللىرىنى بىر يەرگە يىغىش، ئورتاق كۈچ چىقىرىش ۋە يىغىنلار ۋاستىسى بىلەن تىنچلىق ۋە قېرىنداشلىق ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان بۇ خىزمەتلەر، **1990** ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرلىرىدىن باشلاپ تەرتىپلىك ھالدا داۋام قىلىۋاتىدۇ .

بۇلارنىڭ ھەممىنى توپلىغان چېغىمىزدا، دۇنيادا غايەت زور بىر ئىسلامغا يۈنىلىش بولىۋاتقانلىقىنى، ئىسلام دىنىنىڭ،

دۇنيانىڭ ئەڭ ئاساسلىق تېمىسى ھالىغا كەلگەنلىكى روشەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر دۇنيانىڭ ئەمدى يېپيېڭى بىر دەۋرگە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى ئىشارەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ يېڭى دەۋردە الله نىڭ ئىزنى بىلەن، قۇرئان ئەخلاقى ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا دولقۇن ـ دولقۇن يېيىلىدۇ. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بۇ ئۆزگىرىشلەر 14 ئەسىر بۇرۇن قۇرئاندا خوشخەۋەر قىلىنغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۆزگىرىش. الله قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

>>ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار (اللّٰهنى□نۇرىنى□(يەنى ئىسلام دىنىنى) ئېغىزلىرى (يەنى يالغان ـ ياۋىداق بوھتانلىرى)بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، ا□ئۆ□نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كافىرلار (بۇنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ. ا□ھەقدىن (ئىسلام) نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تولۇق) ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ ) << .تەۋبە سۈرىسى 32 ـ 33.(

يۇقىرىدىكى ئايەتتە كۆرگىنىمىزدەك ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يېيىلىشى الله نىڭ ئىمان ئېيتقانلارغا قىلغان بىر ۋەدىسىدۇر. قۇرئان ئايەتلىرىدىن باشقا، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسالامنىڭ ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) ئىنتايىن جىق ھەدىسلىرىدىمۇ قۇرئان ئەخلاقىنىڭ يەر يۈزىگە ھۆكۈمران بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەدىسلەردە دېيىلىشى بويىچە >> ئاخىرقى زامان << دەپ ئاتالغان قىيامەتنىڭ ئالدىدىكى بۇ دەۋردە، ئىنسانلار باشتا ھەقسىزلىقلار، ئادالەتسىزلىقلار، يالغانلار، ئۇرۇشلار، توقۇنۇشلار، غەۋغالار، زۇلۇملار، ئەخلاقى چۆكۈشلەر ئىنتايىن ئەۋج ئالغان بىر دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ .بۇ دەۋردىن كېيىن، قۇرئان ئەخلاقىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن تېز يېيىلىشقا باشلىغان ۋە ئەڭ ئاخىرىدا پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولغان >> ئالتۇن دەۋر << يېتىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسالامنىڭ ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم >> ( ئالتۇن دەۋر << توغرۇلۇق بەرگەن خوشخەۋەرلىرى ۋە بەزى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ بۇ توغرۇلۇق كۆز قاراشلىرى مۇنداق:

ـ ئادالەت شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇكى، ئۇخلاۋاتقان بىر ئىنسان ئويغىتىلمايدۇ ۋە بىر تامچىمۇ قان ئېقىتىلمايدۇ. دۇنيا سائادەت ئەسرىگە قايتىپ كېلىدۇ...

... ـ بۆرە بىلەن قوي بىللە ئوينايدۇ، يىلانلار بالىلارغا چېقىلمايدۇ، ئىنسان بىر چاڭگال ئۇرۇق چېچىپ، 700 چاڭگال ھوسۇل ئالىدۇ. رىياكارلىق، زىنا، ئىچىملىك قالمايدۇ، ئۆمۈرلەر ئۇزىرايدۇ ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىنمايدۇ. ئەسكىلەر ھالاك بولىدۇ...

....ـ ماللارنى تارقىتىدۇ، پەقەت مالنىڭ جىقلىغىدىن ھېچكىم ئۇنى ئالمايدۇ...

ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، >> ئالتۇن دەۋر << ئادالەت، مولچىلىق، بەرىكەت، ھوزۇر، بىختەرلىك، تىنچلىق، قېرىنداشلىقنىڭ ھۆكۈمران بولىدىغان دەۋرى بولىدۇ. ئاخىرقى زاماندا ( بۈگۈنكى دەۋر ) دۇنيانى ئادالەتسىزلىككە ۋە قانغا بويىغان پۈتۈن زۇلۇملار ۋە ئۇرۇشلار ئاخىرلىشىدۇ، ۋە بۇلارغا ئىسراپ بولغان پۇل ۋە ۋاقىت ئىنسانىيەتنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت پەن تېخنىكىدا تېخىمۇ تېز تەرەققى قىلىدۇ ۋە بۈگۈن مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان تەرەققىياتلار مەيدانغا كېلىپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بايلىقلار تەڭ تەقسىم قىلىنىدۇ، ھېچكىمگە ھەقسىزلىك قىلىنمايدۇ .

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) نۇرغۇنلىغان سەھىھ ھەدىسلىرىدە بۇ قۇتلۇق دەۋر ھەزرىتى مەھدىنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. ھەزرىتى مەھدى ئاخىرقى زاماندا ( بۈگۈنكى دەۋر ) دۇنياغا كېلىدۇ ۋە پۈتۈن دۇنيانى بۇ قالايمىقانچىلىقلاردىن، ئادالەتسىزلىكلەردىن ۋە ئەخلاقى چۆكۈشتىن الله نىڭ ئىزنى بىلەن قۇتقۇلدۇرىدۇ. ھەزرىتى مەھدى، ئىنكارچى ئىدىئولوگىيەلەرنى ۋە باتىل ئېتىقادلارنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدە داۋام قىلىۋاتقان ئادالەتسىزلىقلارنى، زۇلۇملارنى، تېرورنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ ۋە ئىسلامنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاقتىدىكى ساپ ھالىتىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىدۇ.

بۈگۈن دۇنيادا بولىۋاتقان جەڭگى ـ جىدەللەر ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىنتايىن تېز يېيىلىشى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن >> ئالتۇن دەۋرنىڭ << ئىنتايىن ئاز قالغانلىقىنى ئىشارەت قىلىۋاتىدۇ. ۋە

نۇرغۇنلىغان ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشى  بويىچە بۇ 20 يىل ئىچىدە ھەزرىتى مەھدى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. غايىپنى الله دىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئەمما بىز قۇرئان ئايەتلىرىگە ۋە رەسۇلللاھنىڭ ھەدىسلىرىگە قاراپ  بۇنىڭ ۋاقتىنى پەرەز قىلالايمىز. ھەدىسلەردە بېرىلگەن پۈتۈن ئىشارەتلەر بۇ زامانىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، ھەزرىتى مەھدىنىڭ كېلىش ھارپىسىدا بولىدىغان پۈتۈن ۋەقەلەر دەۋرىمىزدە يۈز بېرىۋاتىدۇ، بەزىلىرى يۈز بېرىپ بولدى. الله خالىسا بىز ئۇنىڭغا ئۆز كۆزىمىز بىلەن شاھىت بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە بىزنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ۋەزىپىمىز بولسا، قۇرئاننى رەھبەر قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، ھەر خىل << قىينىچىلىقلارغا >> باش ئەگمەي ئۆزىمىزگە ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق  بولغان بىلىم ۋە پەن تېخنىكا ئىگەللەشكە تىرىشىش، ھالال يول بىلەن تىجارەت قىلىپ  ئۆز ئارا ياردەم قىلىش...... ۋە بۇ << مۇبارەك زامانىنى >> ساقلاش  .بەلكىم ئالدىمىزدىكى يىللار تېخىمۇ قانلىق ۋە پاجىئەلىك بولىشى مۇمكىن، بەلكىم  دۇنيا ئۇرۇشى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، بەلكىم تېخىمۇ جىق بىگۇناھ ئىنسانلار ئۆلىشى  مۇمكىن... لېكىن بىز قۇرئاننى رەھبەر قىلىپ توغرا يولدا ماڭالىساقلا، بۇ  پاجىئەلەرنىمۇ يېڭىپ << ساق ـ سالامەت ئۆلشالايمىز >>ئالتۇن دەۋرگە  .

دۇنيانىڭ ھازىرقى ھالىتى بولسا ئىنتايىن قىيىن بىر تۇغۇتنىڭ ئالدىدىكى  شىددەتلىك سانجىققا ئوخشاۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ سانجىق تېخىمۇ ئېغىرلىششى مۇمكىن، بۇ << مۇبارەك پەرزەنتنىڭ >> دۇنياغا كېلىشىنى توسۇش ئۈچۈن << ئانىلار ۋە بوۋاقلار ئۆلتۈرۈلىشى >> مۇمكىن، لېكىن قانچىلىك بەدەل كېتىشىدىن  قەتئىنەزەر بۇ پەرزەنت دۇنياغا كېلىدۇ، ۋە  بۇ پەرزەنتنىڭ ساق ـ سالامەت دۇنياغا  كېلىشى ئۈچۈن سانسىزلىغان ئىسسىق جانلار پىدا بولىدۇ. لېكىن ئاخىرىدا الله نىڭ  ۋەدىسى ئىشقا ئاشىدۇ..!

ئى الله، بىزنى، سەن ۋەدە قىلغان << ئالتۇن  دەۋرگە >> ئۆز كۆزى بىلەن شاھىت بولغۇچىلاردىن قىلغىن!!!

# يامغۇر يىراق ۋە جىمجىت

**** ********** ******************************************* ...

يامغۇر، ناخشىدا ۋە دېرىزىدە... قاراڭغۇلۇقتا چۈمگەن ھۇجرا، ئاخشامغا ئۆزگەرگەن ۋاقتىنىڭ كۆلرەڭ نۇرى. دېرىزىلەردە ئىنچىكە سىزىقلار ھالىتىدە يامغۇر .تامچىلار ئۇستى-ئۇستىلەپ كېلىۋاتىدۇ، ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، كېيىن يوللارنى بويلاپ پەسكە چۈشىۋاتىدۇ. يىللار ئۆتتى ئەمما يامغۇرلارنىڭ دېرىزىلەرگە چۈششى، تامچىلارنىڭ بىر-بىرسگە تېگىشى، يالتىراق ئۈنچىلەرگە ئوخشاش يۇملاشلىرى ئۆزگەرمىدى. كۆلرەڭ ئاسفالىت قىنىق قارا رەڭگە ئۆزگىرىۋاتىدۇ. كوچىلار يامغۇر ئۈچۈن بوشتىلدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە بالا ھاياجان بىلەن تار ۋاقىتقا تېخىمۇ جىق ئويۇن تېخىمۇ جىق ھاياجان پاتقۇزۇشنىڭ دەردىدە. ھۆل بولۇشقا باشلىغان چاچلىرىغا، يۈزلىرىگە پەرۋا قىلماي ئويۇننىڭ مەڭگۈلۈك سېھري كۈچىگە ئۆزلىرىنى قانداق بەرگەنلىكلىرىنى بىلمەن .بىر ئويۇنغا ئۆزىنى بېرىشنىڭ خوشاللىقى ۋە ھۆللۈك ئەمدى ئۇلاردىن ماڭا ئۆتتى .يامغۇر بىردەمدىن كىيىن كۈچىيىدۇ، تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، يالتىراق ئۈنچىلەر خۇددى دېرىزىدىكىگە ئوخشاش يول گىرۋەكلىرىدە كىچىك ئېرىقلارغا ئايلىنىدۇ. ماشىنىلار پىيادىلەر يولىدا مېڭىۋاتقانلارنى، يولدىن ئۆتمەكچى بولغانلارنى ھۆل قىلىدۇ، بەزىلەر ئادەتلەنگەن قول ھەرىكتى بىلەن كۆنلۈكلىرىنى ئاچىدۇ.

پانىيلار ئۈچۈن دۇنياۋى ئىبادەت...

يامغۇر دۇنيانىڭ ئەڭ قەدىمكى >> تەبىئەت ھادىسلىرى << دىن بىرى. ھەر بىر يېغىش مىليونلىغان يىلدىن بېرى داۋاملاشقان بىر دۇنياۋى ئىبادەت. بىز پانىيلار ئۈچۈن ماشىنىلارنىڭ، ئىگىز بىنالارنىڭ، يوللارنىڭ يۈزىگە ياغقان يامغۇر خاتا بىر ھىس بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىنتايىن قەدىمكى ۋاقىتلارغا ئۇزانغان ھىكايىسىگە دىققەت قىلمايمىز. ھالبۇكى يامغۇر زامانغا، ئىنسانلارغا، تارىخقا، ھادىسلەرگە، ئۇرۇشلارغا، خاسلىقىمىزنىڭ قانداق بىر روھى-ھالەت ئىچىدە

ئىكەنلىكىگە پەرۋا قىلماستىن، ۋاقتى ـ زامانى يېتىپ كەلگەن بىر تەغدىرگە ئوخشاش ياغىدۇ. بىلىمىز، بىز كۆرمىگەن، بىلمىگەن، ھەتتا >> ئىنسان ئايىقى تەگمىگەن << يەرلەرگىمۇ يامغۇر يېغىشىغا داۋام قىلىدۇ. ئوكيانلارغا چۈشكەن جىمجىت يامغۇرلاردىكى تەسەللىسىز تۈيغۇنىڭ قېرىنداشى يامغۇر ئورمانلىرىنىڭ يۈتكەن بولۇڭلىرىدا شاخلارغا، يوپۇرماقلارغا چۈشكەن تامچىلارنىڭ ئاۋازىمىدۇر؟

مىليونلىغان يىلدىن بېرى تۇپراققا، دېڭىزلارغا، تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا يېغىپ تۇرغان يامغۇرنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتىمىز ئۈچۈن تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يېرى چوقۇم بار. پۈشكىننىڭ >> :سەن چار بولسەن: يالغۇز ياشا، يولۇڭدا يالغۇز يۈرگىن، / يۈرگىن ھۆر ۋىجدانىڭ سېنى تارتقان يەرگە << دېگىنىگە ئوخشاش بىر خاسلىق. بەلكىم زامانىۋى ئىنسان تەبىئەتنىڭ ھېچقانداق بىر تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. تەبىئەت بىلەن ھاياتى ئوتتۇرىسىغا تارتقان قېلىن سىزىق يامغۇرنىمۇ سان ـ ساناقسىز ئوخشاشلىقلار بىلەن بىللە يەنە بىر تەرەپتە قويۇپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. تاركوۋىسكى، مۆھۆرلەنگەن زاماندىن بىر سەھنىنى بايان قىلىدۇ : ئەسىرلەر ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى. ئەسكەرلەر ئەسىرلەرنى تام تۈۋىدە تىزىلدۇرۇپ بىر ـ بىرلەپ ئاتتى. ئەسىرلەردىن بىرى چاپىنىنى سالدى ۋە يامغۇر پاتقاققا ئايلاندۇرغان تۇپراقتا چاپىنىنى قۇيۇش ئۈچۈن قۇرۇق بىر يەر ئىزدەۋاتاتتى ....ئادەتلەنگەن ئىشنىڭ يېرى ۋە ۋاقتى يوق. كىم بىلىدۇ، يامغۇر قانچىلىغان جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆلۈك ئەسكەرلەرنىڭ يۈزلىرىگە، قوللىرىغا، يارىلىرىغا، چاچلىرىغا ياغدى. دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى، قالقانلىرى، قىلىچلىرى بىلەن يەردە ياتقان ياكى بومبا پارچىلىرى، زەمبىرەك ئوقى، كۆزى يوق ئوقلار تېگىپ يەرگە يىقىلغان ئەسكەرلەرنىڭ بارماقلىرىدىن، فورمىلىرىدىن تۇپراققا ئاققان قان ـ ئارىلاش يامغۇر سۇلىرى، ئۇلار يىقىلغان يەردە كىچىك كۆلچەكلەر پەيدا قىلدى، نىھايەت تۇپراقنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا غايىپ بولدى. ئەتىسى كۈنى بولىدىغان شىددەتلىك بىر جەڭ ئۈچۈن يەرلىرىگە جايلىشىپ ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر شەپەق ۋاقتى بىلەن تەڭ يېغىشقا باشلىغان يامغۇرنىڭ ئاستىدا نىملەرنى ئويلايدۇ؟ >> ھۆل بولماسلىق ئۈچۈن كۈنلۈكلىمىزنى ئاچقان بۇ يامغۇرغا قارشى بۈگۈن كۈنلۈكىمىز يوق، يامغۇر ۋۇجۇتىمىزغا، ئىچىمىزگە كىرىدۇ << دېگەن ئىرونىيە كارغا كېلەمدۇ؟ ياكى >> بىز دۇنياغا كېلىپ كىتىمىز ئەمما يامغۇرلار دائىم يېغىشىغا داۋام قىلىدۇ << دېگەن مەڭگۈلۈك بىر ئۆزلۈكسىزلىكنىڭ تەسەللىسى بىلەن، ئۆزلىرىنى يامغۇرغا قويۇپ بېرەمدۇ؟

باش جۈملىسىنى يامغۇر بىلەن باشلىغان رومانلار بار. تېخى مەزمۇنىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا تۈنجى جۈملىدە تۇتۇلۇپ قالىمىز... يامغۇر ھەققىدە ناخشىلار بار، >> نەپەستىن يۇمشاق << بىر يامغۇر بىلەن تەڭكەش قىلغان ناخشىلار .كىنولارنىڭ ئېچىنىشلىق سەھنىلىرىدىمۇ باش قەھرىمانىمىزنىڭ كۆزياشلىرىنىمۇ يەنە دائىم يامغۇر يۇشۇرىدۇ. يامغۇر ۋە كۆز يېشى ئارلاشقاندا باش قەھرىمانىنىڭ ھىسسىياتىمۇ يامغۇرغا ئائىت بولىدۇ ۋە ھەر يامغۇر ھۆللىكىدە بىزنىمۇ ئۆزىگە ئورتاق قىلىدۇ .

مەڭگۈلۈك ئۆزلۈكسىزلىككە كىتىدىغان تامچىلار

يامغۇر، ھەممىمىزنىڭ ھالىتىنى ۋە چۈشۈنچە شەكلىنى ئۆزگەرتىدۇ. يامغۇر پەقەت تالادىكى بىر >> ھادىسە ئەمەس<<. ۋاقىت ئۈچۈن يېڭى بىر تۈزۈم، جۈملىلەر ئۈچۈن يېڭى سۆزلەر، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر ئۈچۈن يېڭى بىر باغلام. قايسىدۇر بىر شائىر : ـ بۇ يامغۇر بۇ يامغۇر بۇ قىلدىن ئىنچىكە / نەپەستىن يۇمشاق ياغقان بۇ يامغۇر... دەپ باشلىغان بىر شېئىرنى يازغان ئىدى. يامغۇرلار بىلەن تونۇش ئىدىم. ئۇنى بىر مىھمانخانىنىڭ ھۇجرىسىدا، گىرۋەكلىرى ياغاچتىن ياسالغان بىر دېرىزە ئالدىدا، شەھەرنىڭ يۇقىرىدىن دېڭىزغا قارىغان بىر يېرىدە، يامغۇرغا قاراپ خىيالغا پېتىپ كەتكەن ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. مەنمۇ قىلدىن ئىنچىكە ۋە نەپەستىن يۇمشاق ياغقان يامغۇرلارنى كۆردۈم، راستىنلا باشقىچە چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى ۋە ھەر بىر سۆز يېغىش بىلەن ئىنتايىن ماسلىشاتتى. شەھەرلەرنى جىمجىت، تىنچ، ئىنسانلارنى تاشقى دۇنيادىن ئېلىپ ئۆز ئىچىگە قاراتقان، ھۆللىكى بىلەن شەپقەتلىك بىر غەمكىنلىك بولغان يامغۇرلار ئىدى بۇلار. بۇ يامغۇرلارمۇ باغچىدا بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشى مۇمكىن، يەردىكى چىملىقلارغا، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىغا، بەزىدە بېشىڭىزغا، قوللىرىڭىزغا، قىنىق داغلار ھالىتىدە كىيىمىڭىزگە يېغىشىنى كۆرەلەيسىز. چۈنكى بۇ يامغۇر، تۇپراققا، تاشقا، ئۇستىمىزگە، شېئىرلارغا، رومانلارغا، كىنولارغا كۆچىيىپ، پەسىيىپ، بەلكى ۋاقىتلىق توختاپ، ئەمما ھەر ۋاقىت، ھاياتنىڭ بىر پارچىسى بولغان ھالدا يېغىشقا داۋام قىلىدۇ...

# باشقچە بىر دۇنيا

***

زامانىۋى پەن ـ پەن تېخنىكا بىلەن كاپىتالىستىك ئىدىئولوگىيە بىر ـ بىرسىگە يار ـ يۆلەك بولۇپ دۇنيانى كىچىك بىر كەنتكە ئايلاندۇردى. بۇ دۇنيا قارىشىنىڭ مەخستى پايدا تېپىش. توختىماي پايدا تېپىش .

راۋاجلىنىش. توختىماي راۋاجلىنىش. ( بەزىدە تېخى ئاندا ـ مۇندا تەڭشەپ قويۇش ئۈچۈن >> داۋاملاشتۇرغىلى بولىدىغان راۋاجلىنىش << قا ئوخشاش غەلىتە گەپلەر بار. ) سەرمايىنىڭ >> سەمرىشى<< ، توختىماي >> سەمرىشى .<< ۋە بىر تەرەپتىن بۇ چاقنىڭ توختىماي ئايلىنىپ تۇرىشى ئۈچۈن ئىستېمال .توختىماي ئىستېمال. ئەڭ ئاخىرقى چېكىگىچە ئىستېمال.

بۇ كېتىپ بېرىشنىڭ ئىسمى بولسا ئوپئوچۇق دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىنساننى تۈگەشتۈرۈش، ھالاك قىلىشتۇر. رازىلىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشتۇر. ئەمما چاقلار مۇشۇنداق قۇرۇلدى، پۈتۈن سېستىما مۇشۇنداق ئىشلەيدۇ، مۇشۇنداق بولىشنى خالايدۇ. سائەتلىك بومبىنىڭ >> چىك ـ چىك << لىرى توختىمايۋاتىدۇ. توختىمايدۇ. توختىماسلىقى كېرەك دەپ خۇددى گېپىنوز بولغاندەك تەكرارلاپ تۇرىۋاتىمىز .

بۇ تۈزۈم دۇنيادىكى باي، كۈچلۈك، قۇراللىق، زالىم ۋەلېكىن كىچىككىنە بىر ئاز سانلىقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ .

بۇ بايلار بەزىدە بىر يىغىلىدۇ، بۇ تۈزۈمنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن يېڭى قارارلارنى چىقىرىدۇ. بۇ تۈزۈم ئۆزىنى دېموكراتىك دەپ ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن ) ئىنتايىن مۇجمەل بىر ئۇقۇمدۇر بۇ دېموكراتىيە دىگەن. يەنە كىشىلىك

هوقۇق ۋە قوشۇمچىسى بولغان ھەر خىل خەلق تەشكىلاتلىرى ) ۋە دېموكراتىيەنىڭ >> زۆرۆرىيىتى << تۆپەيلىدىن ئۆكتىچىلەرگە ئېھتىياجى باردۇر. بىر ئۆكتىچىگە ئېھتىياجى بولسا ئۇ ئاسان، ھاكىمىيەت ئۇنىمۇ لاھىيەلەپ چىقىدۇ. بۇ لاھىيەنىڭ قارىماققا راستەك كۆرۈنىشى ئۇچۇن ئۆكتىچىلەر ھەقىقەتەن ئۆكتىچىلىك قىلغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك. ۋە ئەلۋەتتە كەڭرى بىر مەيدان، بىر نارازىلىق، بىر ئۆزىنى نامايەن قىلىش، بىر نامايىش .

ھۆكۈمەتسىزلىكنى تەرغىپ قىلغۇچىلاردىن تارتىپ قوش جىنسلىقنى رىغبەت قىلغۇچىلارغىچە بولغان رەڭگارەڭ، كۆڭۈللۈك، بەزىدە سەل ھەددىدىن ئاشقان ئۆكتىچىلەر، ھاكىمىيەتنىڭ ( بايلارنىڭ ) يىغىن يېرى ۋە ۋاقتىنى بىلگەنلىكى ئۇچۇن ئۇ يەرلەردە نامايىش قىلىدۇ ...

ۋاقىرايدۇ، جاقىرايدۇ، بايراقلارنى پۇلاڭشىتىدۇ، ساقچىلار بىلەن توقۇنۇشىدۇ. ئۆكتىچى سالاھىيىتىنى ۋە شوئارلىرىنى توۋلايدۇ.

بۇ ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ ئۆزىگە خاس بىر پىكرى، پەيلاسوپى، تېئورىيەسى، خىتابنامىسى، كىتابى، تەشكىلاتلىرى... بارمۇ؟ ياكى ئېلىپ بارغان نامايىشلىرى پەقەت بىر تەنتەنەمۇ؟

ئەلۋەتتە تەنتەنە ئەمەس، بەزىلىرى ھەقىقەتەن ئۆكتىچى. لېكىن ئاغزىدا پەقەت بىرلا شوئار بار. مۇنداق شوئار :

>>باشقىچە بىر دۇنيا قۇرالايمىز .<< خــــوش، بۇ >> باشقىچە، ئادالەتلىك << دۇنيانى قۇرۇشقا مۇمكىن قىلىدىغان، بۇ پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغان، شوئارنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان بىر پىكىر - چۈشۈنچە پىشىپ - يېتىلدىمۇ؟

ياق.

پەقەتلا شوئار .

بوپتۇ. ئۇمۇ ئىشقا يارايدۇ .قانداق يارايدىغانلىقىغا قاراڭلار. خۇددى كۇبانىڭ >> كېلىشكەن << ئىنقىلاپچىسى Che Guevaraنىڭ رەسىملىرى كۆينەكلەرنى، مايكىلارنى، تاملارنى بېزىگەنىگە ئوخشاش، ئېلانچىلارمۇ بۇ شوئارنى ئۆي سېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ.

سىلەر ئۈچۈن >> باشقىچە بىر دۇنيا قۇرىمىز << دەيدۇ.

دۇنيادا قۇرۇلۇش، يەر-مۈلۈك ساھەسى ئىنتايىن ئىلگىرلەپ كەتتى .بولۇپمۇ جۇڭگوغا ئوخشاش ئىقتىسادى قورقۇنۇچلۇق بىر سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تېخىمۇ ئىلگىرلەپ كەتتى. بىنالارنى نەگە سېلىۋاتىدۇ؟ شەھەرلەرنىڭ ئەڭ تاللانغان، چىرايلىق يەرلىرىگە.

دۇنيانىڭ نەرىدە بولسۇن بىر گېزىت ئېلىپ ۋاراقلاپ باقسىڭىز، گېزىتنىڭ يېرىمى دىگۇدەك، يېرىم بەت، ھەتتا پۈتۈن بەتنى قاپلىغان ھەشەمەتلىك داچا ئېلانلىرىغا، بىنا ئېلانلىرىغا، كومپيۇتېرنىڭ ماھارىتى بىلەن >> جەننەت باغچىلىرىغا << ئايلاندۇرۇلغان پالانچى ئۆيلىرى، پۈستانچى بىنالىرىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرەلەيسىز .

بۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك ئوخشاش بىر خىل ياشاش ئۇسۇلىنىڭ ئېلانىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەتراپلىرى دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ئىنتايىن گۈزەل بىر يەرلەرگە سېلىنغان تۇرالغۇ بىنالار، ئوتتۇرىسىدا سۈنئى بىر كۆل، كۆلدە بېلىقلار، ئۆدەكلەر، كۆلنىڭ بويىدا سەيلى قىلىدىغان يوللار .ماشىنا توختىتىدىغان يەرلەر، باللار باغچىسى، تېننىس مەيدانى، ۋاسكىتبول مەيدانى، كىچىك پۇتبول مەيدانلىرى. سۇ ئۈزۈش كۆللىرى، ئوچۇق ۋە يېپىق چېنىقىش زاللىرى، ئۇۋىلاش، ساڭنا، رېستوران.........

تەرەققى قىلغان، ئېلېكترونلۇق، كىچە - كۈندۈز قوغدىلىدىغان بىنالار...

خەلقتىن ۋە ھاياتتىن ئايرىلغان ياشاش ئۇسۇلى. تار كوچىلار يوق، مەھەللىلەر يوق.... بىخەتەرلىك ئىچىدە،

بەختلك ياشاۋاتقان ئائىلىلەر. بىز نىمە دىيەلەيمز؟

پۇلى بارلار ياشىسۇن.

ئۇنداقتا پۇلى يوقلارچۇ؟

ئۇلارمۇ نەپسىنى ئېلىۋېرىدۇ .چۈنكى هاۋا بىكالىق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشىنىڭ هاجىتى يوق، ئۇلار ئۆچۈن دۇنيانىڭ هەممە يېرىدە ۋە دۆلىتىمىزدە ئىجتىمائىي ياردەم پىلانلىرى لاهىيەلىنىپ يولغا قويۇلىۋاتىدۇ. نېمىلا قىلمىغان بىلەن ئۇلارمۇ ئادەمدە... قورقماڭلار دۇنياۋى تەلىماتلار زامانىۋى - پەن تېخنىكا بىلەن قولمۇ - قول تۇتۇشۇپ هەممە قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيدۇ؟؟؟ ماڭا ئىشىنىڭلار..........؟؟؟؟؟؟؟

***

# يەھۇدىيلار ھەققىدە ئادالەتلىك بولۇش كىرەك

ئوتتۇرا شەرىقتە ئىسرائىلىيە دۆلىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە، ئېرقچى بىر ئىدىئولوگىيە بولغان زىئونىزمغا ئەگەشكەن بەزى يەھۇدىيلارنىڭ، پەلەستىنلىك ۋە باشقا ئوتتۇرا شەرىقلىق مۇسۇلمانلارغا قارشى رەھىمسىز بىر باسقۇنچۇلۇق، بېسىم ۋە قىرغىنچىلىق سىياستى يۈرگۈزىۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز .ئەلۋەتتە ھەربىر مۇسۇلمان ۋە ئادالەت بىلەن ۋىجدان چۈشۈنچىسگە ئىگە بولغان باشقا ئىتىقادتىكى كىشىلەر، بۇ ناھەق زۇلۇمنى ئەيىپلەيدۇ ۋە ئەيىپلىشى ھەقلىقتۇر.

)ئەسكەرتىش: زىئونىزىم ياكى ئىنگىلىزچە ئوقۇلۇشى بويىچە زايئونىزىم - **Zionism** پەلەستىندە بىر ئېرقچى يەھۇدى دۆلىتى قۇرۇش ئېقىمىغا بېرىلگەن ئىسىم(

ئەمما بۇ نۇقتىنىڭ ئىككىنچى بىر تەرىپى بار بولۇپ، ئۇنىمۇ چوقۇم ھسابقا ئېلىشىمىز كېرەك .بۇ ئىككىنچى مۇھىم نۇقتا بولسا، بەزى يەھۇدىيلارنىڭمۇ باشقا ئىتىقادلار ۋە مىللەتلەر تەرىپىدىن ناھەق زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ۋە قىيىن - قىستاق كۆرگەنلىكىدۇر. خەلقئارادا >> ئانتىسېمىتىزم << دەپ ئاتالغان يەھۇدى دۈشمەنلىكى، ھەر خىل چېكىدىن ئاشقان گۇرۇھلار، فاشىست رېجىملىرى ۋەياكى ئېرىقچى گۇرۇھلار تەرىپىدىن قوللىنىلدى ۋە بۇ >> يەھۇدىيلارنى ئۆچ كۆرۈش << ئىدىيەسى سەۋەبىدىن ئىنتايىن جىق يەھۇدى زۇلۇمغا ئۇچرىدى ۋە بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلدى.

بۇ زۇلۇمغىمۇ چوقۇم قارشى تۇرىشىمىز كېرەك.

بىز ئېرقچى ۋە زالىم بىر ئىدىئولوگىيە بولغان زىئونىزىمغا قارشى تۇرىمىز. ئەينى ئۇسۇلدا، ئېرقچى ۋە زالىم بىر ئىدىيە بولغان ئانتىسېمىتىزمغا يەنى يەھۇدىيلارغا دۈشمەنلىك قىلىدىغان ئىدىيەگىمۇ قارشى تۇرىمىز. چۈنكى ئىتىقادىمىز، دۇنيادىكى ھەر مىللەتكە ۋە ھەر ئىتىقادقا ئادالەت بىلەن خوش كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تەۋسىيە قىلىدۇ.

الله قۇرئاننىڭ بىر ئايىتىدە ھەممە ئىنسان ئۈچۈن ئادالەتنى بەرپا قىلىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ:

>>ئى مۇئمىنلەر !خۇدالىق ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشتە، ئۆزەڭلارنىڭ ياكى ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى تۇغقانلىرىڭلارنىڭ زىيىنىغا (گۇۋاھلىق بېرىشكە) توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىڭلار، (گۇۋاھلىق بېرىلگۈچى) باي بولسا (ئۇنىڭغا رىئايە قىلماستىن)، ياكى پېقىر بولسا (ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتماستىن) ھامان ئادىل گۇۋاھ بولۇڭلار، ا□سلەردى‌ئۇلارغا يېقىندۇر (يەنى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نېمىدە بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ)، نەفسى ـ خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ (ھەقىقەتتىن) بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگەر تىلىڭلارنى تولغىساڭلار (يەنى گۇۋاھلىقتىكى پاكىتنى بۇرمىلىساڭلار)، ياكى گۇۋاھلىقتىن باش تارتساڭلار، مۇنداقتا ا□ھەقىقەتە‌سلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغۇچىدۇر << .نىسا سۈرىسى ـ 135 ئايەت.

ئەگەر بىر كىشى، زىئونىزىمنىڭ ئۆتكەزگەن جىنايەتلىرىنى باھانە قىلىپ، بىگۇناھ يەھۇدى پۇقرالىرىنى ئەيىپلىسە ۋە بوزەك قىلسا، ئادالەتكە قارشى چىققان بولىدۇ. ئىسرائىلىيە دۆلەت تېرورىنىڭ ناھەق تاجاۋۇزلىرىغا ۋە ئىشغاللىرىغا قارشى بىگۇناھ يەھۇدى پۇقرالىرىنى نىشان قىلغان تېرورچىلىق ھەرىكەتلىرى بولسا، ئادالەتتىن پۈتۈنلەي ئازغان ۋە بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ ئىنتايىن چوڭ گۇناھ ئىشلىگەن بولىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئەھلى كىتاپقا بولغان خۇشخۇي مۇئامىلىسى

يەھۇدىلار مىڭلارچە يىل ياشىغان پەلەستىندىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى ـ 70 يىلىدا، بۇتپەرەس رىم ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىندى ۋە 19 ئەسىر بويىچە سۈرگۈندە ياشىدى. بۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە بولۇپمۇ خىرىستىيان دۆلەتلىرىدە دائىم بېسىم ۋە زۇلۇم كۆردى، نۇرغۇنلىغان قېتىم يۇرتلىرىدىن سۈرگۈن قىلىندى، ھەتتا كوللىكتىپ قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. يەھۇدىلار بۇ سۈرگۈن ھاياتىدا پەقەت ئىسلام تۇپراقلىرىدا ئەڭ راھەت ۋە بىخەتەر ھايات ياشىيالىدى. ئىسلام دۇنياسىدا ھېچقاچان بىر ئانتىسېمىتىزىم ھەرىكىتى كۆرۈلمىگەن ئىدى. ئىسلام تۇپراقلىرىدا يەھۇدىلار ( ۋە خىرىستىيانلار ) ئۆز ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەتتا ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولغان ھالدا

ھچقانداق بىر بېسىم ۋە زۇلۇم كۆرمەي ئەسىرلەرچە ياشىدى .

بۇ خوشكۆڭۈل ۋە بىخەتەر مۇھىتنىڭ ئاساسى سەۋەبى بولسا، قۇرئان ئەخلاقى ئىدى. قۇرئاندا يەھۇدىلار ۋە خىرىستىيانلار >> ئەھلى كىتاپ << دەپ ئىپادە قىلىنىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھلى كىتاپ بىلەن دوستانە بىر مۇھىتتا ياششىنى تەۋسىيە قىلىدۇ .قۇرئاندا ئەھلى كىتاپنىڭ تاماقلىرىنى يېيىش ۋە ئەھلى كىتاپنىڭ ئاياللىرى بىلەن توي قىلىپ ئائىلە قۇرۇش مۇسۇلمانلارغا يول قويۇلغان ( مائىدە سۈرىسى،5 ). بۇ ھۆكۈملەر، مۇسۇلمانلار بىلەن ئەھلى كىتاپ ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ئارقىلىق تۇققانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى قۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى، ئىككى تەرەپنىڭ بىر بىرسىنى تاماقىا تەكلىپ قىلالايدىغانلىقىنى كۆرستىدۇ، ۋە بۇ ئىللىق ئىنسانى مۇناسىۋەتلەر بولسا، ھۇزۇرلۇق، تىنچ بارابەر بىر ھايات قۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر.

الله قۇرئاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىك ئىنسانلارغىمۇ ( يەنى الله دىن كەلگەن ۋەھىگە ئىشەنمىگەن بۇتپەرەسلەرگە، الله غا شېرىك كەلتۈرىدىغانلارغا ) ئامانلىق بېرىشنى ئەمىر قىلىدۇ >> : ئەگەر مۇشرىكلاردىن بىرەر كىشى سەندىن ئامانلىق تىلىسە، تاكى ئۇ اللهنى□كالامىن□(يەنى قۇرئاننى) ئاڭلىغانغا (يەنى پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ ھەقىقتىگە يەتكەنگە) قەدەر، ئۇنىڭغا ئامانلىق بەرگىن، ئاندىن(ئۇ ئىمان ئېيتمىسا)، ئۇنى(جىنى، مېلى) ئامان تاپىدىغان جايغا يەتكۈزۈپ قويغىن، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار (ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقتىنى) ئۇقمايدىغان قەۋمدۇر ) << .تەۋبە سۈرىسى 6 ). مۇشرىكلار بىلەن قىياس قىلغاندا، مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ يېقىن بىر ئىتىقاد ۋە ئەخلاققا ئىگە بولغان ئەھلى كىتاپقا بولسا، تېخىمۇ جىق ھۆرمەت، خۇشكۆڭۈللۈك ۋە ياردەم سۆيەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك .

بىر باشقا ئايەتتە الله، كىتاپ ئەھلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن غەيرى مۇسلىملارغا، مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنچە مۇئامىلە قىلماسلىق شەرتى بىلەن، ياخشىلىق قىلىش كېرەكلىكىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دەيدۇ:

) >>كۇففارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن ھەيدەپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك،

ا□ئۇلارغ□ياخشىلىق قىلىشقىلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ، شۈبھىسىزكى، ا□ئادىللارن□دوست تۇتىدۇ ) << .سۈرە مۇمتەھىنە 8.(

شۇنداقلا، مۇسۇلمانلار، ئۆزلىرى بىلەن بىر جەمىيەتتە ياشاۋاتقان پۈتۈن يەھۇدى ۋە خرىستىيانلار بىلەن ئىنتايىن ئىللىق بىر خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى قۇرۇشقا مەجبۇر. مۇسۇلمانلار جىق سالماقنى ئىگەللەيدىغان بىر دۆلەتتە بولسا، ئەھلى كىتاپ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر ئامانەتتۇر. ئۇلارنى ھۇزۇر ۋە ئامانلىق ئىچىدە ياشىتىش، ھەرخىل خىيىم - خەتەردىن قوغداش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر دىنى ۋەزىپە. يەھۇدىلارنىڭ تارىختا ئىنتايىن جىق قېتىم، پەقەت ئېتىقادى ياكى ئېرقى تۈپەيلىدىن، مەدىنى ھەق ھوقوقلاردىن مەھرۇم قىلىنىشى، ئىسمىنى ئاشكارا قىلىشقىمۇ قورقىدىغان دەرىجىدە بىر بېسىم ۋە قورقۇشنىڭ ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم قىلىنىشى، قورقۇنۇچلۇق يىغىۋلىش لاگىرلىرىغا سولىنىشى بولسا ئۇلارغا قىلىنغان ئىنتايىن زور بىر زۇلۇم. بىر مۇسۇلمان بۇ خىل زۇلۇملارغا قارشى تۇرۇش بىلەن بىللە، بۇ زۇلۇملارنى توختۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

نادان ئىنسانلاردا، >> ئۆزىگە ئوخشىمىغانلارغا يامان نىيەت بىلەن قاراش << قا ئوخشاش بىر كىسەللىك بار. بۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن، تارىختا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا جەمىيىتىدە ۋە كۈنىمىزدە يەھۇدىلار ھەققىدە قالايمىقان ئەيىپلەشلەر، تۆھمەتلەر، ئاساسسىز غەيۋەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. الله قۇرئاندا ئۇلارنىڭ قايسى جەھەتتىن خاتالاشقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، لېكىن ئۇلارغا ئادالەت ۋە ياخشىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ. الله بىر ئايەتتە ئەھلى كىتاپقا مۇنداق دېيىشىمىزنى بۇيرۇيدۇ ... >> :ئېيتىڭلاركى، «بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز اللهغ□بويسۇنغۇچىلارمى□ ) <<ئەنكەبۇت سۈرىسى 46 .(

رادىكال زىئونىزىم بىلەن يەھۇدىچىلىكنى ئايرىش

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، الله مۇسۇلمانلارغا ئەمىر قىلغان باشقىلارغا ئادالەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش بولسا، ئىسلام

تارىخى بويىچە داۋام قىلدى. مۇسۇلمانلار ئەسىرلەرچە يەھۇدىيلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلدى ۋە يەھۇدىيلارمۇ بۇنىڭغا دوستلۇق ۋە ۋاپادارلىق بىلەن جاۋاپ بەردى. ئەمما بۇ دوستانە مۇھىت بولسا كېيىنكى زامانلارغا كەلگەندە باتىل ئېتىقادلارنىڭ تەسىرىگە كىرگەن يەھۇدىيلار ۋە بولۇپمۇ زىئونىزمنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇزۇلدى.

زىئونىزم بولسا ئىبرانى تىلىدىكى زىئون يەنى **Zion** دىگەن شەھەرنىڭ ئىسمىدىن كەلگەن بولۇپ، ھازىرقى ئېرۇسالىمنى تارىختا يەھۇدىيلار زىئون دەپ ئاتايتتى. يەھۇدى ئېتىقادى بويىچە زىئون شەھىرى داۋۇت ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن قۇرۇلغان شەھەر ئىدى. زىئون شەھىرىنىڭ يەنە ئەڭ ئاخىرقى شەھەر، ھۆكۈمرانلار شەھىرى دىگەن مەنىسىمۇ بار. مەسىلەن بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئىشلەنگەن ھوللىۋۇد فىلىمى **Matrix** تا، ئىنسانلار ياشىغان ئەڭ ئاخىرقى شەھەرنىڭ ئىسمى زىئون ئىدى.

زىئونىزم، **19** ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقىلىپ كەتكەن يەھۇدىيلارنىڭ بىر دۆلەت قۇرۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بىر ئىدىئولوگىيە ئىدى. ئەمما ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن باشقا ئىدىئولوگىيەلەرگە ئوخشاش زىئونىزم ئىدىئولوگىيەسىمۇ بۇزۇلۇشقا ئۇچرىدى، ۋە بۇ ھەققانى تەلەپ، زۇلۇم ۋە تېرور كۈچى ئىشلىتىدىغان، زالىم كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاق قۇرىدىغان رادىكال بىر ئىدىيەگە ئايلاندى. **19** ـ ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ ئىككى مۇھىم سىمۋولى بولغان ئېرقچىلىق ۋە مۇستەملىكچىلىككە زىئونىزممۇ قوشۇلغان ئىدى .زىئونىزىمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا، ئۇ زامانىنىڭ باشقا ئىدىئولوگىيەلىرىگە ئوخشاش دىنسىز بىر ئىدىئولوگىيە ئىدى. زىئونىزىمنى ئوتتۇرىغا چىقارغان يەھۇدىيلار دىنى ئېتىقادلىرى ئىنتايىن سۇس بولغان كىشىلەر ئىدى. ھەتتا جىقى ئاتېئىست يەنى دىنسىز ئىدى. يەھۇدىيلىكنى بىر ئېتىقاد بىرلىكى ئەمەس، بىر ئېرقنىڭ ئىسمى دەپ قارايتتى .يەھۇدىيلارنىڭ ياۋروپالىق مىللەتلەردىن پەرىقلىنىدىغان ئالاھىدە بىر ئېرق ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىلەن بىللە ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، چوقۇم ئۆزلىرىگە بىر يۇرت تېپىشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئۇلارنىڭ پەلەستىننى تاللىشى بولسا پۈتۈنلەي تارىخى ۋە سىياسىي سەۋەپلەردىن ئىدى.

زىئونىزم ئوتتۇرا شەرىققە قەدەم باسقان كۈندىن باشلاپ، ئازاپ ـ ئوقۇبەت ۋە زۇلۇمنى بىللە ئېلىپ كەلدى.

ئىككى دۇنيا ئۇرۇشى ئارىسىدا، زىئونىست تېرور تەشكىلاتلىرى ئەرەپلەرگە قارشى قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ باردى. **1948** ـ يىلى ئىسرائىلىيەنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن بىللە، زىئونىزىمنىڭ كېڭەيمچى سىياستى ئوتتۇرا شەرقنى تۈگمەس بىر بالانىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىردى .

بۇ زۇلۇملارنىڭ ئاساسى سەۋەبى بولسا، **19** ـ ئەسىردىن مىراس قالغان ئىرقچى، مۇستەملىكچى ۋە سوتسىئال دارۋىنىستىك ئىدىئولوگىيە ئىدى. ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا دائىم بىر توقۇنۇش بولۇشى كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، <<كۈچلۈكلەر ھايات قالىدۇ، ئاجىزلار ھالاك بولىدۇ>> دىگەن پەلسەپەگە ئىتىقاد قىلىدىغان دارۋىنىزىم ئىدىئولوگىيەسى، نېمىس مىللىتىنى ناتسىزىمغا ئىتتىرگىنىگە ئوخشاش، يەھۇدىلارنىمۇ زىئونىزىمغا ئىتتىردى. زىئونىزىم بولسا، فاشىزىمنىڭ بىر تۈرىدۇر، فاشىزىم بولسا دىندىن ئەمەس، دىنسىزلىكتىن مەيدانغا كېلىدۇ. فاشىزىمنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش، زىئونىزىممۇ دىننى ئۆز مەخستى قوللاندى .

تەۋراتنىڭ زىئونىستلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىشى

تەۋرات ـ الله مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي قىلغان بىر مۇقەددەس كىتاپتۇر. الله قۇرئاندا >> :بىزھەقىقەتەن مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (تۇغرا يولغا يىتەكلەيدىغان (ھىدايەت ۋە نۇر بار ) << ...مائىدە سۈرىسى، 43 ) دەپ بۇيرۇيدۇ. يەنە قۇرئاندا بىلدۇرۇلگىنى بويىچە، تەۋرات كېيىن ئۆگەرتىلىپ كەتكەن ۋە ئىنسان سۆزى ئارىلىشىپ كەتكەندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈنكى تەۋرات >> مۇھەررەف تەۋرات << يەنى >> ئىنسانلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئۆزگەرتىلىپ كەتكەن تەۋراتتۇر.<<

شۇنداقتىمۇ >> مۇھەررەف تەۋراتنى << تەتقىق قىلغاندا، ئىچىدە ھەق دىننىڭ نۇرغۇنلىغان ئىزلىرىنى كۆرەلەيمىز. الله غا ئىمان ئېيتىش، تەسلىمىيەت ۋە شۈكۈر، الله دىن قورقۇش، الله سۆيگۈسى، ئادالەت، شەپقەت، مەرھەمەت، زۇلۇمغا ۋە ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھەق دىننىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزگەرتىلگەن تەۋراتتا ۋە باشقا >> كونا توختام << كىتاپلىرىدا بار. ( ئەسكەرتىش، كونا توختام ـ توختام،

تەۋراتنى شەكىللەندۈرگەن 39 كىتاپنىڭ ئومومىي ئاتىلىشى، تەۋرات كونا توختام، ئىنجىل بولسا يېڭى توختام دەپمۇ ئاتىلىدۇ.(

ئۆزگەرتىلگەن تەۋراتتا، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئۇرۇشلار ۋە بۇ ئۇرۇشلاردىكى قىرغىنچىلىقلار توغرۇلۇق مەزمۇنلار بار. ئەگەر بىر زىئونىست يەھۇدىنىڭ مەخستى، قىلماقچى بولغان قىرغىنچىلىقلىرى ۋە جىنايەتلىرى ئۈچۈن بىر >>يۆلەنچۈك << تېپىش بولسا، بۇ ئۆزگەرتىلگەن تەۋرات ئايەتلىرىنى ئۆزىگە >> دەلىل << قىلىشى تەبىئىي ئەھۋالدۇر. زىئونىزىم، بىر فاشىزىم تېرورى بولغان ئۆزىنىڭ تېرورىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىدى. مەسىلەن، ئۆتمۈشتە بولغان بەزى ئۇرۇش ۋە قىرغىنچىلىقتا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئۆزگەرتىلگەن تەۋرات ئايەتلىرىنى، مەزلۇم پەلەستىن خەلقى ئۈچۈن ئىشلەتتى. بۇ ۋىجدانسىزلارچە قىلىنغان بىر ئىشتۇر. دىننى بىر ئىرقچى ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن سۈيئىستىمال قىلىشتۇر .

)بىر ئۆزگەرتىلگەن تەۋرات ئايىتىدە ئەينەن مۇنداق دەپ بار >> ۋە ئاللاھ ئۇلارنى سېنىڭ قولۇڭغا بەرگەن چېغىدا ، پۈتۈن ئەركەكلىرىنى ئۆلتۈرسەن، ئاياللىرىنى، باللىرىنى، ھايۋانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ شەھرىدە بولغان ھەممە نەرسىنى تالان ـ تاراج قىلىسەن، ۋە ئاللانىڭ ساڭا بەرگەن دۈشمەنلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى يەيسەن، ئاللانىڭ ساڭا مىراس قىلىپ بەرگەن بۇ شەھرىدىكى نەپەس ئالغان ھېچكىمنى ساق قويمايسەن، كەنان خەلقىنى ئاللانىڭ ساڭا ئەمىر قىلغىنى بويىچە پۈتۈنلەي يوق قىلىسەن.( **Tesniye, Bab 20/10 ـ 17**) .

نۇرغۇنلىغان دىندار يەھۇدىلار، بۇ تەۋرات ئايەتلىرىنىڭ پەلەستىن خەلقىگە قارشى ئىشلەنگەن جىنايەتلەرنى ھەقلىق كۆرسۈتۈش ئۈچۈن سۈيئىستىمال قىلىنىشىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ. قارشى چىقىشى كېرەك، چۈنكى زىئونىزىم، ئوتتۇرا شەرىقتە ۋە دۇنيادا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇم ۋە >> شوراش << سىياستىنى >> يەھۇدىلىك << نىقابى ئاستىدا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ دۇنيادىكى ھەققى تىنچلىقپەرۋەر يەھۇدىلارغا زىيان سېلىۋاتىدۇ .ئىسرائىلىيە پۇقرالىرىنى ۋە باشقا ئەللەردىكى تىنىچ يەھۇدى پۇقرالىرنى، زىئونىزىمدىن ئىنتىقام ئېلىش پېشىگە چۈشكەن بەزى رادىكال گۇرۇھلارنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندۇرىۋاتىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، ئىسلام دىنى بولسۇن ياكى خرىستىيان دىنى بولسۇن ياكى يەھۇدى دىنى بولسۇن، ناھەق جىنايەت ۋە زۇلۇمغا قەتئىي يول قويمايدۇ! ئەمما ھەممە دىندىن، ھەممە ئېتىقاد ئىچىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىن رادىكال، رەھىمسىز ئىنسانلار چىقىدۇ. ئەسلى مەخسىتى قان تۆكۈش، ئازاپ تارتقۇزۇش، كىبىر ۋە غورورلىرى ئۈچۈن ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىش بولغان بۇ ئىنسانلار، دىنى ئۇقۇملارنى ئۆز خاھىشى بويىچە بۇرمىلاپ سۇيئىستىمال قىلىدۇ .

بۇنىڭدىن شۇ مۇھىم خۇلاسە چىقىدۇكى، زىئونىزىمنىڭ يەھۇدى دىنىنى ئۆز مەخسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىشى، ھەرگىزمۇ بىر >> يەھۇدى دۈشمەنلىكى << گە سەۋەپچى بولالمايدۇ. مۇسۇلمانلار زىئونىزىمغا قارشى تۇرىشى كېرەك، >> ئەھلى كىتاپقا << ئەمەس..!

# دۇنيا ئۇرۇشلىرىنىڭ پەردە ئارقىسى

***

ئۇرۇش، تارىخنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ بار بولۇپ كەلدى. سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى، ئىنسانلارنى ئۆزلۈكسىز ھالدا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئىتتىردى. قۇرال ـ ياراقلار بىلەن بىرگە قوشۇنلارمۇ تەرەققىي قىلدى. ۋە ئۇرۇشلارمۇ بارا ـ بارا تېخىمۇ زور ۋە قانلىق ھالغا كەلدى.

لېكىن 20ـ ئەسىرگە كەلگۈچە، ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك دائىم << مەيدان ئۇرۇشى >> شەكلىدە بولاتتى. ئىككى قوشۇننىڭ ئەسكەرلىرى مەلۇم بىر سەپتە قارىمۇ ـ قارشى ئۇچرىشاتتى ۋە ئۇرۇش، بۇ مەركەزدە بولاتتى. بۇ ئۇرۇشلاردا پەقەت ئەسكەرلەر ئۆلەتتى. 20ـ ئەسىردە بولسا يېڭى بىر خىل ئۇرۇش شەكلى تۇغۇلدى .بۇندىن كېيىن پەقەت ئەسكەرلەرلا ئەمەس پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۇرۇشنىڭ نىشانىغا ئايلىناتتى. ئۇرۇش پەقەت بىر نەچچە دۆلەتنىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيانى << ئالقىنىنىڭ ئىچىگە ئالاتتى. >>

ئۇرۇشلار تارىخنىڭ نۇرغۇنلىغان جەريانلىرىدا خەلقلەرگە ئىنتايىن چوڭ ئازاپ ـ ئوقۇبەت ۋە زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى .ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر، ئۆز قەۋملىرىنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان ئىدى:

ـ مەديەن ( ئاھالىسىگە ) ئۇلارنىڭ قېرىندىشى شۇئەيبنى ( پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق )، شۇئەيب >> :ئى قەۋمىم! بىر الله غا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاخىرەت كۈنىدىن قورقۇڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە ـ پاسات تېرىماڭلار << دېدى. ( ئەنكەبۇت سۈرىسى، 36(

الله قۇرئاندا يەھۇدىلارنىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

-ئۆز ۋاقتىدا بىر - بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر - بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى ( يەنى ئەھدىنى ) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭغا ئۆزەڭلار گۇۋاھسىلەر. ( بەقەرە سۈرىسى، 84(

-19ئەسىردىكى ياۋروپا، مۇستەملىكچىلىككە تايىناتتى. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەگە ئوخشاش چوڭ ياۋروپا دۆلەتلىرى، دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە يېيىلىپ غايەت زور مۇستەملىكە ئىمپىراتورلۇقلىرىنى قۇرغان ئىدى. سىياسىي جەھەتتىن ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەگە قارىغاندا كېيىن بىرلىككە كەلگەن گىرمانىيە بولسا >> كېچىكىپ قاتناشقان بۇ مۇسابىقىدە << ئالدىغا ئۆتۈشكە تىرىشۋاتاتتى .

مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى، 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا ياۋروپانى ئىككى ئايرىم كۈچ قۇتۇبىغا ئايرىدى .بىر تەرەپتە ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە چار رۇسسىيە، يەنە بىر تەرەپتە بولسا گىرمانىيە ۋە نېمىس نەسلىدىن كەلگەن خاپسبۇرگ خاندانلىقى تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان ئاۋىستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپىرىيەسى بار ئىدى. كېيىن ئوسمان تۈرك ئىمپىرىيەسى چاررۇسسىيەنىڭ ۋە ئەنگلىيەنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن گىرمانىيە تەرەپكە ئۆتتى. بۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدا كۈندىن - كۈنگە جىددىيلەشكەن مۇناسىۋەتلەر، 1914 -يىلى يۈز بەرگەن بىر سۇيىقەست ۋەقەسى بىلەن پۈتۈنلەي بۇزۇلدى. ئاۋىستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپىرىيەسىنىڭ تەخت ۋارىسى فرانس فېردىناند، بۇ ئىمپىرىيەنىڭ بالقان يېرىم ئاراللىرىدىكى تەسىرىنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان سېرىپ مىللەتچىلىرى تەرىپىدىن بىر سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ( فېردىناند ئەسلى فرانسىيە بۈيۈك ماسون تەشكىلاتىنىڭ تەلىماتى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، بۇ ھەقتىكى تەپسىلى مەلۇماتنى الله خالىسا >> شەيتان ئىمپىراتورلۇقى << دىگەن كىتاپتا كۆرەلەيسىلەر .(

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ( خۇددى مۇشۇ ۋەقەنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلام ) بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن كەلگەن ئۇرۇش ئېلانلىرى، ھەش - پەش دىگۈچە پۈتۈن ياۋروپانى قاپلىدى. باشتا ئاۋىستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپىرىيەسى سېربىيەگە

ئۇرۇش ئېلان قىلدى. سېرپلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىتتىپاقدىشى بولغان رۇسسىيە، ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيەمۇ كەينى - كەينىدىن ئۇرۇشقا كىردى. ئۇرۇشنىڭ پىلتىسىغا ئوت يېقىلغان ئىدى.

ئۇرۇشتىن بۇرۇن گېرمانىيە ئەسكىرى قوماندانلىق باش شتابى ( General Staff ) بىر پىلان تۈزۈپ تۈيۈقسىز بىر ھۇجۇم بىلەن فرانسىيەنى بېسىۋېلىشنى قارا قىلغان ئىدى. نېمىسلار بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن باشتا بېلگىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى ۋە بېلگىيەندىن فرانسىيە چېگرىسىغا بۆسۈپ كىردى. لېكىن ئىتتىك ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان فرانسىيە ئارمىيەسى، نېمىسلارنى مارىن دەرياسىنىڭ بويىدا توختىتىپ قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتتى .ھەر ئىككىلا تەرەپ غايەت زور چىقىمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ جەڭ مەيدانىدا بىر ئىلگىرلەش بولمىدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى توختىمىغان بومباردىمانلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئاكوپلارنىڭ ئىچىدە پاناھلاندى. ئايلارچە داۋام قىلغان ئۆز - ئارا ھۇجۇملارنىڭ نەتىجىسىدە فرانسۇزلارنىڭ 400 مىڭ ئەسكىرى ئۆلدى ، نېمىسلارنىڭ بولسا 350 مىڭدىن جىق ئەسكىرى ئۆلدى !

بۇ ئۇرۇشتا 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئۇرۇش ستراتېگىيەسى بەلگىلەندى: ئاكوپلار... ئەسكەرلەرنى نەچچە يىل داۋاملىشىدىغان ئاكوپ ھاياتى ساقلاۋاتاتتى.. ئاكوپلارنىڭ ئىچىدە ياشاش ئىنتايىن تەس ئىدى .ئەسكەرلەر، توختىماي داۋام قىلغان دۇشمەن بومباردىمانلىرىنىڭ ئاستىدا بۇ ئاكوپلاردا ئايلاپ قورقۇش، ۋەھىمە ۋە بېسىم ئىچىدە ياشايتتى. بومباردىمانىدا ئۆلگەنلەر ئۇزۇن ۋاقىت ئاكوپلاردا قالاتتى، ئەسكەرلەر بولسا سەپداشلىرىنىڭ پارچە - پارچە بولۇپ كەتكەن جەسەتلىرى بىلەن نەچچە كۈنلەپ ھەتتا ھەپتىلەپ بىللە ئۇخلايتتى. يامغۇر ياغقان ۋاقىتلاردا ئاكوپنىڭ ئىچى پۈتۈنلەي پاتقاقلىققا ئايلىناتتى. ئاكوپلار مۇنداقچە ئېيتقاندا ئەسكەرلەر ئۈچۈن بىر زىندان بولغان ئىدى.

.1دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان 20 ملىيوندىن جىق ئەسكەر، تۆت يىل بۇ ئاكوپلاردا ئازاپ تارتتى .تەڭدىن تولىسى بۇ ئاكوپلاردا ئۆلۈپ كەتتى............

1914-يىلىدىكى نېمىسلارنىڭ ھۇجۇمى بىلەن قۇرۇلغان غەربىي ياۋروپا سېپى، بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن تىقىلىپ قالدى. ئاكوپلاردا پاناھلانغان ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى، بىر - بىرسىگە پەقەت يۈز نەچچە مېتىر كېلىدىغان بىر تارچىلىققا قىستىلىپ قالدى. بۇ تارچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەر بىر ھۇجۇم، ئونمىڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ بىردەمدە ئۆلۈشىگە سەۋەپچى بولاتتى. ئۇرۇش بۇ تەرىقىدە **1916**- يىلىغىچە مۇشۇنداق نەتىجىسىز داۋام قىلدى.

1916-يىلىنىڭ بېشىدا، نېمىسلار تىقىلىپ قالغان غەربىي سەپنى يېرىپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى بىر پىلان تۈزدى. فرانسۇزلارنىڭ غۇرۇرى ھېساپلىنىدىغان **Verdan** شەھرىگە تۇيۇقسىز بىر ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزدى. بۇ ھۇجۇمنىڭ مەخسىتى، فرانسۇزلارنى ئېغىر ئىنسانى چىقىمغا ئۇچرىتىپ ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۈچىنى بۇزۇش ئىدى. نېمىس گېنىرال ۋولكېنخېيىم بىر نېمىس ئەسكىرىگە ئۈچ فرانسۇز ئەسكىرىنىڭ ئۆلۈشىنى ھېساپلىغان ئىدى. ھۇجۇم **21** - فېۋرالدا باشلاندى. نېمىس قوماندانلار ئەسكەرلىرىگە << ئاكوپلاردىن چىقىڭلار >> دىگەن بۇيرۇقنى بەردى. لېكىن ئاكوپتىن چىققان ئەسكەرلەر ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن بىر مىنۇت ئىچىدە ئۆلۈشكە باشلىدى. ھۇجۇم بۇ تەرىقىدە ئايلاپ داۋام قىلدى، ئەمما نېمىسلار **Verdan** شەھرىنى قولىغا كىرگۈزەلمىدى.

ئىككى تەرەپتىن جەمئىي بىر مىليونغا يېقىن ئەسكەر بۇ ھۇجۇمدا ئۆلدى. فرانسۇزلار پەقەت **12** كىلومېتىر كەينىگە چېكىندى. **12** كىلومېتىر ئۈچۈن بىر مىليون ئادەم ئۆلدى.

نېمىسلارنىڭ **Verdan** ھۇجۇمىغا، ئىنگىلىزلار **Som** ھۇجۇمى بىلەن جاۋاپ بەردى. بۇ ھۇجۇم ئۈچۈن ئەنگىلىيەنىڭ پۈتۈن سانائىتى سەپەرۋەر قىلىنىپ مىليونلىغان زەمبىرەك ئوقى ئىشلەپچىقىرىلدى. ئىنگىلىز گېنىرال داگلىس خېيگ، باشتا ئەنگىلىيە ئارمىيەسىنىڭ نېمىسلارنى بىر ھەپتە توختىماي بومباردىمان قىلىشىنى، كېيىن پىيادە قىسىملار بىلەن ئومومىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاش پىلانىنى تۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ پىلانى بويىچە ئىككى كۈندە **14** كىلومېتىر ئىلگىرلەپ بىر ھەپتە ئىچىدە پۈتۈن گىرمانىيە ئەسكىرى لىنىيەلىرى تارمار قىلىناتتى .

بۇ ھۇجۇم **1** ـ ئىيۇندا باشلىدى. ئىنگلىز توپچى قىسمى بىر ھەپتە توختىماي نېمىسلارنى زەمبىرەك ئوقىغا تۇتتى. ۋە بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىنگلىز قوماندانلار ئەسكەرلىرىگە ئاكوپتىن چىقىش بۇيرۇقىنى بەردى. لېكىن بۇ بومباردىمان نېمىسلارنى يوق قىلالمىغان ئىدى، نېمىسلار چوڭقۇر ئاكوپلاردا ئۇلارنى ساقلاۋاتقان ئىدى. ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئاكوپتىن چىقىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، دەل بۇنى ساقلاۋاتقان نېمىسلار ئۇلارنى تۇيۇقسىز ئېغىر تىپتىكى پىلىموتلار بىلەن ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى. ۋە ئۇرۇشنىڭ تۇنجى بىر نەچچە سائىتىدە **20** مىڭ ئىنگلىز ئەسكىرى ئۆلدى. تاڭ ئاتقاندا قورقۇنۇچلۇق بىر مەنزىرە ئوتتۇرىغا چىقتى، پۈتۈن ئەتراپ يۈزمىڭلىغان ئۆلۈك ۋە يارىدار بولغان، پۇت ـ قولى ئۈزۈلگەن ئەسكەرلەرنىڭ نالە ـ پەرياتلىرى بىلەن تولغان ئىدى .

**Som**ھۇجۇمى گېنىرال داگلىس خېيگىنىڭ ئىككى ھەپتىلىك پىلانىنىڭ ئەكسىچە دەل بەش ئاي داۋام قىلدى. گېنىراللار ئەسكەرلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ، جاھىللىق بىلەن نەچچىلگەن قېتىم ئۆلۈمگە مېڭىشقا زورلىدى. بۇ ھۇجۇم ئاخىرلاشقاندا ھەر تەرەپتىن جەمئىي **900** مىڭ ئەسكەر ئۆلگەن ئىدى. ئۇرۇش لىنىيەسى بولسا پەقەت **11** كىلومېتىر كەينىگە ياندى. **11** كىلومېتىر ئۈچۈن **900** مىڭ ئەسكەر جان بەردى .

.1دۇنيا ئۇرۇشىدا ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىنتايىن جىق ھۇجۇملارنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ھەممىسى قەتلىئامدىن باشقا بىر نەرسە ئەمەس ئىدى. بىلگىيەنىڭ ئىپىر شەھرىدە ئۈستى ـ ئۈستىگە ئۈچ قېتىم ئۇرۇش بولدى، پەقەت ئۈچىنچى ئۇرۇشنىڭ ئۆزىدىلا **500** مىڭ ئەسكەر، پۇقرا ئۆلدى .

ھەر قېتىملىق ھۇجۇمنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش ئىدى: پەقەت بىر نەچچە كىلومېتىر ئىلگىرلەش ئۈچۈن، يەنى ئەرزىمەس بىر نەرسە ئۈچۈن مىليونلىغان ئەسكەرلەر جېنىدىن ئايرىلدى. ھېچقانداق بىر ھەقلىق ۋە قانۇنلۇق سەۋەبى بولمىغان بۇ قورقۇنۇچلۇق ئۇرۇشتا مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار قەتلى قىلىندى، مىليونلىغان ئىنسانلار ئۆيلىرىدىن، مال ـ مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلدى، ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ يارەنلىرى ئۆلدى... مۇئەييەن ئىدىئولوگىيەلىك كۈچلەرنىڭ سىياسىي ھىسسىياتلىرى، مەنپەئەتلىرى، ئاچكۆزلىكى بۇ غايەت زور پالاكەتلەرنىڭ ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق

سەۋەبى ئىدى .

الله نى ئىنكار قىلغان زالىملارنىڭ دۇنيا مەنپەئەتىدىن، ماددى ئاچ كۆزلۈكىدىن كېلىپ چىققان بۇ >> بۇزغۇنچىلىق<< ، الله قۇرئاندا ئىنسانلارنى توسغان ئىنتايىن چوڭ بىر زۇلۇمدۇر. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىش قۇرئاندا مۇنداق دەپ مەنئىي قىلىنغاندۇر:

ـ الله ) پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق ) بۇزغۇنچىلىق ) قىلماڭلار، ( الله نىڭ ئازابىدىن قورققان ۋە رەھمىتىنى ) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله نىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر. ( ئەئراف سۈرىسى 56 (

**.1**دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىنتايىن جىق نەرسىلەر تۈنجى قېتىم ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ بىرسى، قۇرال ـ ياراقلار پەقەت ئەسكەرلەرنىلا ئەمەس، پۇقرالارنىمۇ نىشان ئالدى .

دۇنيادا ئولتۇراق رايونلارغا قىلىنغان تۇنجى بومباردىمان، گىرمانىيە يەل تاپان كىمىلىرىنىڭ **1915** ـ يىلى ئەنگلىيەگە ھۇجۇم قىلىشى بىلەن باشلىدى. بۇ ئۇچار كىمىلەردىن ئېتىلغان بومبىلار نۇرغۇنلىغان پۇقرالارنىڭ ئۆلىشىگە سەۋەپچى بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن **U ـ bot** دەپ ئاتالغان نېمىس سۇ ئاستى كېمىلىرى، ئاتلانتىك ئوكياندىكى يولۇچى كىمىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ زامانىنىڭ ئەڭ چوڭ ترانسئاتلانتىك كېمىسى ( ئاتلانتىك ئوكياندىن كېچىپ ئۆتىدىغان كىمە ) بولغان **Lusitanya** پاراخوتى، **1915** ـ يىلى **5** ـ ئاينىڭ **7** ـ كۈنى ئېرلاندىيە يېقىنلىرىدا بىر نېمىس سۇ ئاستى پاراخوتى تەرىپىدىن سۇغا پاتقۇزۇۋېتىلدى. كېمىدىكى **2000** غا يېقىن يولۇچىنىڭ **1195** ئۆلدى .

ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن يەنە بىر پالاكەت بولسا خىمىيەلىك قۇراللار ئىدى. **1915** ـ يىلى باشتا فرانسۇزلار كېيىن نېمىسلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن زەھەرلىك گازلار، ئونمىڭلىغان ئەسكەرلەرنىڭ چىدىغۇسىز ئازاپ ـ ئوقۇبەت تارتىپ

ئۆلشگە سەۋەپچى بولدى. يەنە ئونمڭلغان ئەسكەرلەر گازنىڭ تەسرى بىلەن قارغۇ بولدى. قوشۇنلار زەھەرلىك گازغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن گاز ماسكىلىرى تاقاشقا باشلىدى. گاز ماسكىلىرى پەقەت ئەسكەرلەرگىلا ئەمەس پۇقرالارغىمۇ تارقىتىلدى، چۈنكى زەھەرلىك گازلار پۇقرالارغا قارشىمۇ ئىشلىتىلەتتى .

.1دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ قانلىق سەپلىرىدىن بىرسى تۈركىيەنىڭ چاناق قەلئە ئۇرۇش لىنيەسى ئىدى. ( داردانېل بوغۇزى ). ئەنگىلىيە، فرانسىيە، كانادا، گرىتسىيە، ئاۋسترالىيە، يېڭى زىللاندىيە دېڭىز قوشۇنلىرى، ئوسمان ئىمپىرىيەسىنىڭ مۇداپىئە لىنيەسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ھەم ئوسمان ئىمپىرىيەسىنى مۇنقەرىز قىلىش ھەم قارا دېڭىزغا چىقىپ رۇسلار بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن، ئىنتايىن شىددەتلىك بىر ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئەمما ئۇ زاماندىكى دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دېڭىز ئارمىيەسى كۈچى بىلەن كەلگەن ياۋروپا ئىتتىپاقداش قوشۇنى، تۈركلەرنىڭ تىللارغا داستان بولغان قەھرىمانلىقى نەتىجىسىدە، چاناق قەلئەنى بۆسۈپ ئۆتۈش ۋە تۈركلەرنى مەغلۇپ قىلىشنىڭ ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ يېڭىلگىنىنى ئېتىراپ قىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئۇرۇشتا **500** مىڭ تۈرك ئەۋلادى شېھىت بولدى. **350** مىڭ دۈشمەن ئەسكىرى ئۆلدى ...

.1دۇنيا ئۇرۇشى، ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە گېرمانىيە ئارمىيەسىنىڭ **4** يىل سۈرگەن ئۈمىدسىز ھۇجۇملىرىدىن كېيىن **1918** ـ يىلىدا ئاخىرلاشتى .

لېكىن **11** ـئاينىڭ **11** ـ كۈنى سائەت **11** دا ئېلان قىلىنغان تېنچلىق، ھېچ كىمگە مەڭگۈلۈك بىر بەخت كەلتۈرمىدى. يۈزمىڭلىغان ئەسكەرلەر پۇت ـ قولىدىن، كۆزلىرىدىن ئايرىلدى. لاي ـ پاتقاق، مەينەتچىلىك ۋە ئۆلۈم بىلەن تولغان ئاكوپلاردا **4** يىل قالغان ئەسكەرلەرنىڭ جىقى، ئۇرۇشنىڭ پسىخولوگىيەلىك تەسرىدىن قۇتۇلالمىدى >> ...بومبا ۋەھىمىسى << دېيىلگەن ۋە ئۇرۇشتىن قايتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك كۆرۈلگەن روھىي زەربە، ئۆلاردا تۈيۈقسىز قورقۇش، ۋە توختىماي ئىنتايىن قاتتىق تىترەشكە ئوخشاش پسىخولوگىيەلىك كىسەللىكلەرگە سەۋەپچى بولغان ئىدى. **4** يىل بويىچە ھەر كۈنى بېشىدىن كەچۈرگەن بومبا ۋەھىمىسى، ئەسلىمىلىرىگە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان شەكىلدە چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن ئىدى. بەزىلىرى ھەتتا بومبا دىگەن

گەپنى ئاڭلىغان چېغىدا دەرھال يەردە دۈم يېتىۋالاتتى ياكى قاچىدىغان يەر ئىزدەيتتى... بەزى ئەسكەرلەر ئۇرۇشتىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بىر ھەربىي كىيىم كۆرگەن چېغىدا قورقۇپ قېتىپ قالاتتى... ئۇرۇشنىڭ ئىزلىرى، بەزى ئەسكەرلەرنىڭ پەقەت روھىدىلا ئەمەس، بەدىنىدىمۇ چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇردى. يۈزمىڭلىغان ئەسكەر پۇتلىرىنى، قوللىرىنى، بۇرۇنلىرىنى، كۆزلىرىنى، ئاڭلىرىنى جەڭ مەيدانلىرىدا يۈتتۈردى... كۆزى، بۇرنى ياكى ئاڭلىرى پارچىلانغان ئۇ دەرىجىدە جىق ئەسكەر بار ئىدىكى، ياۋروپا شەھەرلىرىدە بۇ ئىنسانلارنىڭ يۈزىگە تاقىشى ئۈچۈن ئالاھىدە ماسكىلار ياسىلىشقا باشلاندى...

.1دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قورقۇنۇچلۇق ئازاپ ـ ئوقۇبەتلىرى سەنئەتكىمۇ تەسىرىنى كۆرسەتتى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى زامانلاردا سىزىلغان رەسىملەردە، ئاساسىي جەھەتتىن قورقۇش، ئازاپ ۋە ئەسەبىلىك ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن ئىدى. بۇ ئەسەرلەر، پەقەتلا ئۆلارنى سىزغان سەنئەتچىلەرنىڭ ئەمەس، پۈتۈن بىر نەسلىنىڭ روھى ھالىتىنى ئەكىس ئەتتۈرەتتى... ئۇرۇشنىڭ ئازاپلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر تارتقان بۇ نەسىل **Lost Generation** >> ـ يەنى يۈتكەن نەسىل << دەپ ئاتالدى ...

بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۆرستىدۇ، ئۇرۇش ـ ئىنسانلارغا، خەلقلەرگە ھېچقانداق بىر پايدا ۋە بەخت كەلتۈرمەيدىغان غايەت زور بىر زۇلۇم ساھەسىدۇر. ئىنسانىيەتكە ماددى ۋە مەنىۋى غايەت زور ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەر ۋە قىيىنچىلىقلار ئېلىپ كېلىدىغان، ساقىيىشى تەس بولغان، چوڭقۇر يارىلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان سوتسىئال بىر پالاكەتتۇر. ھالبۇكى الله نىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ئەمرى بولسا، يەر يۈزىدە ئۇرۇشنى ئەمەس تېنچلىقنى ھۆكۈمران قىلىشتۇر. ياخشىلىق قىلغانلار ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقانلارغا قۇرئاندا مۇنداق دەپ خوش خەۋەر قىلىنىدۇ:

ـ ئەنە شۇ ئاخىرەت يۇرتىنى يەر يۈزىدە چوڭچىلىق قىلىشنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى كۆزلىمەيدىغانلارغا خاس قىلدۇق، ( ياخشى ( ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر. ( قەسەس سۈرىسى، 83(

ـ ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار بىلەن ئوخشاش قىلامدۇق؟ ياكى تەقۋادارلارنى فاجىرلارغا ئوخشاش قىلامدۇق؟ ( ساد سۈرىسى، 28 (

پۈتۈن دۇنيانى قان كۆلگە ئايلاندۇرغان بۇنداق بىر پالاكەت نىمىشقا يۈز بەردى؟ چوڭ دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ئۆز مىللىتىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى بۇ دەرىجىدە چۈشىنىكسىز ۋە قارغۇلارچە ھالدا >> ئۆلۈم قۇدۇقى << غا نىمىشقا تاشلىدى؟...

بۇ ۋەھشىلىكنىڭ سەۋەبى، ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى ياۋروپادا، نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار ئۇرۇشنى ئىنتايىن پايدىلىق ۋە ھەتتا لازىم دەپ قارايتتى .ئۇرۇش ئېلان قىلىنغاندا، پۈتۈن دۆلەتلەردىكى خەلق بۇنى بىر خوشاللىق ۋە تەنتەنە بىلەن قارشى ئالغان ئىدى، ئەسكەرلىرىنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىشتىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتى. بۇ ئەجەللىك خاتالىقنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى بولسا، سوتسىئال دارۋىنىزىم دېيىلگەن ئۇقۇمغا ئىشىنىش ئىدى .

ئامېرىكىلىق تارىخچى Thomas Napp بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

.1 ـ دۇنيا ئۇرۇشنىڭ پارتىلىشى بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى. 1914 ـ يىلدىن بۇرۇن، ياۋروپادا خەلقنىڭ جىق قىسمى بىر ئۇرۇش بولىشىنى خالايتتى ۋە بىر ئۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلەتتى .خەلقلەرنى ئۇرۇشقا قايىل قىلىدىغان ئىنتايىن جىق دەلىل ـ ئىسپات كۆرستىلدىكى، نۇرغۇنلىغان ياۋروپالىقلار ئۇرۇشقا ئويۇن ـ تاماشاغا ئوخشاش قارىدى. ئۇرۇشنىڭ بولسا، پاكىزلىغۇچى، ھاياجانلىق، ياشلاشتۇرغۇچى بىر ھەرىكەت ئىكەنلىكى توختىماي تەشۋىق قىلىناتتى. نۇرغۇنلىغان ياۋروپا دۆلەتلىرىدىكى مائارىپ سېستىمىسى بۇ خىل سوتسىئال دارۋىنىزىملىق رىقابەت چۈشۈنچىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان ئىدى.

سوتسىئال دارۋىنىزىم بولسا، دارۋىنىنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسىنىڭ جەمىيەتتە ئىجرا قىلىنىشى ئىدى .

دارۋىن، پەننىي ۋە مەنتىق جەھەتتىن ھىچقانداق بىر ئىلمىي ئاساسىي بولمىغان بۇ نەزىرىيەسىدە، تەبىئەتتىكى پۈتۈن جانلىقلارنىڭ توختىمىغان بىر ھايات قىلىش ئۇرۇشى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇ زامانلارنىڭ >>ئىپتىدائىي << بىلىم سەۋىيەسى ئىچىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە ھەقىقەتكە ئوخشاش كۆرۈنگەن بۇ خاتا نەزىرىيە، نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي پالاكەتلەرگە ئوخشاش، 1. دۇنيا ئۇرۇشىنىڭمۇ ئىدىئولوگىيەلىك ئاساسىنى تىكلەپ بەردى .

دۇنيا ئۇرۇشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ياۋروپالىق ۋە >> ئاسىيالىق << رەھبەرلەرنىڭ كۆندىلىك خاتىرىلىرىنى ۋە ئالاھىدە مەكتۇپلىرىنى تەكشۈرگەندە، سوتسىئال دارۋىنىزىمنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ رەھبەرلەر، الله ئىنسانلارغا ئەمر قىلغان شەپقەت ۋە مەرھەمەتكە تايانغان گۈزەل ئەخلاقنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭ يېرىگە سوتسىئال دارۋىنىزىمنى قوبۇل قىلغان ئىدى.

مەسىلەن، ئاۋستىرىيە-ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ باش قوماندانى گېنىرال **Von Hotzendorff** ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئەسلىمىلىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

-ئىنسانىيەتنى قەدىرلەپ، ياخشى كۆرۈشنى ئاساس قىلغان دىنلار... بەزىدە ئىنسانلارنىڭ توقۇنۇش كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ. ئەمما بۇ توقۇنۇش دۇنيانىڭ ئىتتىرگۈچى كۈچىدۇر... دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ چوڭ پالاكىتى، بۇ ئۇلۇغ پىرىنسىپ بىلەن ئىنتايىن ماس كەلگەن ھالدا يۈز بەردى. ئۇرۇش، تەبىئەتنىڭ بىر قانۇنىدۇر .

دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ گېنىراللىرىدىن فېدرىك ۋون بېرنارد بولسا، ئۇرۇش بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى ئاتالمىش تەدرىجى تەرەققىيات قانۇنلىرى مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

-ئۇرۇش بولسا بىئولوگىيەلىك بىر لازىملىقتۇر، تەبىئەتتىكى جانلىقلارنىڭ توقۇنۇشىغا ئوخشاش لازىمدۇر، بىئولوگىيەلىك جەھەتتىن ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەر بېرىدۇ، چۈنكى بۇ نەتىجىلەر، مەۋجۇداتلارنىڭ ئاساسىي

ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

قىسقىسى، 1. دۇنيا ئۇرۇشى، ئۇرۇشۇشنى، قان تۆكۈشنى، ئازاپ تارتىش ۋە تارتقۇزۇشنى >> تەبىئەتنىڭ قانۇنىيتى << دەپ بىلىدىغان ياۋروپالىق ۋە >> ئاسىيالىق << رەھبەرلەرنىڭ يۈزىدىن كېلىپ چىققاندۇر. پۈتۈن بىر نەسلنى بۇ خاتا ئىدىيە كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتكەن ئىدىئولوگىيەلىك مەنبە بولسا، دارۋىنىنىڭ >> تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسى << دۇر...

ھالبۇكى ئىنسان، ئەسلا دارۋىنىزىمنىڭ دىگىنىدەك ـ توقۇنۇش ئۈچۈن ياشايدىغان بىر ھايۋان تۈرى ئەمەستۇر ...!

قۇرئاندا الله نىڭ يەريۈزىدە ئۇرۇش ۋە بۇزغۇنچىلىق چىقارغانلار ھەققىدىكى ھۆكۈمى بولسا مۇنداقتۇر:

... ـ بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق، ئۇلار ھەر قاچان ئۇرۇش ئوتى ياقماقچى بولسا، الله ئۇنى ئۆچۈرىدۇ، ئۇلار يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، الله بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ ) .مائىدە سۈرىسى، 64(

الله ئىنسانغا، ياراتقان پۈتۈن جانلىقلارغا ئوخشىمايدىغان باشقىچە بىر روھ بەرگەندۇر ۋە گۈزەل ئەخلاقنى ئەمر قىلغاندۇر. الله ئىنسانىيەت ئۈچۈن تاللىغان بۇ ئەخلاق ـ سۆيگۈنى، قېرىنداشلىقنى، مەرھەمەتنى ۋە تىنچلىقنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىنسانىيەت پەقەت ۋە پەقەت الله نىڭ بۇ چاقىرىقىغا بويسۇنغان چاغدىلا دۇنياغا ئادالەت، ھۆزۈر ۋە تىنچلىق ھۆكۈمران بولالايدۇ. بىر قۇرئان ئايىتىدە، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى تېنچلىق ۋە قۇتۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغان بىر ئىلاھىي ئەمر، مۇنداق خەۋەر قىلىنىدۇ:

... ـ الله ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن ( الله نىڭ بەندىلىرىگىمۇ ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق تىلىمىگىن، الله ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ( قەسەس سۈرىسى، 77(

***

.1دۇنيا ئۇرۇشى، توقۇنۇشنى ۋە قان تۆكۈشنى >> تەبىئەتنىڭ ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان قانۇنىيتى << دەپ بىلدىغان بىر پەلسەپەنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئۇرۇش تۈگىدى، ئەمما بۇ پەلسەپە ياشاشقا داۋام قىلدى. ياشاشقا داۋام قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇشتىن كېيىن دەرھال تېخىمۇ چوڭ ۋە تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق بولغان يەنە بىر ئۇرۇشنىڭ >>تورنى توقۇشقا باشلىدى << .

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرغان >> ۋېرساي تىنچلىق خىتاپنامىسى<< ، گېرمانىيەنى ئىنتايىن ئېغىر بىر ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئەسلىدىنلا ئۇرۇشنىڭ خارابىلىرى ئىچىدە بولغان گېرمانىيە، ئىنتايىن چوڭ بىر ئىقتىسادىي كرىزىسقا پاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر خىل سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇشلار باشلاندى. بۇ قالايمىقان ۋەزىيەتنىڭ ئىچىدە بىر رادىكال سىياسىي ئېقىم كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ بولسا، گىتلېرنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ناتسىست پارتىيەسى ئىدى .

ناتسىزم بولسا، سوتسىئال دارۋىنىزىمنىڭ يەنە بىر تۈرىدۇر!

گىتلېر، دارۋىننىڭ نەزەرىيەسىنىڭ ئاساسى بولغان >> ئېرقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش << ئىدىيەسىنى ئۆزىنىڭ رەھبىرى قىلغان ئىدى. گىتلېرنىڭ قارىشىچە، نېمىسلار تەۋە بولغان ئارىيان ئېرقى، ئاتالمىش تەدرىجى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە ئىدى ۋە باشقا ئېرقلارنى باشقۇرۇش ھوقوقى ئۇلارنىڭ ئىدى. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىن - بىر چارىسى بولسا، يېڭى بىر ئۇرۇش ئىدى. گېرمانىيەنىڭ پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولىشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بىر ئۇرۇش... دۆلەتلەرنىڭ بېشىدا يەنە شۇ زالىم، ئاچكۆز ۋە ھۆكۈمرانلىق سەۋداسى ئىچىدە بولغان رەھبەرلەر بار ئىدى .

ناتسىزم، **1939** ـ يىلى يېڭى بىر دۇنيا ئۇرۇشىنى باشلاتتى. ناتسىست قوشۇنلىرى تۇيۇقسىز بىر ھۇجۇم بىلەن پولشانى بېسىۋېلىشقا ئۇرۇندى. گېرمانىيە پەقەت ئۈچ ھەپتىدە پولشانى بويسۇندۇردى. پايتەختى ۋارشاۋا گېرمانىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى تەرىپىدىن شىددەتلىك بومباردىمان قىلىندى، ئىنتايىن جىق پۇقرا ئۆلدى. پۈتۈن دۇنيا ئىككىنچى نىشانىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ساقلاۋاتاتتى، گېرمانىيە بولسا يېڭى بىر پىلانىنىڭ ئىچىدە ئىدى. بۇ ۋاقىتلاردا باشقا بىر دىكتاتور، زالىم كۈچ ئۇرۇشقا قەدەم تاشلىدى. ئۇ بولسا ستالىننىڭ قانلىق دىكتاتورلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىدى. **1939** ـ يىلى **8** ـ ئايدا، ستالىن گىتلېر بىلەن >> ئۆز ـ ئارا ھۇجۇم قىلماسلىق كېلىشىمى <<نى تۈزدى. پولشانى بۆلۈشۈش ئۈچۈن كېلىشتى .لېكىن ستالىن بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلمىدى. قىزىل ئارمىيە تۇيۇقسىز بىر ھۇجۇم بىلەن لاتۋىيە، ئېستونىيە ۋە لىتۋىيەنى بېسىۋالدى. كېيىن شىمالغا يۆنىلىپ فىنلاندىيەنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ھۇجۇم باشلىدى. لېكىن قاتتىق يېڭىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ـ**1940**يىلى **4** ـ ئايدا، گىتلېرنىڭ قوشۇنلىرى يېڭى بىر ھۇجۇم باشلىدى ۋە رەت بىلەن دانىيە، نورۋېگىيە، بېلگىيە ۋە گوللاندىيەنى بېسىۋالدى. **1940** ـ يىلى **5** ـئايدا، گېرمانىيە ئارمىيەسى بېلگىيەدىن فرانسىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. يۈزمىڭلىغان ئىنسان ئۆي-جايلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. نېمىسلار تېز سۈرئەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ مېڭىپ **6** ـ ئاينىڭ **13** ـ كۈنى پارىژنى بېسىۋالدى. گىتلېر فرانسىيەگە كېلىپ ئېيفىل تۆمۈر مۇنارىنىڭ ئالدىدا زەپەر رەسىملىرگە چۈشتى. كېيىن نېمىسلار بۇلغارىيە، يۇگوسلاۋىيە ۋە گرېتسىيەنى بېسىۋالدى. پۈتۈن ياۋروپا گىتلېر ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىدى. گېرمانىيەنىڭ ئەڭ چوڭ ئۇرۇش پىلانى بولسا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئىدى. **1941** ـ يىلى **6** ـ ئاينىڭ **22** ـ كۈنى، گېرمانىيە >> بارباروسسا ھەرىكىتى << دىگەن تۇيۇقسىز بىر ھۇجۇم بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا رەسمىي ھۇجۇم باشلىدى.

تېز سۈرئەت بىلەن ئىلگىرلىگەن گېرمانىيە قوشۇنلىرى **12** ھەپتە ئىچىدە كىيېۋنى بېسىۋالدى، ۋە بىر ئاي ئىچىدە موسكۋانىڭ يېقىنلىرىغا كەلدى .بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا، ناتسىست گېرمانىيەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا قورقۇنۇچلۇق بىر ئۇرۇش يۈز بەردى. تارىختىكى ئەڭ قانلىق ئۇرۇش دەپ ئاتالغان بۇ ئۇرۇش، **30** مىليوندىن جىق ئىنساننىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ۋە بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى يەنى ناتسىسزم ۋە كوممۇنىزم

ئىنسانىيەتكە قارشى قورقۇنۇچلۇق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزدى. قىسقىسى ئۇرۇشقا قاتناشقان بۇ ئىدىئولوگىيەلەر پۈتۈن ئەخلاقى ۋە ئىنسانى پرىنسىپلارنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇپ، پەقەتلا ئۆزلىرىنىڭ دۇنياۋى مەنپەئەت ۋە ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مىليونلىغان بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قىرغىن قىلىنىشىغا رەھىمسىزلىك بىلەن كۆزىنى يۇمدى. بۇ خىل، ھىچقانداق بىر چەك - چېگرىسى بولمىغان، ھەر خىل زۇلۇملارنى ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى ھەقلىق دەپ قارايدىغانلارنى قوللاش ۋە يانتاياق بولۇش، ئۇلارغا بويسۇنۇش قۇرئاندا قەتئىي تۈردە مەنئىي قىلىنغاندۇر:

- زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، ئىسلاھ قىلمايدىغان ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلماڭلار. ( شۇئەرا سۈرىسى، 152)

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى بىر ئۇرۇش ئەمەس، بەلكى بىر دۇنياۋى قەتلىئام ۋە ئېرى قىرغىنچىلىق ئىدى. بۇنىڭ ئاساسى بولسا، گىتلېرنىڭ >> ھايات تېرىتورىيەسى سىياستى << دىگەن ئېرقچى ئىدىئولوگىيەسىگە بېرىپ تاقىلاتتى. گىتلېر گېرمانىيە تۇپراقلىرىنىڭ نېمىس مىللىتىگە يەتمىگەنلىكىنى، ئارىيان ئېرقىنىڭ بۇ >> كىچىككىنە تۇپراقتا قىستىلىپ << قالغانلىقىنى توختىماي تەشۋىق قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە شەرق تەرەپتىكى دۆلەتلەرنىڭ تۇپراقلىرى بېسىۋېلىنىشى كېرەك ۋە ئارىيان ئېرقى ئۈچۈن >> ھايات تېرىتورىيەسى << ھالىغا كەلتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى. بۇ تۇپراقلاردىكى ئونمىليونلىغان بىگۇناھ خەلق بولسا، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە شاللىنىپ كېتىشى ( يەنى قىرغىن قىلىنىشى ) كېرەك ئىدى!... بۇ ئىدىئولوگىيەنىڭ سەۋەبىدىن، ناتسىست قوشۇنلىرى شەرقىي ياۋروپادىكى ئىشغال قىلغان ھەر بىر دۆلەتتە كوللىكتىپ قىرغىنچىلىقلار قىلدى .

بولۇپمۇ ناتسىستلار ئاتالمىش >> پەس ئېرقلار << دەپ قارايدىغان يەھۇدىلار، سىگانلار، پولەكلەر، تۈركلەر ۋە سلاۋيانلارغا تارىخنىڭ ئەڭ ۋەھشى ۋە قانلىق كوللىكتىپ قىرغىنچىلىقلىرىنى ئېلىپ باردى. ناتسىستلارنىڭ >> ئالاھىدە قەتلىئام تەشكىلاتى << بولغان SS تەشكىلاتىنىڭ ۋەزىپىسى، بېسىۋېلىنغان رايونلاردىكى خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش ئىدى. ناتسىستلار بېسىۋالغان ھەر بىر رايون، رەھىمسىزلارچە قىرغىن قىلىنغان بىگۇناھ

ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرى ۋە ئۆلار ئۈچۈن پەريات چەككەن بىچارە ئىنسانلار بىلەن تولۇپ تاشتى... دىنى ئۆلىمالار ۋە ئىبادەتخانىلار، ناتسىستلارنىڭ بىرىنچى ھۇجۇم نىشانى ئىدى. ئايىقى تەگكەن ھەممە يەردىكى چېركاۋلارنى يىقتىپ، ئوت قويۇپ تۈزلىۋەتتى. دىندار كىشلەرنىڭ ھەممىنى قىرغىن قىلدى .

ناتسىست ۋەھشىلىكىنىڭ ھەقىقى ئىجرا قىلىنغان يېرى بولسا، يىغىۋېلىش لاگىرلىرى بولدى. يەھۇدىلار، سىگانلار، كاتولىك دىنى راھىپلىرى، ئەسىرلەر... قاتارلىق ئوخشىمىغان ئىنسانلار قۇلدەك ئىشلىتىلدى. **1942** - يىلىدىن باشلاپ بۇ لاگىرلار بىر >> قۇشخانىغا << ئايلاندى. ئىنسانلارنى كوللىكتىپ قىرغىن قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە ئۇسۇلدا لاھىيەلەنگەن ئۆيلەر بىلەن، مىليونلىغان بىگۇناھ ئەر، ئايال ۋە بالىلار ئۆلتۈرۈلدى. بۇ لاگىرلارنىڭ ھەممىسى پولشادا قۇرۇلغان بولۇپ ئەڭ چوڭى بولسا ئاۋۇشۋىتىز لاگىرى ئىدى. يەنە ترىبلىنكا، سوبىبور، چېلنو، مايدانېك، بېلزېچ بولۇپ جەمئىي ئالتە لاگىر بار ئىدى. **2** - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئىتتىپاقداشلار بۇ بۇ لاگىرلارنى >> قۇتقۇزغان << چېغىدا، يۈزمىڭلىغان جەسەت ۋە جەسەتتىنمۇ بەتتەر ھالىغا كەلگەن بىچارە ئىنسانلار بىلەن ئۇچراشتى. ناتسىست يىغىۋېلىش لاگىرلىرىدا جەمئىي **11** مىليون بىگۇناھ ئىنسان ئۆلتۈرۈلدى ...!

ناتسىستلارنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلىدىغانلىقى **1943** - يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. سوۋېت ئارمىيەسى گىتلىرنىڭ قوشۇنلىرىنى ستالىنگراد ئۇرۇشىدا قاتتىق مەغلۇپ قىلدى. نېمىسلار ستالىنگرادتىن كېيىن، كۇرسك رايونىدا يۈز بەرگەن ۋە تارىختىكى ئەڭ چوڭ تانكا ئۇرۇشى دەپ ئاتالغان كۇرسك ئۇرىشىدىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئەمدى گېرمانىيەنىڭ ھالاكىتى باشلانغان ئىدى. لېكىن ناتسىستلار بىر تەرەپتىن چېكىنىپ بىر تەرەپتىن يەنە قان تۆكۈشكە داۋام قىلدى .گىتلىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تاشلاپ چىققان پۈتۈن يەرلەرنى ئوت قويۇپ، يىقتىپ تۈزلىۋەتتى، كۆزگە كۆرۈنگەن پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈردى... نېمىسلار چېكىنگەندىن كېيىن، بۇ تۇپراقلاردا ئەرزىمەس بىر دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ جەستى ۋە بۇلار ئۈچۈن پەريات چەككەن كۆزى ياش ئانىلار، ئاياللار، بالىلار قالدى... ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرى بېرلىنغا بېسىپ كىرىشى بىلەن ، ناتسىزىمنىڭ پېتىشى مۇقىملاشتى. لېكىن بېرلىنغا كىرگەن قىزىل ئارمىيە بولسا، بەئەينى ناتسىستلارغا ئوخشاش يەنە بىر ۋەھشى ئىدىئولوگىيەنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ستالىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قىرغىنچىلىقتا گىتلىرنىڭ كەينىدە

قالمايدىغانلىقى كېيىن ئوتتۇرىغا چىقتى. ستالىننىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ، گىتلېرنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىنمۇ جىق بىگۇناھ ئىنسان ئۆلتۈرۈلدى، ستالىن بېسىۋالغان يەرلەردە، گىتلېردىن قېلىشمايدىغان دەرىجىدە قىرغىنچىلىقلارنى قىلدى.

ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دىگەن ئەسەبىلىك، 55 مىليون ئىنسانىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. يەريۈزى، يەنە بىر قېتىم >> شەيتانى قان تۆكۈش مۇراسىمى << غا سەھنە بولدى .ھالبۇكى الله ئىنسانلارنى، شەيتانىنىڭ يولىغا ئەگەشمەسلىك توغرۇلۇق قۇرئاندا توختىماي ئاگاھلاندۇرغان ئىدى:

... ـ شەيتانىنىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر. ( بەقەرە سۈرىسى، 208 )

ئۆتكەن ئەسىردە يۈز بەرگەن ئىككى چوڭ دۇنيا ئۇرۇشى، ئىنسانىيەتكە مۇھىم ساۋاقلارنى قالدۇردى. ھەر ئىككى بۈيۈك پاجىئە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇرۇش پەقەت دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. چۈنكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرىنى دىپلوماتىيە يولى بىلەنمۇ ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ئۇرۇشنى باشلاتقان ھەقىقى سەۋەپ بولسا، ئۇرۇش قىلىشقا قارار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيەسىدۇر .ئۇرۇشۇشنى، قان تۆكۈشنى ۋە ئازاپ تارتقۇزۇشنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارايدىغان بىر ئىدىئولوگىيە بار بولۇپ، ۋەھشىلىكنىڭ ئەسلى سەۋەبى بۇ!... بۇ ئىدىئولوگىيە تارىختىن بېرى بار بولۇپ كەلدى لېكىن 20ـ ئەسىردە ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى.بۇ ئىدىئولوگىيە بولسا، سوتسىئال دارۋىنىزىمدۇر. يەنى ئىنسانلارنىڭ تەسادىپىيلىق بىلەن >> پەيدا << بولۇپ قالغان بىر ھايۋان تۈرى ئىكەنلىكى ۋە پەقەت توقۇنۇش ئارقىلىق تەرەققى قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى باتىل ئېتىقادتىتۇر. بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشى، سوتسىئال دارۋىنىست ئىدىيەلىرىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئىپادە قىلغان رەھبەرلەرنىڭ ئىجات قىلغان بىر >> ئەسىرىدۇر .<< ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ جاۋاپكارلىرى بولسا، يەنە ھوتسىئال دارۋىنىزىمنىڭ >> چوقۇنغۇچىلىرىدۇر... <<

گىتلر، ھەم ئېرقچى ئىدىئولوگىيەسىنى ھەم توقۇنۇشقا بولغان ئېتىقادىنى سوتسىئال دارۋىنىزىمنىڭ ئىلھامى بىلەن تەرغىپ قىلغان بولۇپ، >> كۆرەشلىرىم << دىگەن مەشھۇر كىتابى، دارۋىنىنىڭ >> ھايات كۆرەشلىرى << ئىدىيەسىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى .مۇسسولىنى، گېزىتچىلىك قىلغان ياش ۋاقىتلىرىدا دارۋىنىنى ـ19 >> ئەسىرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ دانىشمەنى << دەيدىغان دەرىجىدە ئۇچىغا چىققان تەدرىجى تەرەققىياتچى ئىدى. ئىتالىيەنىڭ تەختىگە چىققان ۋاقتىدىمۇ، ئۇرۇش بولسا بىر >> تەدرىجى تەرەققىيات قانۇنىدۇر << دىگەن ئىدىيەنى ئۆزىنىڭ ئىدىئولوگىيەسى قىلغان ئىدى .ستالىن بولسا، باللىق دەۋرىدە راھىپ بولغان بولسىمۇ، كېيىن دارۋىنىنىڭ >> تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى << دىگەن كىتابىنى ئوقۇپ ئاتېئىست ( دىنسىز ) بولغان ئىدى. ئۇنىڭ قانلىق دىكتاتورلۇق دەۋرىدە، دارۋىنىنىڭ ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ >> ئىپتىدائىي << بىر تەدرىجى تەرەققىياتچى بولغان Lamarckنىڭ نەزىرىيەلىرىنى رۇسسىيەگە زورلاپ تاڭدى... ئىنسانلارنى تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسى بويىچە >> ھايۋان پادىلىرى << دەپ قارايدىغان بۇ دىكتاتورلار ئۈچۈن، قان تۆكۈش بولسا تەبىئىي بىر بىئولوگىيەلىك ھادىسە ئىدى. ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى كۈچ بولسا سوتسىئال دارۋىنىزىم ئىدى...

سوتسىئال دارۋىنىزىم ياشاشقا داۋام قىلسا، ئىنسانىيەت ھېچقاچان تىنچلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇ ئىدىئولوگىيە شەخسلەرنى، جەمىيەتلەرنى، مىللەتلەرنى ۋە ھەتتا مەدىنىيەتلەرنى ئۆزلۈكسىز بىر توقۇنۇشقا >> دەۋەت قىلىۋاتىدۇ .<<سوتسىئال دارۋىنىزمنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ ئەسلى بار بولۇش مەخستى مۇشۇدۇر... ھالبۇكى ھەققەت بولسا پۈتۈنلەي باشقىچىدۇر. ئىنسان توقۇنۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى الله غا قۇللۇق قىلىش ۋە الله ئەمىر قىلغان گۈزەل ئەخلاق بويىچە ياشاش ئۈچۈن باردۇر. بۇ ئەخلاق بولسا، سۆيگۈگە، مەرھەمەتكە، شەپقەتكە، ئەپۇ قىلىشقا، رەھىمدىللىككە، قېرىنداشلىققا ۋە تىنچلىققا دەۋەت قىلىدۇ. ئىنسانىيەت بۇنى چۈشەنگەن چېغىدا، دۇنياغا ئۇرۇش ۋە كۆز يېشى ئەمەس بەلكى تېنچلىق ۋە بەخت ھۆكۈمران بولىدۇ. بىر قۇرئان ئايىتىدە دىيىلگىنىدەك:

ـ الله كىشىلەرنى ئامان جايغا ( تېنچلىق يۇرتىغا ) دەۋەت قىلىدۇ ۋە خالىغان ئادەمنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ( سۈرە يۇنۇس، 25(

ئىنسانلار، قۇرئان ئەخلاقى بويىچە ياشىمىغان، دوستلۇق، قېرىنداشلىق ۋە ئىتتىپاقلىق ئىچىدە بولمىغان تەغدىردە، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە قالايمىقانچىلىق تۈگىمەيدۇ . بۇ مۇھىم ھەقىقەت بىر قۇرئان ئايىتىدە مۇنداق دەپ  بىلدۈرىلىدۇ:

ـ كافىرلار ( ياردەمدە ۋە مىراستا ) بىر ـ بىرىگە ئىگىدۇر .ئەگەر بۇ ھۆكۈمگە ئەمەل قىلمىساڭلار، يەر يۈزىدە پىتنە ۋە چوڭ قالايمىقانچىلىق تۇغۇلىدۇ. ( سۈرە ئەنفال، 73...(

***

# غەپلەت بىلەن ئۆتكەن يىللار

***

غەپلەت؛ پەرۋارسىزلىق، دىققەتسىزلىك، ھوشنى يوقىتىش؛ غاپىل بولسا ئەتراپىدا يۈ بەرگەنلەردىن خەۋەرسىز، ھەر دائىم قايمۇقۇش ئىچىدە ۋە خەلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە دىققەتسىز ياشايدىغانلارغا قارىتىلغاندۇر. غاپىل، تۈن سەيلىسى كېسىلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلارغا ئوخشايدۇ؛ ماڭىدۇ، لېكىن مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. بىر ئىشلارنى قىلىدۇ، ئەمما زادى نىمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايدۇ. مەقسىتى يوقتۇر، دائىم كېرەكسىز ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، شۇغۇللىنىدۇ ۋە دائىم ماڭغان يوللىرىغا ۋە ياشاۋاتقان زامانغا يېڭىلىدۇ. تېخىمۇ توغرىسى، ئۇنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە بىر غايە ئىزدەشمۇ پايدىسىزدۇر؛ چۈنكى ئۇ قاراپ تۇرۇپ كۆرمەيدىغان، ئاڭلاپ تۇرۇپ چۈشەنمەيدىغان شۇنداق بىر غەپلەت ئىچىدىكى، بەزىدە ئەتراپىدا يۈز بەرگەن << قىزىل ـ قىيامەت >> تىنمۇ بىخەۋەر ھالدا ياشايدۇ .

يىللار ئۆتتى، بۇ تەلەيسىز جۇغراپىيەنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىنسانلىرى دائىم مۇشۇنداق ياشىدى؛ غەپلەت ئىچىدە ياتتى، غەپلەت ئىچىدە قوپتى، بىر غايە ـ ئارزۇسى بولمىدى ۋە دائىم كۈننى ئۆتكۈزۈشنىڭ پېشىدىن يۈگۈردى .

ئۇلار يەيدۇ ـ ئىچىدۇ، يانپاشلاپ قۇلىقىنىڭ ئۈستىدە ياتىدۇ؛ ئۆتمۈشنى كۆرمەيدۇ، كېلەچەكنى كۆرمەيدۇ؛ ئۆمەر ھەييام ئۇسلۇبىچە " :ئۆتمۈش كىلەچەك ھەممىسى قۇرۇق گەپ / ئويۇنىڭنى ئوينا، ھايات غەنىمەت " دەيدۇ. ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىمايدۇ، مەسچىتنى بىلمەيدۇ ۋە مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ھېكمەتلىك تىلىنى چۈشەنمەيدۇ. كائىنات كەلىمە ـ كەلىمىلەپ ، قۇر ـ قۇرلاپ، ئابزاس ـ ئابزاسلاپ بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرىدۇ؛ ھەممە تەرەپتىن ئۈستىگە شاقىراپ نىمەتلەر ياغىدۇ؛ ھەر بىر ھادىسە ئۇلارغا سانسىزلىغان نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ... ئۇلار بۇلاردىن ھىچنىمە چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا بۇ توختىمىغان سەمگە سېلىشلارغا، بۇ داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇشلارغا دىققەت قىلمايدۇ. دىققەت

قىلماسلىق ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەزىدە ئىلاھى ئاگاھلاندۇرۇشلارغا ئىسيان ۋە كۇپۇر بىلەن جاۋاپ بېرىدۇ؛ ئەگەر ئېھسان ۋە نىمەتلەر بېرىلسە تېخىمۇ غەپلەتكە پاتىدۇ...

غاپىللار نىمەتنى نىمەت دېمەيدۇ، ئېھساننى ئېھسان دىمەيدۇ. ئاگاھلاندۇرۇشقا قۇلاق سالمايدۇ؛ ئەمما باشلىرىغا بالا ۋە مۇسىبەت كەلسە، ئەگەر كىچىككىنە ئېتىقادى بولسا، ئۇنىمۇ تەغدىرگە ئارتىپ قويىدۇ ۋە تەغدىرنى بولىشىغا قاغايدۇ؛ ئەگەر بولمىسا، سەۋەپلەرگە باغلاپ قويۇپ، جاھىللىقىغا داۋام قىلىۋېرىدۇ. ئىشلار ئوڭشىلىپ ئىلاھى ئېھسان قىلىنسا، ھەممە ئىشنى ئۆزەم قىلدىم دەيدۇ ۋە " مەن، مەن " دەپ نەپەس ئېلىپ چىقىرىشقا باشلايدۇ. ئەكسىچە ئىشلىرىدىن چاتاق چىقىپ ھاياتى ئاستى - ئۈستى بولغان چاغدا بولسا، ئاھ - ۋاھ دەپ ئالقىنىنى ئۇۋىلاپ، غىڭشىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە ئاخىرلاشقان بولىدۇ؛ ئۆتمۈش ۋە دۇنيا پەردىسى چۈشۈرۈلۈپ، يېڭى بىر پەردە ئېچىلىدۇ. بۇ پەردە بولسا تېخىمۇ ئۈركۈتكۈچى ۋە قورقۇنۇچلۇقتۇر؛ شۇنداق، "ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ ."

لېكىن ئەڭ ئېچىنىشلىقى شۇكى، غاپىل، بۇ تەرەپتە بېشىغا كەلگەنلەردىن، يەنە بىر تەرەپتە ئۆزىنى ساقلاۋاتقانلاردىن بىخەۋەردۇر؛ غەپلەت بىلەن ياتىدۇ، غەپلەت بىلەن تۇرىدۇ... بۈگۈننى - ئەتىنى ئويلىمايدۇ... ھەق - ھوقوق بىلەن كارى يوق، كۈچى يەتكىنىچە بوزەك قىلىدۇ ئاجىزلارنى... بىر پىتنە بولۇپ ئەتراپىقا چاچراپ ھەممە يەرنى مالىمان قىلىدۇ .كۈچسىزلەرنى ئېزىدۇ، چۈنكى ئۇ غاپىلدۇر، ئۇنىمۇ ئېزەلەيدىغان بىر كۈچلۈكنىڭ بارلىقىنى ئويلىمايدۇ. ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن نەرسىلەرنى باشقىچە ئىسملار بىلەن ھەقلىق كۆرسىتىپ ئىنسانلارغا تاڭغان چېغىدا، ئۆز ئاقىۋىتىنى قەتئىي ئويلىمامدۇ؟ ئۇ، ئىنتايىن ھاكاۋۇر ۋە ھاياسىزدۇر. زۇلۇم قىلىپ ئەبەدىي ياشايدىغانلىقىنى ئويلايدۇ، ئەمما ئۇنى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بىر ئاقىۋەت ساقلاۋاتىدۇ. بۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتنىڭ ئەڭ يىنىكى بولسا ئۈمىدسىزلىك ۋە نادامەتتۇر ...

شۈبھىسىزكى ئۇنىڭ بۇ غاپىللىقىدا ئىمان ئېيتقانلارنىڭمۇ بەزى مەسئولىيەتلىرى بار: بىر مۆمىن، " نىمە بولسا بولسۇن، مەن الله غا ئىشىنىمەن " دەپ ئۇنىڭغا پەرۋاسىز قالماسلىقى كېرەك .خورلىنىپ ياشاشنى ئۆزىگە راۋا

كۆرمەسلىكى كېرەك. ھەققىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنىشىغا قارىتا جىمجىت قالماسلىقى كېرەك. الله غا " يۆلىنىپ " پەيغەمبىرگە بويسۇنىشى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. بىر ھىكمەت جەڭچىسىگە ئوخشاش ئىرادىسىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى، ئىمان قالقىنى بىلەن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىپ جانابى ھەقنىڭ رىزاسىغا يۆنىلىشى، " مەنمۇ بار! " دەپ پۈتۈن ئىمكانىيەت ۋە قابىلىيەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىشى، ھەر دائىم جىددى بىر مەسئولىيەت تۇيغۇسى بىلەن خىزمەتكە بېرىلىشى، قەلبىي، روھىي، ئەقلىي، مەنتىقىي بارلىق كۈچ مەنبەلىرىنى شەخسىي ۋە مىللى تىرىلىشى ئۈچۈن قوللىنىشى كېرەك... شۇنداق، بۇ خۇسۇسلارنىڭ ھەممىسى بىر مۆئمىن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

دىنىغا ـ ئىمانىغا ھۆرمىتى بولغان، خەلقىنى ۋە دۆلىتىنى سۆيىدىغان ئۈستۈن ئەخلاقلىق ۋە چوڭقۇر غايىلىك ئىنسانلارنى يېتىشتۈرىدىغىنىمىز كۈنگىچە، ئەپسۇس، غاپىللارنىڭ ۋە ئازغۇنلارنىڭ بېسىم ۋە زۇلۇملىرى داۋام قىلىدۇ. نەچچە ئەسىردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقىنىدەك بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خەلقىمىز يەنە توختىماي ئازدۇرىلىدۇ... غاپىللار ئاجىزلارنى يەنىلا ئېزىشكە داۋام قىلىدۇ... ئىنسانى قەدىر ـ قىممىتىمىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىنىشقا داۋام قىلىنىدۇ... الله نىڭ ئىسمى ئۇنتۇلدۇرۇشقا داۋام قىلىنىدۇ... غۇرۇرىمىزغا مەخپىي ۋە ئاشكارا ھالدا ھاقارەت قىلىش داۋام قىلىنىدۇ ...ئىپپەت ـ نۇمۇسىمىز دەپسەندە قىلىنىشقا داۋام قىلىنىدۇ... پاھىشۋازلىق، ئىچىملىك، چېكىملىك ...

ئىمانىمىزنى ۋە ئۈمىدىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز لازىم لېكىن، ئىرادىمىزنى، تەمكىنلىكىمىزنى، قەتئىي ۋە مۇستەھكەم تۇرىشىمىزنىمۇ يوقاتماسلىقىمىز لازىم. يىللارچە ۋە يىللارچە ئىچىمىزدىكى ۋە تېشىمىزدىكى، ماددى ۋە مەنىۋى يىلتىزلىرىمىزغا پالتا چاپقانلار قارشىسىدا قىلغان سۈكۈتلىرىمىز ۋە ئاجىلىقىمىز ئۇلارنى تېخىمۇ غەيرەتلەندۈردى؛ مەسۇم ۋە مەزلۇملارنىڭ ئېزىلىشىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇردى. ئاچ بۆرىلەرنى يەنىلا ئەپۇ قىلدۇق، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسى تېخىمۇ چوڭايدى. بىزنىڭ مۆرىمىزگە دەسسەپ يۇقىرىلارغا چىقتى. لېكىن بىزنى ھىچقاچان بىر ئىنسان دەپ كۆرمىدى. ئەكسىچە ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ باتىل چۈشۈنچىلىرىنى زورلاپ تاڭدى ۋە ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشقا زورلىدى .

بىز، يەنىلا ئۈمىدىمىزنى يوقاتمىدۇق؛ دۇنيا يارىتىلغان كۈندىن تارتىپ، نۇر دائىم زۇلمەتنى قوغلىدى... زامان تېخى تۈنۈگۈن يىغلىغانلارنى ئەتىسى كۈلدۈردى... ۋە قارا قىشلار باغرىدا نى - نى نەۋباھارلارنى يېتىشتۈردى... بۈگۈنگە كەلگۈچە سانسىزلىغان قېتىم كېيەنلىكىمىزنى كۆيىنەك قىلغاندەك، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر سىلكىنىپ ئورنىمىزدىن تۇرىشىمىز نىمىشقا مۇمكىن بولمىسۇن؟...

# يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنىڭ دۈشمەنلىرى

سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرلىشىشى ۋە ئامېرىكىنىڭ بىردىنبىر تەڭداشسىز كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىن كېيىن، سابىق ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھېنرىي كىسسىنجېرنىڭ >> ( Henry Kissinger ) ئۇلۇغ قولى بولغان >> مىللىي بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى Brent Scowcroft بىلەن بىللە لاھىيەلەپ ئوتتۇرىغا قويغان >> يېڭى دۇنيا تۈزۈمى >> ئۇقۇمى ئىنتايىن جىق تالاش - تارتىشقا سەۋەپچى بولدى. بەزىلەر بۇ يېڭى تۈزۈمنى بىر خىل Pax Americana يەنى >> ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى تىنچلىق >> دەپ چۈشەندى . ئامېرىكىنىڭ باشچىلىقىدا تېخىمۇ ئەركىن ۋە تىنچ بىر دۇنيا قۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۈمىد قىلدى. كۇۋەيتنى ئىشغال قىلغان ئىراقنىڭ، پارىس قولتۇقى ئۇرۇشىدا >> جازالاندۇرىشى >> بىلەن تەڭ ، ئامېرىكا، بۈندىن كېيىن دۇنيادا زومىگەرلىك دەۋرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ھالبۇكى بۇ يېڭى تۈزۈم، يۇقىرىدا دېيىلگەن >> پەدازلانغان >> ۋەدىلەرنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. شۇنداق، سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان، ئىدىئولوگىيەلىك توقۇنۇشلار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىگەن ئىدى، ئەمما دۇنيانىڭ بەزى رايونلىرى، بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ جىق توقۇنۇشلارنىڭ ۋە ئازاپ - ئوقۇبەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىۋاتاتتى. بۇنىڭ ئەڭ ئوچۇق ئۆرنىكى بولسا شۈبھىسىزكى بوسنىيە - گىرتىسگوۋىنادا يۈز بەردى. 250 مىڭ مۇسۇلمان، سېرپىلارنىڭ قىرغىنچىلىقى نەتىجىسىدە مەدىنى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇنىڭغا ئوخشاش ئېتنىك توقۇنۇشلار ۋە قىرغىنچىلىقلار يەنە باشقا رايونلاردا ،ئەزەربەيجان، چېچېنىيە ۋە ... قاتارلىق بولۇپمۇ مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يۈز بەردى .

ئۇنداقتا بۇ ئەھۋالنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ تۈگىشى بىلەن بىللە، ئامېرىكا باشچىلىقىدا ھۇزۇرلۇق ۋە تىنچلىققا تولغان بىر >> يېڭى دۇنيا تۈزۈمى >> قۇرۇلىدىغانلىقى ئېلان قىلىنىپ تۇرۇپ، بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ جىق قان ئېقىشقا باشلىدى. ۋە بۇ ئاققان قانلارنىڭ ئاساسلىق قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى

ئىدى.

بەزى كۆز - قاراشلار بويىچە بۇ ئىنتايىن نورمال بىر ئەھۋال ئىدى، چۈنكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ تۈگىشى بولسا، سوتسىئالىزىم ۋە كاپىتالىزىم ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇن توقۇنۇشنى ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى ۋە ئەمدى بىرلىككە كەلگەن زامانىۋى دۇنياغا قارشى بىردىنبىر دۈشمەن ۋە ئۆكتىچى كۈچ بولسا ئىسلام دىنى ئىدى << .يېڭى دۇنيا تۈزۈمى >> بولسا، بۇ يېڭى قۇتۇپلاشمىنىڭ بىر ئىپادىسى ئىدى. دەل ئويلىغاندەك قىسقا بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئامېرىكىلىق ستراتېگىيەچى Samuel Huntington ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە دۇنيانىڭ كەلگۈسىدىكى يۈزيىلدا يەنى 21 - ئەسىردە غايەت زور بىر << مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى >> غا سەھنە بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى . Huntingtonنىڭ قارىشى بويىچە، ئىدىئولوگىيەلەر ئۆلگەن ئىدى ۋە ئەمدى دىنلارنى ئاساسي مەنبە قىلغان مەدەنىيەتلەر دەۋرى قايتىدىن باشلانغان ئىدى، ئەڭ چوڭ توقۇنۇش بولسا، غەرب بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرەتتى .ئۇنىڭ قارىشىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ بوسنىيە-گىرتسىگوۋىنادا ۋە << باشقا يەرلەردە <<غەربنىڭ ياردىمىنى كۈتۈشى ئەخمەقانىلىق ئىدى، چۈنكى << مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى >> ئاللىبۇرۇن باشلىغان بولۇپ، سەپلەر بەلگىلىنىپ بولغان ئىدى. ھەممەيلەننىڭ رولى << پىچىلىپ >> بولغان ئىدى.

بەزى ئانالىزچىلار بولسا يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنىڭ >> سۈسۈن كۆرۈنىشىنى << يەنى پەدازلانغان تەرىپىنى قوللاشقا داۋام قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، ئوتتۇرىدا چوڭ بىر توقۇنۇش يوق ئىدى ۋە بولمايتتى. بوسنىيەدە ۋە باشقا ئىسلام تۇپراقلىرىدا ئاققان قانلار، كىچىك رايون خاراكتېرلىق بىر توقۇنۇشلارنىڭ نەتىجىسى ئىدى ۋە يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنىڭ بىر پارچىسى ئەمەس ئىدى. يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنىڭ مەخسىتى، بۇ << كىچىك كېلىشمەسلىكلەرنى <<ھەل قىلىش ئىدى .

بۇ ئىككى خىل پەرقلىق ئانالىز توغرۇلۇق ئويلىنىش كېرەك. ھەقىقەتەن يېقىن بىر كەلگۈسىدە غەرب بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر توقۇنۇش يۈز بېرەمدۇ؟ << يېڭى دۇنيا تۈزۈمى<< ، دۇنيادا تىنچلىق ۋە ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۈزۈلدىمۇ؟ ياكى بۇ << پەدازلانغان گەپلەر << نىڭ ئارقىسىدا يېڭى بىر

توقۇنۇش پىلانلىنىۋاتامدۇ؟ يېڭى دۇنيا تۈزۈمىنى قۇرۇشقا بەل باغلىغان مەدەنىيەت، ئۆزىدىن بولمىغانلارغا، يەنى مۇسۇلمانلارغا قارشى دوستلۇق تەكلىپنامىسى تەييارلاۋاتامدۇ ياكى بىر تۇزاق تەييارلاۋاتامدۇ؟؟؟ بۇ سۇئاللار نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ كاللىسىنى مەشغۇل قىلىۋاتقان مۇھىم سۇئاللاردۇر.

كۈنىمىزدە نۇرغۇنلىغان كىشلەر غەربنى ئىنتايىن ياخشى بىلىمەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى دۇنيا بەزىدە كۆرۈنگىنىدىن، كۆرستىلگىنىدىن تېخىمۇ باشقىچە بولالايدۇ .

دۇنيانىڭ بۈلۈپمۇ غەربنىڭ بۇ 300 يىللىق تارىخىغا نەزەر سالغان چېغىمىزدا، بەرپا قىلىنغان دۇنيا تۈزۈمىنىڭ سېكۇليار ( دىنغا قارشى، دىندىن ئايرىلغان، ھاكىمىيەت دىنسىزلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن) بىر تۈزۈم ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ سېكۇليار تۈزۈمنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى قۇرغۇچىلىرى ۋە باشقۇرغۇچىلىرى بولسا يەھۇدى - ماسون ئىتتىپاقىدۇر. بۇ ئىتتىپاق پەقەت سېكۇليار جەمىيەتلەرگە ھۆكۈمران بولالايدۇ. سېكۇليار جەمىيەتلەرنى مودىرنىزىمنىڭ >>نازۇ - نىمەتلىرىنى << يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىتتىپاق تەرىپىدىن قۇرۇلۇپ، ئۇلارغا خىزمەت قىلىۋاتقان دۇنيا تۈزۈمىنىڭ داۋام قىلالىشى ئۈچۈن سېكۇليارىزىمنىڭ داۋام قىلدۇرۇلىشى كېرەك .

>>ئەگەر سىلەر ئىسلامنى يوق قىلمىساڭلار،
ئىسلام سىلەرنى يوق قىلىدۇ .ئىسرائىلىيە،
ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشتا،
غەربنىڭ باشلامچىسى بولىشى كېرەك<<

CFRنىڭ فرانسىيەدىكى ئەڭ مۇھىم باياناتچىسى **Remy Leveau** نىڭ
غەربپ رەھبەرلىرىگە قىلغان ئاگاھلاندۇرىشى .

دۇنيانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا بۇ ئىتتىپاقنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن كۈچلۈكتۇر ۋە تېخىمۇ مۇھىمى قۇرئاننىڭ بەنى - ئىسرائىل سۈرىسىنىڭ بېشىدا خەۋەر قىلىنغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق گۈللىنىش دەۋرى ۋە دۇنيا خاراكتېرلىق بۇزغۇنچىلىق چىقىرىشى ھەققىدىكى ئايەت بولسا دەل بۇ دەۋرنى كۆرسەتكەندۇر. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله )... ئىسرائىلىيە ۋە ئۇنىڭ ئامېرىكىغا يېيىلغان << پارچىلىرىنىڭ >> پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان بىر دۇنياۋى ستراتېگىيەسى باردۇر. بۇ ستراتېگىيە بولسا يەھۇدى - ماسون ئىتتىپاقى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مەۋجۇت سېكۇليار دۇنيا تۈزۈمگە پۈتۈن دۇنيانى باش ئەگدۈرۈشتۇر. بۇ تۈزۈمگە قارشى چىققان ھەر خىل تۈزۈمگە قارشى ھەرىكەتلەر ۋە ئۆكتىچىلەر ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن باستۇرۇلىدۇ .

دەل بۇ نۇقتىدا ئىسلام، بۇ سېكۇليار دۇنيا تۈزۈمگە قارشى ئەڭ چوڭ تەھدىت بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقۋاتىدۇ. چۈنكى ھازىرقى دۇنيا تۈزۈمى سېكۇلياردۇر. بۇ ئەھۋالدا تۈزۈمگە قارشى چىقىپ ئۇنى يىقىتالايدىغان ئەڭ چوڭ كۈچ بولسا دىندۇر، تېخىمۇ توغرىسى ھەق دىن بولغان ئىسلامدۇر. بۇ تۈزۈمگە قارشى چىققان باشقا كۈچلەر، مەسىلەن بىر دۆلەت ئىقدىسادىي ياكى سوتسىيال سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ تۈزۈمگە قارشى چىقسا، ياكى ئېزىش ئارقىلىق ئۇنى << توغرا يولدا ماڭدۇرغان >> قىلالايدۇ ياكى ھەر خىل دىپلوماتىيەلىك يول قويۇشلار ئارقىلىق << كۆڭلىنى ئېلىپ >> يەنە بۇ تۈزۈمگە بويسۇنۇشقا رازى قىلالايدۇ. لېكىن ئىسلامنى بولسا ئېزىش ئارقىلىق يوق قىلىش ياكى يول قويۇشلار ئارقىلىق رازى قىلىش بولسا ئەسلا مۇمكىن ئەمەستۇر. چۈنكى ئىسلام پەقەتلا بۇ تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان تالان - تاراج، ئادالەتسىزلىك، بۇزغۇنچىلىق...لارغىلا ئەمەس، بىۋاستە ھالدا تۈزۈمنىڭ ئۆزىگە، يەنى ئىلاھى مىزانلارغا قارشى چىقىپ قۇرۇلغان سېكۇليار، دىنغا قارشى دۇنيا سىستېمىسىغا قارشىدۇر. يەر يۈزىدە چوڭ بىر بۇزغۇنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان يەھۇدى - ماسون ئىتتىپاقىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ بولسا، شۈبھىسىزكى << : تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە الله نىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار؛ ( بەقەرە سۈرىسى، 193 ) دېگەن ئەمرنى قىلغان ئىسلامدۇر >> .

بۈگۈنكى دۇنيا تۈزۈمگە قارشى چىققان بىردىن - بىر ئۆكتىچى كۈچنىڭ ئىسلام دىنى ئىكەنلىكى، بىلىنگەن ۋە پات

ـ پات ئەسكەرتىلىپ تۇرۇلغان بىر ھەقىقەتتۇر. ئامېرىكىلىق ستراتېگىيەچى Samuel Huntington ، يەھۇدى ـ ماسون ئىتتىپاقىنىڭ ئاساسلىق ئورگىنى بولغان CFR نىڭ Foreign Affairs ئىسىملىك ژورنىلىنىڭ ـ1993يىلىدىكى ساندا، دۇنيانىڭ يېقىن كەلگۈسىدە بىر >> مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى >> غا سەھنە بولىدىغانلىقىنى ۋە ئەڭ چوڭ توقۇنۇشنىڭ غەرب بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى يازغان ئىدى Huntington .كۆزدە تۇتقان غەرب بولسا، يەھۇدىلار بىلەن ماسونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى غەربنى بولۇپمۇ ئامېرىكىنى شەكىللەندۈرگەن، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلتۈرگەن ۋە ھازىرغىچە كونترول قىلىۋاتقان كۈچ بولسا بۇ ئىتتىپاقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە Huntington نىڭ بىر يەھۇدى بولۇشى ۋە بۇ ماقالىنى چىقارغان ژورنالنىڭ يەھۇدى ـ ماسون ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسي ئورگىنى بولغان CFR نىڭ ژورنىلى ئىكەنلىكى بولسا تېخىمۇ مەنىلىكتۇر .

تېخىمۇ بۇرۇن CFR نىڭ ئىقتىسادىي قانىتى بولغان Trilateral Commission ئۈچۈن ۋە CIA ئۈچۈن ستراتېگىيەلەر تەييارلىغان Huntington نىڭ بۇ >> مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى >> پىكرى بۈگۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قىسقا، ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك سىياسىتىنى بەلگىلەشتە ئاساسىي مەنبەدۇر ...ئەمما بىر نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك Huntington: ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ياكى ئېلان قىلغان بۇ بۈيۈك توقۇنۇش، يېقىن كەلگۈسىدە باشلىمايدۇ؛ بەلكى ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ بولغاندۇر. ئىتتىپاق، ئىسلام دىنىنىڭ ھامىنى بىر كۈنى سېكۇليار دۇنيا تۈزۈمى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ بىر تەھدىتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى ئىسلام دىنىنى ئاجىزلىتىش، يوق قىلىش ئۇسۇللىرىنى سىناۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بۇ 10 ـ 15 يىلدىن بېرى بۇ ستراتېگىيە تېخىمۇ ئاشكارىلىنىشقا باشلاۋاتىدۇ .

ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئۇرۇشنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرى باردۇر. .ئىسلامغا قارشى تەتۈر تەشۋىقات بىلەن ئىسلامنى يامان كۆرسىتىش، پىتنە تارقىتىش، ئارىسىغا بىدئەتلەر سىڭىپ ساپ ھالىتىدىن ئايرىش، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى تىزگىنلەش، زەيىپلىتىش ۋە ئېزىش، جىسمانىي جەھەتتىن قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، كوللىكتىپ قىرغىن... قاتارلىقلار ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسىملىرىدۇر. بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىغا

قارىغان چېغىمىزدا، بوسنىيە ـ گېرتسېگوۋىنادا، ئالجىرىيەدە، تۇنىستا، مىسىردا، ئافغانىستاندا، كەشمىردە، ئىراقتا، لىۋاندا، چېچېنىيەدە، ھىندونېزىيەدە، تايلاندتا، فىلىپپىندە، بىرمادا، سۇداندا ۋە يەنە ... لاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېزىلىۋاتقانلىقىنى، يوق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە بېسىم قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىز دۆلەتلەردە مۇسۇلمانلار كۆرۈنۈشتە ئوخشىمىغان دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتىدۇ. بوسنىيەدە سېرپلار تەرىپىدىن، كەشمىردە ھىندىلار تەرىپىدىن، چېچېنىيەدە رۇسلار تەرىپىدىن.........، ئالجىرىيە، مىسىر قاتارلىق يەرلەردە بولسا دىكتاتور ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتىدۇ. ئەمما ئىشنىڭ غەلىتە تەرىپى، بىر ـ بىرىسىدىن مۇستەقىل، بىر ـ بىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز كۆرۈنگەن بۇ ئىسلامغا قارشى كۈچلەر بولسا، دائىم بىر ـ بىرىسىگە ئوخشاش ئۇسۇللارنى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئېزىۋاتىدۇ. خۇددى ھەممىسى مەلۇم بىر مەركەزدىن تەلىم ئېلىۋاتقاندەك ...

شۇنداق، دۇنيادىكى ئىسلامغا قارشى ھەرىكەتلەر بىر مەركەزدىن باشقۇرۇلىۋاتىدۇ. مۇسۇلمانلار دۇچ كەلگەن ئاساسلىق دۈشمەن بولسا، سېرپلار، رۇسلار، دىكتاتور ھاكىمىيەتلەر ۋە باشقىلاردىن زىيادە بۇ دۇنيا تۈزۈمىدۇر. بۇ سېكۇليار تۈزۈم، ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى توسالغۇ بولغان دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئۆزگە ئۈزۈل ـ كېسىل باش ئەگدۈرۈش ياكى ئۈزۈل ـ كېسىل يوق قىلىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى ئىسلامغا قارشى كۈچلەرگە مەخپى ۋە ئاشكارا ھالدا پۈتۈن ياردەملەرنى قىلىپ ئۇلارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىۋاتىدۇ .

قۇرئان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسلى دۈشمەنلىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ ... >> : يەھۇدىلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن... ( مائىدە سۈرىسى، 82 . << ( بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقان كۈچلەر بولسا ئايەتتە دېيىلگەن مۇشرىكلاردۇر ( بۇددىستلار، الله غا شېرىك قوشۇۋاتقانلار، ئىنسانلارنى ئىلاھلاشتۇرۇپ چوقۇنۇۋاتقانلار! ) ۋە بۇ كۈچلەرگە پۈتۈن ياردەمنى قىلىۋاتقانلار بولسا ئايەتتە دېيىلگەن يەھۇدىلاردۇر. بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر سالغان چېغىمىزدا، >> مۇشرىكلار << بىلەن يەھۇدىلار كۆرۈنۈشتە دۈشمەن، بىر ـ بىرىسنى پارچىلاشقا تەھدىت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش بار. ئەمما بۇلار پەقەت ئويۇننىڭ كۆز بوياش قىسمىدۇر. ھەقىقى ئويۇن بولسا پەردە ئارقىسىدا >>دوستلۇق ئىچىدە << داۋام قىلىۋاتىدۇ ...!

# تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرلىشى

ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە الله دىن يىراق ئەمەستۇر، ئۇنىڭ ( يەنى زەررە ) دىن كىچىكرەك نەرسە بولسۇن، چوڭراق نەرسە بولسۇن، لەۋھۇلمەھفۇزدا خاتىرىلەنمىگىنى يوق ) << .سەبەھ سۈرىسى، 3(

ئۆتمۈشتە يۈز بەرگەن، كۈنىمىزدە يۈز بېرىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ئۆزگۈرۈشلەر جانابى الله نىڭ ئىزنى ۋە بىلىمىنىڭ ئىچىدە بولۇپ تېخى دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر تەغدىرنىڭ پارچىسى بولغان تەپسىلاتلاردۇر .بۇ تەغدىرنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى بولسا، ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يەر يۈزىگە ھۆكۈمران بولىشىدۇر .

كائىناتنىڭ باشلانغۇچىدىن تارتىپ كۈنىمىزگىچە بولغان تارىخنى، دوگما ۋە جاھىل تەدرىجى تەرەققىياتچى چۈشۈنچە بىلەن ئەمەس، بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم بىر ھەقىقەتنى كۆرىمىز: ئىنسانىيەت تارىخى، ئالدىن بەلگىلەنگەن بىر تۈزۈم بويىچە، مۇئەييەن سەۋەپلەر ۋە مەخسەتلەر بويىچە ئىلگىرلەۋاتىدۇ. بۇ تارىخى جەرياندا تاسادىپىيلىققا، تەرتىپسىز مالىمانچىلىققا ھەرگىزمۇ يەر يوق .

ماتىرىئالىستلارنىڭ ۋە دارۋىنىستلارنىڭ >> قىڭغىر << تارىخ چۈشۈنچىسى بويىچە تارىخ، مۇئەييەن بىر پىلان بويىچە ئەمەس، بەلكى تەرتىپسىز بىر ھالدا ئىلگىرلەيدۇ. بۇ خاتا چۈشۈنچە بويىچە قارىغاندا، يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنىڭ مەلۇم بىر مەخسىتى ۋە سەۋەبى يوق. تارىخى ماتىرىئالىزم چۈشۈنچىسى، ھادىسىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى پەقەت ماددى شەرت-شارائىتلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئەلۋەتتە ھەر خىل شەرتلەرنىڭ ھادىسىلەرنىڭ راۋاجلىنىشىدا مەلۇم بىر تەسىرى بولىدۇ، ئەمما بۇ، ماتىرىئالىستلارنىڭ دىگىنىدەك تاسادىپىيلىقنىڭ نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تەسىر ئەمەس. دىنغىمۇ بۇنىڭغا ئوخشاش بىر خاتا مەنتىق بىلەن باھا بېرىدىغان ماتىرىئالىستلار، دىنى ئىتىقادنى تارىخ جەرياندا بەزى زۆرۈرىيەتلەرنىڭ نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن دەپ قارايدۇ .

ماتىرىئالىستلارنىڭ بۇ قارىشىنىڭ ئەكسىچە پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مەركىزىدە >> ھەق دىن << باردۇر .ھادىسىلەر جانابى الله بەلگىلىگەن نۇقسانسىز تۈزۈم بويىچە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ ۋە يۈز بېرىۋاتىدۇ. تارىختا بولغان پۈتۈن ئۇرۇشلار، تىنچلىق كېلىشىملىرى، ئاپەتلەر، يىقىلغان ئىمپىراتورلۇقلار ۋە قۇرۇلغان يېڭى دۆلەتلەر، ئىدىئولوگىيەلەر، قىلىنغان ئىجاتلار، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىدە رول ئوينىغان ئىنسانلار ۋە ساناپ تۈگىتەلمىگۈدەك جىق بولغان تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسى جانابى الله نىڭ باشقۇرىشى ئاستىدا ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەل يارىتىشىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ھېچقانداق بىر ھادىسە ئۆز ئالدىغا ۋە تاسادىپيىلىق بىلەن يۈز بەرمەيدۇ. ھەممە نەرسە بىر ھېكمەت بىلەن يارىتىلغاندۇر. تاشقى كۆرۈنىشىدە ھەر بىر ھادىسە باشقا بىر ھادىسىنىڭ سەۋەبى ۋەياكى نەتىجىسىدەك كۆرۈنىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ ئەھۋال، يۈز بەرگەن ھەممە ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىدە الله نىڭ بىر تەغدىرى ئىكەنلىكى ھەقىقىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. پەقەت ھادىسىلەرنىڭ ئارىسىدىكى سەۋەپ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرى بەزى ئىنسانلارنى ئالدىيالايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تارىخنىڭ ئىلگىرلىشىگە مۇناسىۋەتلىك خاتا چۈشۈنچىلەر ئىچىگە كىرىپ قېلىشىغا سەۋەپچى بولالايدۇ .

يەنە بىر تەرەپتىن تارىخنىڭ ھەر مەزگىلىدە ئەسلىدە بىر بىرسىنىڭ >> كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى << بولغان ئوخشاش ئۆزگۈرۈشلەر يۈز بەرگەندۇر. بۇ، الله نىڭ ئىنسانىيەت ۋە كائىنات ئۈچۈن بەلگىلىگەن تەغدىرىنىڭ ( سۈننەتۇللاھ ) زۆرۈرىيىتىدۇر. تارىخى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەپلىرىنى، نەتىجىلىرىنى ۋە بۇ ھادىسىلەردىن ئېلىنىدىغان ساۋاقلارنى، قۇرئان ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) ھەدىسلىرى ئارقىلىق بىلەلەيمىز

بۇ يازمىدا تارىخنىڭ ئەسلىدە الله نىڭ ياراتقان بىر تەغدىرى ئىكەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىن كۈنىمىزگە ۋە كۈنىمىزدىن كىلەچەككە ئۇزانغان پۈتۈن ھادىسىلەرنىڭ بۇ تەغدىر بويىچە ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىمىز. بۇ ئىلگىرلەشنىڭ >> ئەڭ خوشخەۋەرلىك << باسقۇچى دەپ خەۋەر قىلىنغان >> ئالتۇن دەۋر << ۋە بۇ دەۋر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالامەتلەرنىمۇ تەتقىق قىلىمىز ۋە تەدرىجى تەرەققىياتنى ئاساس قىلغان تارىخ چۈشۈنچىسىنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىكەنلىكىنى پاكىتلىرى بىلەن

كۆرىمىز .

پۈتۈن ئىنسانلار ۋە مەۋجۇدىيەتلەرگە ئوخشاش، تارىخ بويىچە ئۆزلۈكسىز ھالدا الله بىلدۈرگەن ئۈستۈن دىن ئەخلاقىنى يەتكۈزگەن ئەلچىلەرنىڭمۇ، ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر تەغدىرى باردۇر. ھەممە پەيغەمبەرلەر تارىختىن بىرى بۇ تەغدىرنىڭ ئىچىدە الله نىڭ ۋەھيىسىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەندۇر ۋە بۇ تەغدىرنىڭ ئىچىدە ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا يەتكۈزۈلمىلدىغان شەرەپلىك بىر ھايات كەچۈرگەندۇر.

پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىنى ئايەتلەر بىلەن تەتقىق قىلغان چېغىمىزدا ئەڭ دىققىتىمىزنى تارتىدىغان نۇقتىلارنىڭ بىرىنىڭ ئۈزۈلمەي قالماي داۋام قىلغان تەبلىغ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. باشقىچە ئېيتقاندا، قۇرئاندا ئىسمى يېزىلغان پەيغەمبەرلەردىن باشقا الله ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىنتايىن جىق مۇبارەك شەخسمۇ، تارىخ بويىچە ئۈزۈلمەي قالماي، ئۆزلۈكسىز ھالدا ئىنسانىيەتكە ھەق دىننى تەبلىغ قىلغاندۇر. ھەتتا ئوخشاش بىر دەۋىردە ياشىغان، ئوخشاش رايونلاردا تەبلىغ ئېلىپ بارغان ( ئىبراھىم ئەلەيھسسالام ـ لۇت ئەلەيھسسالام، مۇسا ئەلەيھسسالام ـ ھارۇن ئەلەيھسسالاملارغا ئوخشاش ( پەيغەمبەرلەرمۇ بار. بۇ ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسى الله تەرىپىدىن تاللانغان مۇبارەك ئىنسانلاردۇر. بۇ ئەلچىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان جەمىيەتتە قەتئىي ھالدا ھەق دىننى تەبلىغ قىلىشى، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولىدىغان ھادىسىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى بولسا، الله نىڭ ئۇلارنى تاللاپ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۇلارنىڭ زىممىسىغا يۈكلىگەنلىكى ئۈچۈندۇر. رەببىمىز، پۈتۈن مەۋجۇدىيەتلەرگە ئوخشاش ئەلچىلىرى ئۈچۈنمۇ بىر تەغدىر بەلگىلىگەندۇر. ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىپ، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھادىسىلەرنى تارىخ بويىچە ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا ئېيتىلىپ يەتكۈزىلىدىغان شانلىق ۋە ئۇلۇغ ھادىسىلەر قىلغاندۇر. قۇرئاندا بۇ توغرۇلۇق ئىنتايىن جىق خەۋەرلەر بېرىلگەندۇر. بۇ خەۋەرلەرنىڭ بەزىلىرى بولسا مۇنداق:

مۇھەممەت ئەلەيھسسالام

**(42)**

ـ ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ۋادىنىڭ ( مەدىنىگە ) يېقىن تەرىپىدە ئىدىڭلار، ئۇلار ۋادىنىڭ ( مەدىنىگە يىراق تەرىپىدە

ئىدى. ( قۇرەيشنىڭ ) سودا كارۋىنى بولسا سىلەرنىڭ تۆۋەنكىلاردا ئىدى. ( مۇشرىكلار بىلەن ئۇچرىششىنى ( ۋەدىلەشكەن بولساڭلار، سىلەر ( ئۆزەڭلارنىڭ ئازلىقىنى، مۇشرىكلارنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ ) ئەلۋەتتە بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان بولاتتىڭلار، لېكىن الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ( يەنى مۇسۇلمانلارنى ئەزىز، مۇشرىكلارنى خار قىلىشنى ) ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ( سىلەرنى بەدرىدە مۇشرىكلار بىلەن ۋەدىسىز ئۇچراشتۇردى ). الله نىڭ مۇنداق قىلىشى ھالاك بولىدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ھالاك بولىشى، ياشايدىغانلارنىڭ روشەن دەلىلنى كۆرۈپ ئاندىن ياشىشى ئۈچۈن ئىدى. الله ) بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى )، ئەلۋەتتە، ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ( نىيەتلىرىنى ) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ( ئەنفال سۈرىسى، 42(

جانابى الله، مۇبارەك پەيغەمبىرىمىز ( س ئا ۋ ) ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر توپلۇقى ئۈچۈن ئىنتايىن جىق ھەر خىل ئىمتىھان مۇھىتى ياراتقاندۇر، ھەر خىل ۋەسىلىلەر بىلەن ئۇلارنى سىنىغاندۇر .ئايەتلەردە خەۋەر قىلىنغان ئىنتايىن جىق ھادىسىلەر، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ( س ئا ۋ ) ۋە يېنىدىكىلەرنىڭ رەببىمىزنىڭ قوغدىشى ئاستىدا ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق بىر ئىسپاتىدۇر. غايىپنىڭ >> ئاچقۇچى << قولىدا بولغان جانابى الله، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىن باشلاپ كېيىن پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىدىغان ئىسلامىيەت ئۈچۈن ھەر بىر تەپسىلاتى پىلانلىق ۋە باشقۇرۇش ئاستىدا بولغان بىر جەرياننى، تەغدىر قىلىپ بەلگىلىگەندۇر 1 .

ئەنفال سۈرىسىنىڭ 42 ـ ئايىتىدىكى ... >> الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى... ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ... <<دىگەن ئىپادە، بۇ ھەقىقەتنىڭ بىر ئىسپاتىدۇر. جانابى الله ، پەيغەمبىرىمىز ( س ئا ۋ ) ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەر بىلەن مۇشرىكلارنى دەل ۋاقتىدا ئۇچراشتۇرىدۇ ۋە بەلگىلەنگەن تەغدىرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

مۇسا ئەلەيھىسسالام

ـ ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ ھەمشىرەڭ ( فىرئەۋننىڭ ئائىلىسىگە ) بېرىپ: سىلەرگە ئۇنى باقىدىغان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ دېدى. بىز سېنىڭ ئاناڭ خوش بولسۇن، قايغۇرمىسۇن دەپ سېنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق، سەن بىر

ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ، سېنى بىز غەمدىن خالاس قىلدۇق، سېنى تۈرلۈك بالالار بىلەن سىنىدۇق، سەن مەدىيەنلىكلەر ئارىسىدا كۆپ يىللا تۇردۇڭ، ئاندىن، ئى مۇسا! تەقدىر بىلەن ( بۇ يەرگە ) كەلدىڭ. ( تاھا سۈرىسى، 41)

بۇ ئايەتتە دىيىلگىنىدەك مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن پۈتۈن ھادىسىلەر الله بەلگىلىگەن تەغدىر بويىچە يۈز بەرگەندۇر. سېۋەتكە سېلىنىپ دەرياغا قويۇپ بېرىلىشىدىن تارتىپ ئۇنى فىرئەۋنىنىڭ ئايالىنىڭ تېپىۋېلىشىغىچە، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا باققۇچى بولۇشىدىن تارتىپ ئوردىدا ئۆتكۈزگەن يىللارغىچە، الله بىلەن بىۋاستە گەپ قىلىشىدىن تارتىپ يەھۇدىلارنىڭ پىرئەۋنىدىن قۇتۇلىشىغا ۋەسىلە بولغان بارلىق جەريان ئەسلىدە جانابى الله ياراتقان تەغدىرنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ باسقۇچلاردا بېشىدىن ئۆتكەن ھېچقانداق بىر ھادىسە تاسادىپىي ئەمەستۇر. ھەر بىر تەپسىلاتى بىر ھىكمەت بىلەن يارىتىلغاندۇر. مەسىلەن دەرياغا قويۇپ بېرىلگەن چاغدا سېۋەتنىڭ تېپىلىش ۋاقتىمۇ يارىتىلغاندۇر. دەرياغا قويۇپ بېرىلگەن سېۋەتنىڭ ئۆرۈلمەي كەتمەسلىكى، قويۇپ بېرىلگەن ۋاقتى، دەريادىكى ئېقىمىنىڭ سۈرئىتى ۋە يۆنىلىشى، ئۇنى تېپىۋالغان كىشىنىڭ سېۋەت دەل ئۇ يەردىن ئۆتكەن مىنۇتتا ئۇ يەردە بولىشىغا ئوخشاش ئىنتايىن جىق تەپسىلات، بۇ مۇكەممەل تەغدىرنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئەگەر ئۇ سېۋەتنى ھېچكىم تېپىۋالمىغان بولسا ئىدى كېيىنكى ئىشلارنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمەيتتى دەپ ئويلاش بولسا، چوڭ بىر خاتا بولىدۇ. جانابى الله بارلىق ھادىسىلەرنى بىر پۈتۈن ھالدا يارىتىدۇ ۋە بۇ پىلاندا ھادىسىلەرنىڭ باشلانغۇچى ۋە نەتىجىلىرى ئالىلقاچان بەلگىلىنىپ بولغاندۇر .

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام

ـ بۇ يەردىن بىر كارۋان ئۆتتى، ئۇلار سۇچىسىنى ( سۇ ئېلىپ كېلىشكە ) ئەۋەتتى، ئۇ سوغىسىنى قۇدۇققا تاشلىدى ۋە: خۇشخەۋەر! مانا بىر ئوغۇل بالا دىدى. ئۇلار ئۇنى تىجارەت مېلى سۈپىتىدە مەخپىي تۇتۇشتى، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى الله بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ( سۈرە يۇسۇف، 19 )

بۇ ئايەتتە بىلدۈرۈلگەن ھادىسە، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن قۇدۇققا تاشلانغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋە كارۋانلار ئۇچۇن ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر ھادىسىدۇر. لېكىن خۇددى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھادىسىلەرگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ جانابى الله نىڭ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۇچۇن بەلگىلىگەن بىر تەغدىرى بار ۋە ھادىسىلەر بۇ تەغدىرنىڭ ئىچىدىكى بىر پىلان بويىچە ھېچقانداق بىر توسالغۇغا ئۇچرىماستىن ئېلگىرلىمەكتىدۇر. كارۋانلارمۇ بۇ پىلاندىكى تېگىشلىك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلىغاندۇر. كۆرگىنىمىزدەك، يۈز بەرگەن ھەر بىر ھادىسىگە ئوخشاش، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىمۇ ھېچقانداق تەرتىپسىز، تاسادىپىي بىر ئېلگىرلەش يوقتۇر، ھادىسىلەر ۋە نەتىجىلىرى پەقەت الله بىلىدىغان، بەلگىلىگەن ۋە ياراتقان بىر ئۇسۇلدا ئېلگىرلىگەندۇر

## ئىسا ئەلەيھىسسالام (55)

ـ ئۆز ۋاقتىدا الله ئېيتتى: ئى ئىسا! مەن سېنى ( ئەجىلىڭ يەتكەندە) قەبزى روھ قىلىمەن، سېنى دەرگاھىمغا كۆتىرىمەن ( يەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىمەن )، ساڭا ئەگەشكەنلەرنى قىيامەتكىچە كافىرلاردىن ئۈستۈن قىلىمەن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان ئىش ( يەنى ئىسانىڭ ئىشى ئۈستىدە ) ئاراڭلاردا مەن ھۆكۈم چىقىرىمەن. ( ئال ـ ئىمران سۈرىسى، 55 (

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى زاماندا يەر يۈزىگە ئىككىنچى قېتىم كېلىدىغانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىسپاتلىرىدىن بىرى بولغان بۇ ئايەتتە، رەببىمىز ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇچۇن بەلگىلىگەن تەغدىر بويىچە ئۇنىڭغا توزاق قۇرغانلارنىڭ تۇزاقلىرىنى بۇزۇپ، ئۇنى قوغداپ ئۆز دەرگاھىغا كۆتۈرگەندۇر. بۇ ئۇلگە بىزگە الله نىڭ بارلىق ھادىسىلەرنى سەۋەپلىرى ۋە نەتىجىلىرى بىلەن بىللە بىر پۈتۈن ھالدا ياراتقانلىقىنى، مىڭلارچە يىللىق بىر جەريان ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى بارلىق باسقۇچلىرى بىلەن بىللە بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ھەممە تەرىپىنى >> كۆرەلەيدىغانلىقىنى << كۆرستىدۇ. بىز كەلگۈسىدىكى ھادىسىلەرنى، زامانغا تەۋە بولغانلىقىمىز ئۇچۇن تېخى يۈز بەرمىگەن، شۇنداقلا بىلىنمىگەن ھادىسىلەر دەپ ھىس قىلىمىز، لېكىن زاماننىڭ ۋە ماكاننىڭ تەسىرىدىن خالى بولغان ئۇلۇغ رەببىمىز قۇرئانى ـ كەرىمدە بىزگە نىسپەتەن كەلگۈسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان

هادىسلەرنىڭ يۈز بېرىپ ئاخىرلىشىپ بولغان هادىسلەر ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. قۇرئاندىكى قىيامەت كۈنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەسۋىرلەشلەر، قايتىدىن تىرىلىش، هىساپ كۈنى، جەننەت ۋە جەھەننەم هاياتى ھەققىدىكى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئاندا تېخى يۈز بەرمىگەن ( بىزگە نىسپەتەن ) قىيامەت كۈنىدىكى كائىناتنىڭ هالى، مەھشەر كۈنىدىكى ئىنسانلارنىڭ قورقۇنۇچلۇق روھى هالەتلىرى، ئۆلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەر... دائىم خۇددى يۈز بېرىپ بولغان بىر هادىسگە ئوخشاش بايان قىلىنىدۇ .

تەغدىر، جانابى الله نىڭ پەقەتلا ئىنسانلار ئۈچۈن بەلگىلىگەن ۋە پەقەتلا ئىنساننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، قانداق شەرت ـ شارائىتلار بىلەن هاياتىنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى ۋە هاياتىدا يۈز بەرگەن ئاساسلىق ۋەقەلەردىن تەركىپ تاپقان بىر قىسمەت ئەمەستۇر. ئىنسانلاردىن باشقا، پۈتۈن جانلىقلارنىڭ، قۇياشنىڭ، ئاينىڭ، تاغلارنىڭ، دەرەخلەرنىڭ، دېڭىزلارنىڭ... قىسقىچە ئېيتقاندا كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ، ئىدىئولوگىيەلەرنىڭ ۋە دۇنيانى قاپلىغان ئېقىملارنىڭمۇ الله تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىر تەغدىرى باردۇر. (16)

) ـ الله غا ئاسىيلىق قىلغان ) قانداق بىر شەھەر بولمىسۇن، ئۇنى بىز قىيامەت كۈنىدىن بۇرۇن هالاك قىلىمىز، ياكى ئۇنى قاتتىق ئازاپلايمىز، بۇ لەۋھۇلمەھفۇزدا پۈتۈلۈپ كەتكەن ( هۆكۈم ) دۇر. ( ئىسرا سۈرىسى، 55(

ـ بىرەر شەھەر ( ئاهالىسى) نى هالاك قىلماقچى بولساق، ئۇنىڭدىكى دۆلەتمەن ئادەملەرنى ) بىزگە ئىتائەت قىلىشقا ) بۇيرۇيمىز، ئۇلار ئىتائەت قىلماي، پىتنى ـ پاسات قىلىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ئازابىمىز تېگىشلىك بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قورقۇنۇچلۇق رەۋىشتە هالاك قىلىمىز.( ئىسرا سۈرىسى، 16(

پىرئەۋننىڭ قوشۇنلىرى، ئاد، لۇت، سەمۇد، نۇھ قەۋملىرى ۋە تېخمۇ جىقلىرى... بەزىلىرىگە بىر چاقماق چۈشتى، بەزىلىرى سۇدا تۇنجۇقتى، بەزىلىرىگە قورقۇنۇچلۇق بورانلار ئەۋەتىلدى... ھەممىسىنىڭ ئورتاق تەرىپى الله نى ئىنكار قىلىشى، ئازغۇنلۇقلارغا پاتقانلىقى، بۇزغۇنچىلىق چىقارغانلىقى ئىدى .ئۇلارغا كەلگەن ئازاپ بولسا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ جازاسى بولۇپ، جانابى الله نىڭ قىسمىتى ۋە بۇيرۇقى ئىدى. توپان بالاسى ئادەتتىكى بىر

تەبىئىي ئەھۋال ۋە بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس بولۇپ، الله نىڭ خالىغان زامان ۋە ماكاندا >> ۋۇجۇتقا كەل <<دىگەن بۇيرۇقى بىلەن يۈز بەرگەن بىر ھالاكەت ئىدى. ئەلۋەتتە الله تۇپان بالاسىغا سەۋەپلەرنى ۋەسىلە قىلغاندۇر. لېكىن بۇ يەردە دىققەت قىلىنىشقا تىگىشلىك بولغان نۇقتا شۇكى، بۇ ھالاكەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەپلەرمۇ بىر تەغدىرنىڭ پارچىسى بولۇپ، شۈبھىسىزكى بۇ سەۋەپلەرمۇ جانابى الله نىڭ ياراتقان تەپسىلاتلىرىدۇر. الله >> بۇلۇتلارنى ئەۋەتىدۇ << ۋە يامغۇرنى يارىتىدۇ. دېڭىز سۇيىنىڭ ئارقىغا يېنىشىنى ئەمىر قىلىدۇ، دېڭىز ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىلىدۇ. چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ بىردىن ـ بىر ئىگىسى بولغان الله كۆلەڭگىنى يارىتىدۇ ۋە قۇياشنى ئۇنىڭغا ۋەسىلە قىلىدۇ. ( فۇرقان سۈرىسى، 45 ). بۇلارنىڭ ھەممىسى الله ئۈچۈن ئىنتايىن ئاساندۇر .

بۇنىڭدىن باشقا، قەۋملەرنىڭ ھالاك قىلىنىشى بىلەن ئىنتايىن جىق تارىخى نەتىجىلەر ئوتتۇرىغا چىققاندۇر. مەسىلەن پىرئەۋىننىڭ قوشۇنلىرى سۇدا تۇنجۇقۇپ ھالاك بولىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق مۇسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان يەھۇدىلار پىرئەۋىننىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلىدۇ ۋە باشقا تۇپراقلارغا جايلىشىش ئۈچۈن يولغا چىقىدۇ. تېخىمۇ كېيىنلەردە قۇددۇسقا ( ئېرۇسالىم ) يېتىپ بارغان >> ئىسرائىلنىڭ ئوغۇللىرى<< ، بۇ يەردە ئىنتايىن جىق تارىخى ۋەقەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ ۋە ئىنتايىن جىق ھادىسىلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولىدۇ. يەنە، نۇھ ئەلەيھىسسالام ۋە يېنىدىكى مۆمىنلەرمۇ تۇپان بالاسى ھالاك قىلغان دۆلەتلەردىن قۇتۇلىدۇ. شۇنداقلا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسلىدىن نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر دۇنياغا كېلىدۇ .

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تارىختا يۈز بەرگەن ئەڭ مۇھىم ھادىسىلەردىن بولغان قەۋملەرنىڭ ھالاكىتىمۇ الله نىڭ بىر سىنىقىدۇر. (ت

ـ بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق. ( بىرەر شەيئىنى ياراتماقچى

بولساق ( بىزنىڭ ئەمرىمىز پەقەت بىر سۆزدۇر، ( ئۇ ) كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقاننىڭ ئارىلىقىدا

)ئورۇنلىنىدۇ ). بىز ھەقىقەتەن ( ئۆتكەنكى ئۈممەتلەردىن كۇفرىدا ( سىلەرگە ئوخشاش

بولغانلارنى ھالاك قىلدۇق، ئىبرەت ئالغۇچى بارمۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلغان ( ياخشى ۋە يامان(

ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى نامە ـ ئەماللىرىدا مەۋجۇتتۇر .كىچىك ئىش، چوڭ ئىشنىڭ

ھەممىسى ( لەۋھۇلمەھفۇزدا ) خاتىرىلەنگەندۇر. ( قەمەر سۈرىسى، 49 ـ 53 ).

ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغان ئىنسانىيەت تارىخى، جانابى الله بەلگىلىگەن تەغدىر بويىچە مۇئەييەن بىر يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ئىنسانلار، سەۋەپلەر، دۆلەتلەر، بۇندىن بۇرۇن يۈز بەرگەن، ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان بارلىق ھادىسىلەر، نۇقسانسىز ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ تەغدىرنىڭ پارچىسى بولغان تەپسىلاتلىرىدۇر.

ئاتېئىزىم، كوممۇنىزىم، فاشىزىم، دارۋىنىزىم، ئېرقچىلىق، مۇستەملىكىچىلىك... بۇتپەرەسلىك، بۇددىزىم، ھىندىئىزىم، شىنتوئىزىم... بارلىق ئازغۇن ئىدىئولوگىيەلەر ۋە باتىل دىنلارنىڭ ـ ئوتتۇرىغا چىقىش ئۇسۇللىرى، سەۋەپلىرى، زامانلىرى نىمە بولسا بولسۇن ـ قۇرئان ئايەتلىرىدە بىلدۈرگىنىدەك ئوپئوچۇق بىر كىتاپتا يېزىلغان، جانابى الله نىڭ قورشاۋىدا ۋە باشقۇرىشى ئاستىدا بولغان ئەھۋاللاردۇر. مەسىلەن دارۋىنىزىم ئىدىيەسىنىڭ ۋە بۇ ئىدىيەنى ئاساس قىلغان بارلىق زىيانلىق ئىدىئولوگىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى پەقەت الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن بولغاندۇر. بۇ ئارقىلىق سۈننەتۇللاھ ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئالدىدا كۈرەش قىلىشى لازىم بولغان بىر سېستىما يارىتىلغان بولىدۇ. بىر سەپسەتىدىن ئىبارەت بولغان تەدرىجى تەرەققىيات نەزىرىيەسى بىلەن ئىلمىي كۈرەش قىلىش ئۈچۈن لازىم بولغان مەلۇماتلارغا ئېرىشتۈرىدىغان بىلىم ۋە پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتلىرىمۇ بۇ تەغدىرنىڭ بىر پارچىسى بولغان ھالدا يارىتىلغاندۇر. خۇددى، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە سېھىرگەرلىك ھەممە يەرگە يېيىلغىنىغا ئوخشاش ۋە بۇنىڭ يېنىدا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا سېھىرگەرلەرگە قارشى تۇرىدىغان بىر بىلىم بېرىلگىنىگە ئوخشاش. دارۋىنىست ۋە ماتېرىيالىست ئىدىئولوگىيەلەرنى يېڭىش ئۈچۈن لازىم بولغان ئىلمىي ئىمكانىيەتلەرمۇ، بۇ سەپسەتەلەر بىلەن بىللە يارىتىلغاندۇر. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله)

يۇقىرىدا ئۆتمۈشتىكى ھادىسىلەرنى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ھەدىسلەر بويىچە قىسقىچە تەتقىق قىلىپ باقتۇق. ئەمدى تېخى يۈز بەرمىگەن بىر دەۋرنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. بۇ دەۋر، ھەدىسلەردە تەپسىلى ھالدا خەۋەر قىلىنغان << ئالتۇن دەۋر >> دۇر. قىسقىچە چۈشەندۈرگەندە، ئالتۇن دەۋر ـ ئاخىرقى زاماننىڭ مالىمانچىلىق،

زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىك بىلەن تولغان تۇنجى دەۋرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ قۇتلۇق دەۋردە ھەر خىل موللۇق، بەرىكەت بولىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن ئۆچمەنلىكلەر ۋە ئىختىلاپلار ئاخىرلىشىپ، تىنچلىق، ھوزۇرلۇقتا تولغان بىر دەۋر باشلىنىدۇ. ئاخىرقى زاماندا يەر يۈزىنى قانغا بويىغان پۈتۈن زالىم كۈچلەر، ئىنسانلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ھالاك قىلغان بارلىق ئەخلاقسىز تۈزۈملەر ئاخىرلىشىدۇ ۋە يېرىنى دىن ئەخلاقىنى ئاساس قىلغان بىر دۇنياۋى تۈزۈم ئالىدۇ. الله ئاخىرقى زاماندا يەر يۈزىگە ئىككىنچى قېتىم كېلىدىغان ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئاخىرقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەزرىتى مەھدىنى بۇ ئالتۇن دەۋرنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋەسىلە قىلىدۇ. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله .(

51

ھەقىقەتەن تارىخ، پەقەت الله بەلگىلىگەن تەغدىرگە ( سۈننەتۇللاھ ( ئاساسەن ئىلگىرلەيدۇ. الله بۇ ھەقىقەتنى ... >>الله نىڭ ( مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان ) يولىدا ( سۈننىتىدە ) ھەرگىزمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىشنى كۆرمەيسەن، الله يولىدا ھەرگىز يۆتكىلىشنىمۇ... كۆرمەيسەن . ( فاتىر سۈرىسى، 43 ( دېيىش ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرىدۇ. تارىخنىڭ بىر مەخستى باردۇر ۋە تارىخ، الله نىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىلگىرلەيدۇ. الله نىڭ ئىرادىسى بولسا، ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلىشتۇر :

... ـ الله نىڭ نۇرىنى ... ئېغىزلىرى ( يەنى يالغان ـ ياۋداق بۆھتانلىرى ) بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ، الله ئۆز نۇرىنى ئۈستۈن قىلماي قالمايدۇ، كافىرلار ( بۇنى ) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ. ( تەۋبە سۈرىسى، 32 .(

الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئىنتايىن يېقىندا بارلىق دىن ئەخلاقىغا ئۆيغۇن بولمىغان ئىدىئولوگىيەلەر ۋە ئەڭ مۇھىمى ئاخىرقى زامان پىتنىسىنىڭ دەل ئۆزى بولغان >> يېڭى سېكۇليار تۈزۈم << **Novus Ordo Seclorum** ـ ئىنتايىن تېز چۆكۈشكە باشلايدۇ ۋە دىن ئەخلاقىنى ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلغان تۈزۈم پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمران بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ( س ئا ۋ )، قىيامەتتىن بۇرۇن يۈز بېرىدىغان ئالامەتلەرنى بۇنىڭدىن **1400**

يىل بۇرۇن ھەدىسى ـ شەرىفلىرىدە تەپسىلى ھالدا بايان قىلغاندۇر. بۇ ھەدىسلەردە دېيىلىشچە: ئاخىرقى زاماننىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا ئۇرۇشلار، قالايمىقانچىلىقلار، زۇلۇملار، نامراتلىق، ئەخلاقى چۈكۈش ھەممە يەرنى قاپلايدۇ، تەبىئىي ئاپەتلەر جىقىيدۇ، ئىنسانلار گۈزەل ئەخلاقلاردىن يىراقلىشىدۇ، يالغان پەيغەمبەرلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ... بۇلار يۈز بەرگەندىن كېيىن، دۇنيا تارىخى الله ياراتقان تەغدىر بويىچە ئۆزلۈكسىز ئىلگىرلەيدۇ ۋە الله ئاخىرقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھەزرىتى مەھدى ۋە ئىككىنچى قېتىم يەر يۈزىگە كېلىدىغان ئىسا ئەلەيھىسسالامنى، ئالتۇن دەۋىر ئۈچۈن لازىم بولغان شەرتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋەسىلە قىلىدۇ .

ئىنسانىيەت تارىخى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلانغاندۇر .جانابى الله قۇرئانى ـ كەرىمدە: ھەزرىتى ئادەمنىڭ تۇنجى ئىنسان ئىكەنلىكىنى، يەر يۈزىگە بىر خەلىپە قىلىش ئۈچۈن ( بەقەرە سۈرىسى، **30** ) ئۇنى >> ۋۇجۇتقا كەل << دىگەن ئەمىر بىلەن تۇپراقتىن ياراتقانلىقىنى ( ئال ـ ئىمران سۈرىسى، **59**( ، ئىسىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئۆگەتكەنلىكىنى ( بەقەرە سۈرىسى، **31** ) بىلدۈرىدۇ .ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەر يۈزىگە چۈشىشى ۋە ئۇنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىنسان ئەۋلادىنىڭ جىقىيىشى بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت تارىخىدا دائىم ھەق دىن بار بولغاندۇر .ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كۈنىمىزگىچە بولغان بۇ جەرياندا ياشىغان پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەر ھەق دىننى قەۋملىرىگە تەبلىغ قىلغاندۇر. ھەر بىر ئەلچى ئۆزىنىڭ قەۋمىگە ـ يالغۇز الله غا ئىمان ئېيتىشقا، ئاخىرەت كۈنىدىكى ھساپ ـ كىتاپنى ئۇنۇتماسلىققا، ياخشى ۋە گۈزەل ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندىگەندۇر. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بىر باشلانغۇچى بولغىنىغا ئوخشاش بىر ئاخىرلىشىشىمۇ باردۇر :قىيامەت...

ھەدىسلەردە قىيامەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇنلىغان ئالامەتلەر خەۋەر بېرىلگەندۇر، بۇ مەلۇماتلارنى دۇنيانىڭ يېقىنقى تارىخى ۋە كۈنىمىزدە يۈز بەرگەن ھادىسلەر بىلەن سېلىشتۇرغان چېغىمىزدا ئىنتايىن جىق قىيامەت ئالامەتلىرىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە يۈز بېرىشكە داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز .ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان ئەخلاقى بۇزۇلۇش، پىتنىلەر ۋە ئۇرۇشلار، زۇلۇملار دەل پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( س ئا ۋ ) مۇبارەك ھەدىسلىرىدە خەۋەر قىلىنغان ئالامەتلەردۇر. ھەدىسلەردە دېيىلگەن بۇ ئالامەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى بولسا، يەنە پەيغەمبىرىمىز ( س ئا ۋ ) خوشخەۋەر دەپ بىزگە بىلدۈرگەن ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى مەھدىنىڭ كېلىشىنىڭ

ئىسپاتلىرىدۇر. ئۇنداق بولسا كائىناتنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى بەلگىلەنگەن بىر يۆنىلىشكە قاراپ ئىلگىرلەۋاتىدۇ ۋە يۈز بەرگەن بارلىق ئۆزگۈرۈشلەر بۇ ئىلگىرلەشنى تەستىقلاۋاتىدۇ. بۇ بولسا، جانابى الله نىڭ بىز ئۈچۈن ياراتقان نۇقسانسىز تەغدىرىنىڭ مۇكەممەل بىر شەكىلدە داۋام قىلىشىدۇر. ئالەمنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان جەرياندا بۇ تەغدىر، نۇقسانسىز ۋە ئۆزلۈكسىز بىر شەكىلدە ئىشلەۋاتىدۇ، ئىنسانلار، سەۋەپلەر، دۆلەتلەر، ھادىسىلەر، شەرتلەر بۇ تەغدىرنىڭ بىر پارچىلىرىدۇر. ئاخىرقى زامان دىگىنىمىز كۈنىمىزدىمۇ، بۇ ئامىللارنىڭ ئەسلىدە ئالاھىدە بىر دەۋرنىڭ تەييارلىغۇچىسى ھالىغا كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز .

كۈنىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا ھەقىقى بىر بىرلىكنىڭ بولماسلىقى، ئەخلاقسىزلىقنىڭ قورقۇنۇچلۇق دەرىجىگە ئۆلىششى، ماتىرىئالىست ۋە دارۋىنىست ئىدىئولوگىيەلەرنىڭ ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنۇچلۇق ماددى ۋە مەنىۋى تارمار قىلىشلىرى بولسا بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ۋە ئۆزلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئەھۋال ئەمەستۇر. ئۆتمۈشتە بولغان، كۈنىمىزدە بولىۋاتقان ۋە كەلگۈسىدە بولىدىغان بارلىق ئۆزگۈرۈشلەر جانابى الله نىڭ ئىزنى ۋە بىلىمىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تېخى دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن بىر تەغدىرنىڭ پارچىسى بولغان تەپسىلاتلىرىدۇر. بۇ تەغدىرنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى بولسا ئىسلام ئەخلاقىنىڭ يەر يۈزىگە ھاكىم بولىشىدۇر .

ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، ئىنسان ئوغلى ئىگە بولغان ھىس ـ تۇيغۇلىرى، ئەقلى، چۈشۈنچىلىرى، قارار قىلىش قاتارلىق بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈچۈن بىزنى ياراتقان رەببىمىزگە >> قەرزداردۇر .<< بەدىنىمىزدىكى تىرلىيونلىغارىن ھۈجەيرىلەرنىڭ سىكۇنتىنىڭ مىڭدە بىرىدىن تېخىمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىر بىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ مىڭىمىزگە يەتكۈزۈش ۋەسلىسى بىلەن ھايات فۇنكسىيەلىرىمىزنى داۋام قىلدۇرالايمىز. بۇ دەرىجىدە ئاجىز ۋە مۇھتاج بولغان ئىنسانلارنىڭ، الله نىڭ ئىزنى بولماي تۇرۇپ ھىچ بىر نەرسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۈچى يەتمەيدۇ. ئىنسانلارنىڭ ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى ياراتقان جانابى الله تارىخنىمۇ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقاندۇر.

ھەدىس:

ـ ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن مەھدى چىقىدۇ. ئاللاھۇ ـ تەئالا، ئىنسانلارنى باي قىلىش
ئۈچۈن ئۇنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئۈممىتىم نېمەتلەرگە ئىگە بولىدۇ،
ھايۋانلار مولچىلىق ئىچىدە ۋە يەر يۈزىدە ئۆسۈملۈكلەر ئىنتايىن جىق بولىدۇ .
ھەزرىتى مەھدى، ئىنسانلارغا ماللارنى تەڭ تەقسىم قىلىپ تارقىتىدۇ.

ياخشىلار بىلەن ئەسكىلەرنىڭ دائىمىي بىر ئىلمىي كۆرەش ئىچىدە بولغانلىقى قۇرئان ئايەتلىرىدە خەۋەر بېرىلىدۇ. تارىخنىڭ ھەر مەزگىلىدە ياخشىلىق قىلغان، ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلغان، ئىمان ۋە خەيرگە دەۋەت قىلغان بىر توپلۇق دائىم بار بولغاندۇر. بۇ توپلۇقنىڭ قارشى تەرىپىدە بولسا يامانلىقنى ئۇيۇشتۇرغان، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق ۋە پىتنە چىقارغان، يامانلىقنى تەشۋىق قىلغانلارمۇ دائىم بار بولغاندۇر. بۇ ئىككى قۇتۇپ ئارىسىدىكى ئىلمىي ۋە جىسمانىي كۈرەش بولسا ئادەم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بار بولغاندۇر ۋە قىيامەتكىچە داۋام قىلىدۇ. تارىختىن بېرى چۈشەندۈرۈلۈپ يەتكۈزۈلۈپ كەلگەن بارلىق ھادىسىلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەسلىدە بۇ : >>ياخشىلار بىلەن ئەسكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش .<< ...ھەر دەۋردە بۇ كۈرەش قايتىدىن جانلانغاندۇر، ۋە ھەر دەۋردە الله نىڭ ئىزنى ۋە ياردىمى بىلەن غالىب كەلگەن تەرەپ بولسا دائىم الله نىڭ تەرىپىدە بولغانلاردۇر .

ـ ئاندىن بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئەۋەتتۇق، ھەر ئۈممەتكە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى كەلگەن چاغدا، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن، ئۇلارنى ئارقىمۇ ـ ئارقا ھالاك قىلدۇق، ئۇلارنى ( كىشىلەرگە ) ھېكايە قىلىپ قالدۇردۇق، ئىمان ئېيتمايدىغان قەۋم الله نىڭ رەھمىتىدىن يىراق بولسۇن ) .مۇئمىنۇن سۈرىسى، 44(

دۇنيانىڭ قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ سەھنىلەر تارىخنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىلگىرلىشىنىڭ ۋە الله بەلگىلىگەن تەغدىرنىڭ ) سۈننەتۇللاھ ) بىر زۆرۈرىيىتىدۇر. ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم، زۇلۇم قىلغان، ئادالەتسىزلىك

قىلغان، سەۋەپسىز مالىمانچىلىق ۋە توقۇنۇش چىقارغان ئەسكىلىك مەركەزلىرىنىڭ مەۋجۇدىيتى، تۈزگەن پىلانلىرى، قىلغان جىنايەتلىرىمۇ يەنە الله نىڭ ئىزنى بىلەن بولغاندۇر، ئۇلارمۇ تارىخنىڭ ئۆزلۈكسىز ئىلگىرلىشى ئىچىدە الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان ھادىسىلەرنىڭ سەۋەپلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال بىر قۇرئان ئايىتىدە مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىنىدۇ :

ـ ھىيلە ـ مىكىر ) ئىنسانلارنى يولدىن چىقىرىدىغان ھىلىلىك بىر تۈزۈم ) ئىشلىتىشلىرى ئۈچۈن. . . ، ھەر بىر شەھەرنىڭ چوڭلىرىنى باش گۇناھكار قىلدۇق، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن ھىيلە ـ مىكىرلىرى ئۆزلىرىگە يانىدۇ ( يەنى ئۇلار ھىيلە ـ مىكىرلەرنىڭ ۋابالىغا قالىدۇ )، ئۇلار ( بۇنى ( سەزمەيدۇ. ( ئەنئام سۈرىسى، **123**(

ياخشىلىق ئۈچۈن ئىتتىپاق قۇرغانلارنىڭ، الله نىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ دائىم غەلىبە قىلىدىغانلىقى بولسا، جانابى الله نىڭ قۇللىرىغا قىلغان بىر ۋەدىسىدۇر. (**21**)

ـ الله ( لەۋھۇلمەھفۇزغا >> ( مەن ۋە مېنىڭ پەيغەمبەرلىرىم چوقۇم غەلىبە قىلىمىز << دەپ يازدى، الله ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر. ( مۇجادەلە سۈرىسى، **21**(

ـ كىمكى الله نى، الله نىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن ( ئۇ الله نىڭ جامائەسىدىندۇر .( الله نىڭ جامائەسى ( ئەلۋەتتە ) غالىبتۇر. ( مائىدە سۈرىسى، **56**(

كۈنىمىزدىكى دۇنيانى دىققەت بىلەن كۈزەتكەن چېغىمىزدا مۇنداق ئۆزگىرىشنى كۆرىمىز: دۇنيا تارىخىنىڭ >> ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى << بولغان ئاخىرقى زامان باشلاندى، قىيامەت ئالامەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى، دەججالىيەتنىڭ ئومومىيۈزلۈك تەسىرى ئاستىغا كىرگەن ھازىرقى دۇنيا سىستېمىسى الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئىنتايىن تېز سۈرەتتە چۆكۈشكە ۋە زىيانلىق تەسىرلىرىنى يوقىتىشقا باشلىدى. پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ يېپ ـ يېڭى بىر دەۋرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىنىڭ ۋاقتى كەلدى ـ ـ ـ ئالتۇن دەۋر

# دەججال چىقتىمۇ؟

دەججال دىگەن سۆزنى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئاڭلىغان بولسىمۇ مەنىسىنىڭ زادى نىمە ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلمەسلىكى مۇمكىن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ جىقىنىڭ بۇ توغرۇلۇق بىلىدىغىنى ئىنتايىن چەكلىكتۇر. ھالبۇكى دەججال، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( س ئا ۋ ) قىيامەت كۈنىنىڭ يىقىنلاشقانلىقىنى خەۋەر قىلغان ھەدىسلىرىدە، تەپسىلى ھالدا چۈشەندۈرۈلگەن ئىنتايىن مۇھىم بىر ئۇقۇمدۇر. بۇ يازمىنىڭ مەخسىتىمۇ دەججالنى ھەدىسلەردە بىلدۈرۈلگەن بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى ئاگاھلاندۇرغان بۇ شەيتانى كۈچنى تېخىمۇ يېقىندىن تونۇشتۇر. ( تىلىمىزدا بەزىدە جەددال دەپمۇ ئاتىلىدۇ، توغرىسى دەججال .(

! ------------------------

.1دەججال دىگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمە؟

دەججال ئەرەپچە بىر سۆز بولۇپ، >> يالغانچى، ھىلىگەر، ئىنسانلارنىڭ زىھنىنى ئىگەللەپ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى، ھەق بىلەن باتىلنى بۇرمىلاپ كۆرسىتىدىغان، بىر نەرسىنى پەدازلاپ ھەقىقى كۆرۈنىشىنى يوشۇرىدىغان، ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرۈيدىغان شۇم كىشى << دىگەن مەنىلەرگە ئىگە. ھەدىسلەردە دېيىلىشىچە ئۆزىنى مەسىھ دەپ .ئېلان قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن >> مەسىھ ـ دەججال << دەپمۇ ئاتىلىدۇ .

.2ھەدىسلەردە سۆزلەنگەن دەججال ئۇقۇمى نىمىنى ئىپادە قىلىدۇ؟

دەججال ئۇقۇمى، ئاخىرقى زاماندا قايتا كېلىدىغان ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى مەھدىگە قارشى تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا الله نى ئىنكار قىلىشنى يېيىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان، ئىنسانلارنى يامانلىققا

باشلايدىغان، ئىنسانىيەت تارىخىدا تېخى كۆرۈلمەپ باقمىغان غايەت زور بىر شەيتانى كۈچنى ئىپادە قىلىدۇ. ھەدىسلەردە دەججال بىر شەخس، بىر ئادەم دەپ تەسۋىرلىنىدۇ .بىز دەججالنى ھەم بىر كىشى دەپ ھەم ئىنسانلارنى زۇلۇم ۋە ۋەھشىلىككە يېتەكلەيدىغان ، شەيتانى ئالاھىدىلىكلىرى بولغان بىر ئىدىئولوگىيە، بىر دۇنيا سېستىمىسى دەپمۇ چۈشىنەلەيمىز. يەنى ئىنسانلارنى الله نى ئىنكار قىلىشقا زورلايدىغان، دىن ئەخلاقىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىتنە چىقىرىپ قېرىنداش خەلقلەرنى بىر ـ بىرسىگە دۈشمەن قىلىپ زۇلۇم قىلىدىغان بارلىق ئىدىئولوگىيە ۋە پىكىر ـ ئىدىيە سېستىمىلىرى، دەججالنى ئىپادە قىلىدۇ دەججالنى ئىپادە قىلغان بۇ دۇنيا سېستىمىسى بولسا دەججالىيەت دەپ ئاتىلىدۇ.

### .3دەججالىيەت قانداق بىر ئىدىئولوگىيە؟

دەججالىيەت، دىن ئەخلاقىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق باتىل پەلسەپىۋى ۋە پىكىر ئېقىملىرىنى قاپلىغان بىر ئىدىئولوگىيەلىك سېستىمىدۇر .دەججال، ئىنسانلارنى دىن ئەخلاقىدىن يىراقلاشتۇرۇپ الله نى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بۇ پەلسەپەلەرنىڭ ھەممىنى قوللىنىدۇ. بۈگۈن يەر يۈزىدىكى دىنغا قارشى بولغان ئەڭ چوڭ پىتنىلەردىن بىرسى بولسا، ماتېرىئالىزم ۋە ماتېرىيالىزمدىن مەيدانغا كەلگەن ھەرخىل ئىدىئولوگىيە ۋە پىكىر ئېقىملىرىدۇر. بۇ ئېقىملارنىڭ ئاتالمىش پەننىي چېقىش ئېغىزى ۋە تاياانچۇق نۇقتىسى بولغان ئىدىيە بولسا دارۋىنىزىمدۇر. دارۋىنىزىم، ئوتتۇرىغا چىققان تارىختىن بۇيان دىنغا قارشى بولغان ئىدىئولوگىيە ۋە ئېقىملارنىڭ ئاساسلىق تاياانچۇقى ھالىغا كەلدى. دارۋىنىزىم، بۇ ئىدىئولوگىيەنى قوللايدىغانلار تەرىپىدىن گويا بىر دىن ھالىغا كەلتۈرۈلدى ۋە دارۋىنىزىم، دەججالنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قۇراللىرىدىن بىرسىدۇر .

دارۋىنىزىمنىڭ، ئاخىرقى زاماندا دەججالنىڭ دىنى ھالىغا كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق بۈيۈك ئىسلام ئالىمى ۋە مۇجەددىد بەدىئۇززامان سەئىد نۇرسى مۇنداق دىگەن ئىدى:

ـ تەبىئەتچىلىك ۋە ماددىچىلىق ( ماتېرىئالىزم ( پەلسەپەسىدىن مەيدانغا كېلىدىغان بىر ئىنكارچى ئېقىم، ئاخىرقى

زاماندا بارا ـ بارا ماتېرىئالىزىم پەلسەپەسى بىلەن كۆچلىنىپ، الله نى ئىنكار قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ ...

بۇ ئىدىئولوگىيە بولسا، خۇددى بىر سېھىرغا ئوخشاش ئىنسانلارغا تەسىر قىلىدىغان، ھېچقانداق بىر پەننىي ئاساسي بولماي تۇرۇپ ۋە ۋە بىر سەپسەتە ئىكەنلىكى ئوپئوچۇق تۇرۇپ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان، ھەتتا ئۆز ئىچىدە ھەر خىل مەزھەپلىرى بولغان بىر پىكىر سىستېمىسىدۇر .

.4دەججالىيەت تېمىسى نىمە ئۈچۈن مۇھىم؟

ئاخىرقى زامان توغرىسىدىكى ھەدىسلەردە، يەر يۈزىدە يامانلىقنى ئۇيۇشتۇرىدىغان دەججالنىڭ چىقىشى، قىيامەتنىڭ چوڭ ئالامەتلىرىدىن بىرسى دەپ خەۋەر قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىر ھەدىسىدە >> الله، ئادەم ئەلەيھسسالامنى ياراتقان كۈندىن ھازىرغىچە، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن تېخىمۇ چوڭ بىر پىتنە بولغان ئەمەس << دىيىش ئارقىلىق دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ غايەت زور ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بۇ خەتەرگە قارشى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى.يەنە بىر ھەدىستە بولسا >> الله ئەۋەتكەن ھەر بىر پەيغەمبەر ئۆز ئۈممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى << دىيىش ئارقىلىق، دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ پەقەت مۇسۇلمانلار ئۈچۈنلا ئەمەس پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن غايەت زور بىر خەتەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى .

يەنە باشقا ھەدىسلەردە دەججالنىڭ پىتنىسىنىڭ پۈتۈن دۇنيانى قاپلايدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ. بۇنىڭ بىر ئىشارىتى بولسا ھەر دىندىن، ھەر مىللەتتىن، ھەر خىل ئىتىقادتىن بولغان كىشىلەرنىڭ بۇ دەججالىيەت سىستېمىسىغا بويۇن ئىگىدىغانلىقىدۇر. بۇ پىتنە ئىنتايىن چوڭ ۋە ئومومىيۈزلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنتايىن جىق ئىنسان بىلىپ تۇرۇپ ياكى بىلمەي تۇرۇپ بۇ تۇزاققا چۈشىدۇ ۋە چۈشىۋاتىدۇ .

.5دەججالىيەت سىستېمىسىنىڭ ( تۇزۇمىنىڭ ) مەخستى نىمە؟

بۇ سىستېمىنىڭ مەخستى، ئىنسانلارنى ئىماندىن، گۈزەل ئەخلاقتىن، سۆيگۈدىن، مېھىر ـ شەپقەتتىن يىراقلاشتۇرۇپ، شەپقەتسىز، زالىم، تەلۋە، ئەسەبىي، ۋەھشىلىكتىن ۋە زۇلۇمدىن زوق ئالىدىغان كىشىلەر ھالىغا كەلتۈرۈش، مەدەنىيەتلەرنى بىر ـ بىرسى بىلەن توقۇنۇشقا سېلىپ پۈتۈن دۇنيانى قانلىق بىر ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلاندۇرۇشتۇر .

ھەدىسلەردە دېيىلىشچە، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قايتىدىن كېلىشى، ھەزرىتى مەھدىنىڭ چىقىشى ۋە دەججالنىڭ چىقىشى بىر دەۋردە بولىدۇ. بۇ دەۋر بولسا ـ ئىنسانلارنىڭ دىن ئەخلاقىدىن ئۇزاقلاشقان، ئەخلاقسىزلىق، مالىمانچىلىق، ئۇرۇشلار، توقۇنۇشلار ئىنتايىن ئەۋج ئالغان، تېرورچىلىق، ھەر خىل جىنايەتلەرنىڭ كۆندىلىك ھاياتىمىزنىڭ بىر پارچىسى ھالىغا كەلگەن بىر دەۋر بولىدۇ. تارىختا يەر يۈزىدە قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقلار بولغان دەۋرلەر بولغان، ئەمما ھېچبىر دەۋردە ھازىرقىدەك قالايمىقانچىلىق ۋە زۇلۇم يۈز بەرمىگەندۇر. دەججالنىڭ دەۋرىدىكى زۇلۇم ۋە قالايمىقانچىلىق بولسا تارىختا كۆرۈلمىگەن باقمىغان دەرىجىدە زور بولىدۇ .

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەلەم )، بىر ھەدىسى ـ شەرىفتە دەججالنىڭ يۈزىيلىنىڭ بېشىدا چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ دۇنيا يارىتىلغىنىدىن بېرى ھەر يۈز يىلنىڭ بېشىدا مۇھىم بىر ۋەقە يۈز بەرگەندۇر. بىر يۈز يىلنىڭ بېشىدا دەججال چىقىدۇ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسا ) ئەلەيھىسسالام ) يەر يۈزىگە چۈشۈپ ئۇنى يوق قىلىدۇ .

پەيغەمبىرىمىز ) سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەلەم ) يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

ـ بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرى مىڭ يىلنى ئاشىدۇ، لېكىن مىڭ بەش يۈز يىلنى ئاشالمايدۇ...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرىنىڭ **1500** يىلنى ئاشالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگىنىگە قارىغاندا ۋە بىز

ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ھجرى ـ1400 يىللار ئىكەنلىكىگە قارىغاندا، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ ئەڭ مۇھىم ھادىسىلەرنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلغان بولىشى مۇمكىن ) توغرىسىنى بىلگۈچى الله .(

### .7دەججال ھازىر چىقتىمۇ؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەلەم ) ھەدىسلىرىدە دەججالنىڭ چىقىش ئالامەتلىرى دەپ بىلدۈرۈلگەن ھادىسىلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىشى، ئىسلام ئالىملىرى تەرىپىدىن مەسىھ ـ دەججالنىڭ چىققانلىقىنىڭ ئىشارەتلىرى دەپ قارىلىۋاتىدۇ. مەيلى يىقىنقى تارىختا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر بولسۇن، مەيلى دەۋرىمىزدە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر بولسۇن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەلەم ) ۋە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ، مەسىھ ـ دەججال چىقىدىغان ۋاقتى ۋە ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە بىزگە بىلدۈرگەن مەلۇماتلار بىلەن دەل مۇ ـ دەل ماس كېلىۋاتىدۇ. بۈيۈك ئىسلام ئالىمى بەدىئۈزـزامان نۇرسى ... >> : دەججال، ئېغىر بىر بېسىم ۋە ئېغىر بىر زۇلۇم ۋە ئىنتايىن زور بىر ۋەھشىلىك بىلەن كاتتا ھۆكۈم سۈرىدۇ << .دىيىش ئارقىلىق دەججالنىڭ كۈچىنىڭ ۋە ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇم ۋە بېسىمغا تايىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 20ـ ئەسىردىن باشلاپ يۈز بېرىشقا باشلىغان ۋە ھازىر تارىختا تەڭدىشى بولمىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغان مالىمانچىلىق، بۇزغۇنچىلىق، قەتلىئاملار، قىرغىنچىلىقلار، زۇلۇملار، ئەخلاقسىزلىق، تېرورچىلىق، جىنايەتلەر... بولسا دەججالنىڭ ئاللىقاچان چىققانلىقىنى ۋە مەخپىيلىك بىلەن ھەرىكەتكە باشلىۋەتكەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر!... شۇنداق، دەججال چىقتى ۋە دەججالىيەت دىگىنىمىز ھازىرقى دۇنيا سىستېمىسىنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇرۇپ پۈتۈن يولىيورۇقلارنى بېرىۋاتىدۇ! شۇنداقلا ھەزرىتى مەھدىمۇ مەخپىيلىك بىلەن ۋەزىپىسىگە باشلاپ بولدى ) .توغرىسىنى بىلگۈچى الله.(

### .8دەججال چىققاندا دەرھال تونۇلامدۇ؟

كۈنىمىزدە دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەر دەججالنىڭ مەخپىي ھالدا >> ۋەزىپىسىگە << باشلىۋەتكەنلىكىنى

كۆرسەتسمۇ، ئەمما دەججالنىڭ ئۆزى تېخى تونۇلمىدى، ئوتتۇرىغا چىقمىدى. دەججالنىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ بۇيرۇق ئېلىۋاتقان تەخمىنەن 10 كىشى بارلىقى پەرەز قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئون كىشى بولسا ئۆزلىرىنى >>ئون شىر ھۆكۈمران << دەپ ئاتىغان ۋە باشقىلار تەرىپىدىن >> دۇنيانىڭ ھەقىقى خوجايىنلىرى << دەپ ئاتالغان 10 دەرىجىدىن تاشقىرى باي يەھۇدى جەمەتىنىڭ بېشىدىكى ئادەملەردۇر. يەنى روسچىلد، روكفىللېر، خاپسبۇرگ....... قاتارلىق مالىيە ئىمپىراتورلىرى. بۇلارنىڭ بايلىقلىرى مىلياردلار بىلەن ئەمەس تىرلىيونلىغان دوللارلار بىلەن ھېساپلىنىۋاتىدۇ. ھەمدە بۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان CFR ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ماسون تەشكىلاتلاردا باش رەئىسىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنىڭ ھازىرغىچە خۇددى دۆلەت سىرىغا ئوخشاش ئىنتايىن مەخپى تۇتۇلىشى ۋە بۇلارنىڭ شېركەتلىرىدە ئىشلەپ چىقىرىلغان بۇيۇملارنىڭ ماركىلىرىدا ئىككى شىر ياكى ئىككى ئاتقا ئوخشاش نەرسىنىڭ ئوتتۇرىدىكى بىر تاجنى قوغداپ تۇرىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرسىتىدۇ. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله.(

## 9.دەججال قانداق يوشۇرىنىدۇ؟

پەيغەمبىرىمىز ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) دەججالنىڭ مەخپى ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ دەججال يولغا چىقىپ تۇنجى قېتىم دەمەشىق شەھىرىنىڭ شەرىق تەرەپكە قارىغان دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا كېلىدۇ... باشقىلار ئۇنى ئىزدەيدۇ، ئەمما تۇتۇلمايدۇ... كېيىن كىسۋە دەرياسىنىڭ يېنىدا كۆرىلىدۇ... ئۇنى ئىزدەيدۇ، نەگە كەتكەنلىكى بىلىنمەيدۇ ...

بۇ ھەدىسى ـ شەرىفتە، >> دەججالنى ئىزدەيدىغانلىقىنى ئەمما تاپالمايدىغانلىقىنى << بىزگە بىلدۈرىشى بولسا، ئۇنىڭ مەخپى ھالدا ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دەججال، ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدىغان پۇرسەت پىشىپ ـ يېتىلىشتىن بۇرۇن ھىچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتماي، ئاستا ۋە چوڭقۇرلۇقلاردا تۇرۇپ

ھەرىكەت قىلىدۇ .دەججالنىڭ بۇ >> مەخپىي ھەرىكەت دەۋرىدە<< ، ئۇنىڭ ئۆچۈن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۆچۈن مەخپىيلىك ئاساسىي كۈچ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۆچۈن CFR, ILLUMINATi قاتارلىق مەخپىي ماسون تەشكىلاتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن ھەر بىر دۆلەتتە >> چوڭقۇر دۆلەتلەر <<پەيدا قىلىپ، بۇ ئۇسۇل بىلەن بۇزغۇنچىلىقنى ئېلىپ بارىدۇ .

### .11دەججال ئىنسانلارنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئازدۇرىدۇ؟

ھەدىسلەردە دېيىلىشىچە، دەججالنىڭ ئېلىپ بارىدىغان تەشۋىقات تاكتىكىلىرى، تارىختىن بېرى الله نى ئىنكار قىلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلارنىڭ قوللانغان ۋاستىلىرىغا ئوخشايدۇ. قۇرئاندا ئىنكارچىلارنىڭ، ھەر خىل يالغانلار بىلەن خەلقلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتكەنلىكىنى، يالغان ئىسپاتلار بىلەن ئىنسانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئۇسۇللانى قوللانغانلىقىنى ۋە مەيدانغا كەلگەن توقۇنۇشلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەر خىل پىتنە - پاساتلارنى تېرىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. يەنە ھەدىسلەردە دەججالنىڭ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەۋاتقان ئىنسانلارنى >> مۇرادىغا يەتكۈزۈش << ئۈچۈن ھەر خىل ئاخبارات ۋاستىلىرىنى ( تېلېۋىزور، گېزىت، ژورنال، ئىنتېرنەت ) قوللىنىپ تەشۋىقاتنى پۈتۈن كۈچى ئېلىپ بارىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئىشارەتلەر بار ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله ). بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەلەم ) مۇنداق دەيدۇ:

- دەججال چىققان ۋاقىتدا ئىنتايىن قاتتىق ھۆكىرەپ، نەرە ئاتىدۇكى، شەرق ۋە غەربنىڭ پۈتۈن خەلقى ئۇنى ئاڭلايدۇ.

- دەججال، ئۆيۈكلارغا كىرىپ، بالىلىرىڭلارنى ئەسىر ئالدى، دىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلايدۇ.

يۇقىرىدىكى ھەدىسلەر دەججالنىڭ بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ پۈتۈن ئۆيلەرگە كىرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. دەججال تېلېۋىزور ۋە باشقا بارلىق ۋاستىلارنى ئىشلىتىپ ئەخلاقسىزلىقنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلىپ

ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاقلاردىن بارا ـ بارا يىراقلاشتۇرۇشنى مەخسەت قىلىدۇ.

### .12دەججال قانداق خاراكتېرغا ئىگە؟

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەلەم ) دەججالنى تەسۋىرلىگەن ھەدىسلىرىدىكى ئىپادىلەر، دەججالنىڭ قۇرئاندا جانابى الله بىلدۈرگەن كاپىر، گۇناھكارلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. قۇرئاندا بىلدۈرۈلگەن يالغانچىلىق، ئادالەتسىزلىك، رەھىمسىزلىك، زالىملىق، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات چىقىرىش، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇش، ئىنسانلارنى الله نىڭ دىنىدىن توسۇشقا ئوخشاش ئىنكارچىلارغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەر، دەججالنىڭمۇ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرىدۇر.

### .13دەججالنىڭ بۇزغۇنچىلىق چىقىرىش ئۇسۇللىرى قايسىلار؟

دەججالنىڭ ئاساسلىق >> ۋەزىپىسى << يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىش ئۈچۈن مالىمانچىلىق، ئۇرۇش، تېرورچىلىقنى كۈشكۈرتۈشتۇر. بۇ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇللىرىدىن بىرسى بولسا، ئىنسانلارنى بىر ئىشلارنى قىلغاندا تەلۋىلەرچە چوقۇنۇپ ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشقا ئۈندەش ۋە بۇ ئارقىلىق ھەر خىل ئېتىقادتىكى ئىنسانلارنى ئۆز ئېتىقاد ۋە پىكىرلىرىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن چېكىدىن ئاشقان ئۇسۇللارنى قوللىنىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشتۇر. بۇ خىل سېستىمىدا ئىنسانلار، كېلىشىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان نەتىجىلەرگە، پەقەت ئۇرۇش، شىددەت، تېرور بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ دەيدىغان خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىدۇ. ( ئەلۋەتتە ھەقلىق بولغانلىرى مۇستەسنا). كىچىككىنە بىر ئىش ئارتۇقچە غەزەپ، ۋەھشى جىنايەتلەر بىلەن، رەھىمسىز ئۇرۇشلار بىلەن نەتىجلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى ئىنسانلار چېكىدىن ئاشقان ۋاقىتلاردا سەۋرىدىن، سوغۇققانلىقتىن، ئەقىلدىن، ۋىجدانىدىن يىراقلىشىدۇ، مەنتىقلىق قارار قىلالمايدۇ، ، قىلغان ئىشىدا ھېسسىياتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ھەر خىل چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلەرنى ۋىجدانى قىلچىمۇ ئازاپلانمىغان ھالدا ئۆتكۈزەلەيدىغان ھەر خىل خەتەرلىك گۇرۇھلار، تەشكىلاتلار ھەتتا دۆلەت تەشكىللىرى مەيدانغا كېلىدۇ. ھالبۇكى

قۇرئان ئەخلاقى ئىنسانلارنى، بىر ئىشلارنى قىلغاندا چېكىدىن ئاشۇرىۋېتىشتىن، ھەددىدىن ئېشىشتىن قەتئىي چەكلەيدۇ. جانابى الله بىر ئايىتىدە ئىنسانلارنى دەججالنىڭ بۇ تۈزىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ:

... ـ بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەفسي خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ ( سۆزىگە ) ئەگەشمىگىن. ( كەھف سۈرىسى 28 (

.14دەججالنىڭ مەخپىي قوشۇنلىرى كىملەر؟

ھازىر ۋەزىيىتىنى مەخپىي ھالدا باشلىۋەتكەن دەججالغا، دۇنيادىكى مەخپىي تەشكىلاتلار ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بەدىئۇز ـ زامان سەئىد نۇرسى، دەججالنىڭ ماسونلۇققا ئوخشاش مەخپىي تەشكىلاتلارنىڭ ئالدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ مۇنداق دىگەن ئىدى:

... ـ دەججال... ماسونلارنىڭ كومىتىتلىرىنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ۋە قوغدىشى ئاستىدا دەھشەتلىك بىر ھۆكۈم سۈرىدۇ.

ھەقىقەتەن ماسونلار دەججالنىڭ مەخپىي قوشۇنلىرىدۇر. ماسون تەشكىلاتلىرى پۈتۈن دۆلەتلەردە بار بولۇپ، شۇ دۆلەتنىڭ ھەقىقى پەردە ئارقىسى باشقۇرغۇچىلىرى بولسا بۇلاردۇر. ئەڭ چوڭ بىلىنگەن ماسونىك تەشكىلاتلار بولسا، قاتارلىقلار بولۇپ، Grant orient, CFR, 'lluminati, chatham House, Skull and Bones ... دۇنيانىڭ تەغدىرىنى بەلگىلەيدىغان پۈتۈن قارارلار مۇشۇ تەشكىلاتلاردىن چىقىدۇ. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدى دەسمايىسى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، روسچىلىد ۋە روكفېللىر جەمەتى ( يەھۇدى ) بۇلارنىڭ ئەڭ بېشىدا. ئەمما بۇ تەشكىلاتلاردىكى >> چوڭ ئۇستاز << نىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئاساسلىق قارار ۋە بۇيرۇقلارنى بېرىۋاتقاننىڭ كىم ئىكەنلىكى بولسا ھازىرغىچە مەخپىي تۇتۇلىۋاتىدۇ .بولۇپمۇ ئەڭ دىققەت تارتىدىغان يېرى بۇلارنىڭ بىر مۇخبىر تەرىپىدىن يوشۇرۇن كامېراغا ئېلىۋېلىنغان يىغىنىدا، داۋىد روكفېللىرنىڭ مەسىھ ھەققىدە گەپ قىلىشى

ۋە ئۇنىڭ رەسمىي ھۆكۈمران بولىشىغا ئاز قالغانلىقى ھەققىدىكى سۆزى بولسا بۇ پەرەزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى دىنىمىزدا دەججال >> مەسىھ ـ دەججال << دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۈنىمىزدىكى دۇنيادا مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدا ھۇجۇمغا ئۇرىشى، چەتكە قېقىلىشى، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش ئۇسۇللار بىلەن زۇلۇم كۆرۈشى بولسا، بۇ ئىشلارنىڭ بىر مەركەزدىن باشقۇرۇلىۋاتقانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىسپاتىدۇر .

دەججال ئىمان ئېيتمىغانلار ۋە مۇناپىقلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ. ئىككى يۈزلىمچى مۇناپىقلاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىۋاتىدۇ.

**.15دەججال نىمە بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ؟**

دەججال شەيتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋە ئۇنىڭ ۋەسۋەسلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. دەججالنىڭ ياردەمچىسى ۋە دوستى بولسا شەيتاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسالام، دەججالنىڭ، شەيتان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ياردىمىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى. قۇرئاندا بولسا شەيتاننىڭ دوستلىرى مۇنداق دەپ خەۋەر قىلىنىدۇ:

ـ كىمكى مېھرىبان الله نى ياد ئېتىشتىن ( يەنى قۇرئاندىن ) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز ( شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ( ، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. ( زۇخرۇف سۈرىسى 36 (

دەججال الله تىن ئەمەس، شەيتاندىن قورقۇپ ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلايدۇ. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق چىقىرىش، شىددەت، ئۇرۇش، تېرورنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، ئىنسانلارنى يامانلىققا باشلاش ئۈچۈن پۈتۈن ئەمىرلىرىنى شەيتاندىن ئالىدۇ.

**.16دەججالنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەر كىملەر؟**

دەجالغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولسا، شەيتانى بىر مەنتىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشىدۇر. دەجالنىڭ ئىنسانلارغا ياخشى دەپ كۆرسەتكەن نەرسىلىرى، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەپچى بولىدىغان نەرسىلەردۇر. ئەسكى دەپ كۆرسەتكەن نەرسىلىرى بولسا ئەسلىدە ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە بەخت ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەردۇر. ئەپسۇسكى نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار، ھادىسىلەرنى قۇرئان ئەخلاقى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى بويىچە تەتبىقلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، دەجالنىڭ ئۆزلىرىنى ياخشىلىق ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ ۋە ھەقىقىي بويسۇنۇشى لازىم بولغانلاردىن يىراقلىشىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا باشلايدۇ. بۇ كىشىلەر دەجالنىڭ ئورۇشىدا، مۆئمىنلەرگە قارشى تۇرۇپ دەجالغا ياردەم قىلىدۇ. بۇنىڭ قانچىلىك چوڭ بىر خاتا ئىكەنلىكىنى بولسا، دەجالنىڭ رەسمىي ھۆكۈمرانلىقى باشلانغاندا چۈشىنىپ يېتىدۇ. بۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن، پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارنى ئۇنىغا قارشى جىق ئاگاھلاندۇرغان، ئۇ ياخشى دەپ كۆرسەتكەن نەرسىنىڭ ئەسلىدە ئەسكى، ئەسكى دەپ كۆرسەتكەن نەرسىنىڭ ئەسلىدە ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

ـ دەجال ئىككى قولىدا سۇ بىلەن ئوت بولغان ھالەتتە چىقىدۇ، ئىنسانلار سۇ دەپ قارىغان نەرسە نەرسە ئەسلىدە قىززىق ئوت، ئىنسانلار ئوت دەپ قارىغان نەرسە بولسا ئەسلىدە تاتلىق سوغۇق سۇ .

### 17.دەجال نەدە يوشۇرۇنىۋاتىدۇ؟

ھەدىسلەردە ئىسا ئەلەيھىسالامنىڭ، دەجالنى بەيتۇلمۇقەددەس يېقىنلىرىدا تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنىدۇ:

... ـ كېيىن ئىسا ئەلەيھىسالام، دەجالنى ئىزدەيدۇ ۋە نىھايەت بەيتۇلمۇقەددەسكە ( مەسجىدى ـ ئەقسا ( يېقىن بىر يەر بولغان لۇت دەرۋازىسى دىگەن يەردە يېتىشىپ، ئۇنى يوق قىلىدۇ .

ـ ئىسا ( ئەلەيھىسالام ) دەجال بىلەن لۇت دەرۋازىسىدا ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنى يوق قىلىدۇ.

بۇ ھەدىسلەرگە قارىغاندا، دەججال بەيتۇلمۇقەددەسكە يېقىن بىر يەردە ئۆلتۈرۈلىدۇ. بەيتۇلمۇقەددەس بولسا، ھازىرقى پەلەستىندىكى مەسجىدى ـ ئەقسا ۋە ھەرەم ـ شەرىف جايلاشقان مۇقەددەس يەرنىڭ ئىسمىدۇر. لۇت دەرۋازىسى بولسا ھازىرقى ئېرۇسالىمنىڭ بىر دەرۋازىسى. پەيغەمبىرىمىز بىر ھەدىسىدە >> :دەججال يەھۇدىدۇر، يەھۇدىلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ئىشىنىدىغانلار بولسا يەھۇدىلاردۇر << دېيىش ئارقىلىق دەججالنىڭ ھازىر ئېرۇسالىمدا ئىكەنلىكىنى ئىشارەت قىلغاندۇر. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله(

بۇ پەرەزنى كۈچلەندۈرىدىغان يەنە بىر ھەدىس بولسا مۇنداق:

) ... ـ دەججال ) قىيا تاشلىق بىر يەردىن چىقىدۇ، ئۇلاغ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە ( يەنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ ) ئىنتايىن تېزلىك بىلەن شىددەتلىك پىتنە ـ پاساتلار چىقىرىدۇ .

ئېرۇسالىمدىكى بەيتۇلمۇقەددەس تۆپىلىكىنىڭ ئاستى بولسا قىيا تاشلىق . پەيغەمبىرىمىز ئۇستىگە دەسسەپ مىراجقا چىققان، كېيىن ئۇستىگە قۇببەتۇس ـ سەھرا قۇرۇلغان مۇقەددەس تاش >> ھەجەرى ـ مۇئەللەق << مۇ مۇشۇ يەردە .ھەدىسلەردە دېيىلگەن دەججال يوشۇرۇنغان قىيا تاشلىق يەرنىڭ بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئاستى ئىكەنلىكى بولسا ئېھتىمالغا يېقىندۇر. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله .(

ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى 1990 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ مەسجىدى ـ ئەقسانىڭ ئاستىنى توختىماي كولاۋاتىدۇ. ۋە ئۇ يەرگە ھېچكىمنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مەسجىدى ـ ئەقسا جايلاشقان يەر بولسا، يەھۇدى تارىخىدىكى >> ھەزرىتى سۇلايمان ئىبادەتخانىسى << سېلىنغان يەر بولۇپ، يەھۇدى ۋە ماسونلاردا، قىيامەتتىن بۇرۇن >> مەسىھ << كېلىپ بۇ ئىبادەتخانىنى قايتا قۇرىدۇ دىگەن ئېتىقاد بار .

.19دەججال >> رەسمىي << قانداق چىقىدۇ؟

دەججال بەزىبىر رادىكال خىرىستىيان مەزھەپلىرىنى تەسرى ئاستىغا ئېلىپ، >> ئىسا مەسىھ << نىڭ يەر يۈزىگە كېلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن بەزى بىر >> سۈنئىي قىيامەت ئالامەتلىرى << چىقىرىشقا ئۈندەۋاتىدۇ. ئېۋانگېلىست خىرىستىيانلارنىڭ ئارماگېددون ئۇرۇشى ئېتىقادى بۇنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ. ھازىرقى ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋەزىيىتى پۈتۈنلەي >> قىيامەتچى << رەھبەرلەرنىڭ قىيامەت ئۇرۇشى تېئورىيەسى بويىچە شەكىللىنىۋاتىدۇ. الله بەلگىلىگەن ۋاقىت يېتىپ كەلگەندە دەججال رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسى بولغان ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرۈش قاتارلىق مۆجىزىلەر بىلەن ئىنسانلارنى ئالداپ ئۆزىنى مەسىھ دەپ ئېلان قىلىدۇ. ( بۇنىڭ ئۈچۈن سېھىر ئىشلىتىدۇ، جىنلارنى قوللىنىدۇ ۋە جىنلار ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ قايتىدىن تىرىلگەندەك كۆرىنىدۇ. بۇ سېھىر بولسا پەقەت يەھۇدىيلارغا خاس بولغان كابالا سېھىردۇر. بۇ سېھىر ھەققىدە قۇرئاندىمۇ ئاگاھلاندۇرۇش بار. ) شۇنىڭ بىلەن خرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلار ئۇنىڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا باشلايدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا بولغان زۇلۇمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىدۇ .

پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

) ـ دەججال ) چىققان ۋاقىتتا... ھەممە ئادەم ئۇنى ياخشى بىر رەھبەر دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، كېيىن كوفەگە كەلگۈچە ( ئىراقتىكى بىر شەھەر ) ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ، لېكىن ( ئۇ يەردە دەججال ) پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىدۇ ) ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئېلان قىلىدۇ ).... بۇنى كۆرگەن ئەقىل ئىگىسى كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىدۇ... كېيىن بولسا ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدۇ... ( الله ساقلىسۇن ( مەن الله دەيدۇ... ( تابەرانى بۇنى ساھابە مۇتەمەردىن مۇشۇنداق رىۋايەت قىلغان.(

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرى بىزگە ئۇنىڭ ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارغان بىر ئىنكارچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

**.20دەججالنىڭ پىتنىسى قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، دەججالنىڭ ۋە باشقا پۈتۈن ئاخىرقى زامان پىتنىسىنىڭ، ئىسا ئەلەيسالامنىڭ ۋەسىلىسى بىلەن يوق قىلىنىدىغانلىقىنى خوش خەۋەر قىلغاندۇر. نۇرغۇنلىغان سەھىھ ھەدىسلەردە دېيىلگىنىدەك، الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام قايتىدىن يەر يۈزىگە كېلىدۇ، ھەزرىتى مەھدى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا باش بولۇپ ئېرۇسالىمغا كىرىپ، دەججالنى تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. بىر ھەدىستە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق دېيىلىدۇ:

ـ دەل ئۇ ۋاقىتتا الله نىڭ دۈشمىنى بولغان دەججال، ئىسا ) ئەلەيھىسسالامنى ) كۆرگەن چېغىدا، خۇددى تۇزنىڭ سۇدا ئېرىگىنىدەك ئېرىپ يوق بولۇپ كېتىدۇ...

... ـ دەججال ھەممە يەرنى مالىمان قىلىۋاتقان ۋاقىتتا جانابى ھەق، مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسا مەسىھنى ئەۋەتىدۇ... نەپەس ئالغان ھەر كاپىر مۇتلەق يوقىلىدۇ ) ئۆلىدۇ ). ئىسا ( ئەلەيھىسسالام ) دەججال بىلەن لۇت دەرۋازىسىدا ئۇچرىشىدۇ ۋە ئۇنى يوق قىلىدۇ ( ئۆلتۈرىدۇ(

قىسقىسى، ئاخىرقى زاماننىڭ ئەڭ چوڭ پىتنىسى بولغان دەججالنىڭ پىتنىسى ۋە باشقا پىتنىلەر، الله نىڭ ئىرادىسى ۋە ياردىمى بىلەن ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرىتى مەھدى تەرىپىدىن يوق قىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەدىسلەردە دېيىلگىنىدەك زۇلۇمغا تولغان دۇنيا ئادالەتكە تولىدۇ ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلمەپ باقمىغان موللۇق، بەرىكەت ۋە ھۇزۇر ھۆكۈم سۈرىدىغان >> ئالتۇن دەۋىر << باشلىنىدۇ. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله.(

ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك بولغان مۇھىم بىر نۇقتا.

جانابى الله قۇرئاندا ئىمان ئېيتمىغانلار قۇرغان پۈتۈن تۇزاق ۋە زۇلۇملارنىڭ ھامىنى بىر كۈنى ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندۇر .الله ئىنسانلارنى سىناش، سالىھ كىشىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش، يەر يۈزىگە ھاكىم بولغان

ئىنكارچىلارنىڭ ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىقلىرىنى كۆرستىش قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ھىكمەتلەرگە ئوخشاش، شەيتاننى شۇنداقلا دەججالىيەت سېستىمىسنى ياراتقاندۇر. لېكىن، دەججالىيەت بولسا مۇتلەق مەغلۇپ بولىدىغان قىلىپ يارىتىلغاندۇر. الله نى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇملىرى، قۇرغان تۇزاقلىرى الله نىڭ ئىزنى بىلەن ئىنتايىن يېقىن كەلگۈسىدە مەغلۇپ بولىدۇ. الله بۇ ھەقتە بىر ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئۇلار ھەقىقەتەن ( پەيغەمبەرلەرگە ۋە مۆئمىنلەرگە ) مىكىر ئىشلەتتى. ئۇلارنىڭ مىكرى تاغنى ئۆرۈۋەتكۈدەك ( چوڭ ) بولسىمۇ، الله ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ. ( سۈرە ئىبراھىم 46 )

بۇ ئاقىۋەت دەججال ۋە ئۇ قۇرغان دۇنيا سېستىمىسى، بۇ سېستىمىسنىڭ ياردىمى بىلەن بارلىق زۇلۇملارنى قىلىۋاتقان ئۇنىڭ >> زالىم دوستلىرى << ئۈچۈنمۇ ئوخشاشتۇر .بۇ سېستىما بولسا ئىنسانلارنى الله نىڭ يولىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇپ ئەسلىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئالاھىدە بىر تۇزاقتۇر. ئەمما قۇرۇلغان تۇزاقلار قانچىلىك چوڭ بولسا بولسۇن، تۈزۈلگەن پىلانلار قانچىلىك ئومومىيۈزلۈك ۋە تەسىرى كۈچلۈك بولسا بولسۇن ھەممىسى جانابى الله نىڭ باشقۇرىشى ئاستىدىدۇر. دەججال، ئۇنىڭ سېستىمىسى بولغان دەججالىيەت ۋە باشقىلىرى پەقەت الله مۇشۇنداق خالىغانلىقى ئۈچۈنلا بار بولغاندۇر >> .پەقەت الله خالىغاندىلا، ئاندىن سىلەر خالايسىلەر ( يەنى ھەممە ئىش الله نىڭ خاھىشىغا باغلىقتۇر )…. ( سۈرە ئىنسان 30 << ( دىگەن ئايەتتە دىيىلگەندەك، الله خالىمىسا ھىچكىم، ھىچقانداق بىر كۈچ، ھىچقانداق بىر زالىم ئەسكىلىك قىلالمىغىنىدەك، بىر دۇنياۋى تۇزاق ۋە زۇلۇم سېستىمىسى قۇرۇپ بۇ سېستىمىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشقا ھىچكىم قادىر ئەمەستۇر…!

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم:

دەججال دىگەن زادى قانداق نەرسە؟ ئاستىدا ئىشكى بار، ئىشكى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى 40 كۈندە ئايلىنىپ چىقىدىغان، ئىككى مۈڭگۈزى بولغان، ناغرا ـ سۇناي چېلىپ كوچىدىن ئۆتىدىغان، تالاغا چىققان كىشى ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ كېتىدىغان … مۇشۇنداق بىر مەخلۇقمۇ؟ بىز ياشاۋاتقان دۇنيادا بۇنداق بىر مەخلۇقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىش ئېھتىمالى بارمۇ؟ نىمە ئۈچۈن تالاغا چىققان كىشى ئۇنىڭ ئېشىكىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ كېتىدۇ؟

بىر ئىشەك بىلەن 40 كۈندە دۇنيانى قانداق ئايلىنىپ چىققىلى بولىدۇ؟................ بۇلار بولسا ئوخشىتىشتۇر. بىز دەججالنى بۇنداق دەپ چۈشەنسەك بولمايدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت مۇستافا سەللەللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ۋە باشقا بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممەتلىرىنى ئاگاھلاندۇرغان، مەسىھ - دەججال ۋە سۇفيانىنىڭ پىتنىلىرىنىڭ پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان، >> يەجۈج - مەجۈج <<قەۋمىنىڭ شەرىق تەرەپتە بارغانسىرى كۈچلىنىپ دەججالىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن زۇلۇملىرىنى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاشتۇرىۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئەڭ بۈيۈك پىتنىلىرى ئەۋج ئالغان ئاخىرقى زاماندا ياشاۋاتىمىز. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەر خىل پىتنىلەر بولغان ئەمما ھازىرقىدەك ئومومىيۈزلۈك، پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى داۋاملىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بۇنداق غايەت زور پىتنە كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. ھەمدە بۇ پىتنىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت سەللەللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم بىزگە خەۋەر بەرگەن ئالامەتلەر بىلەن دەلمۇ - دەل ماس كېلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدىكى ماقالىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇنىڭ ئاپتورى ھەققەتەن ئىمانلىق، ياخشى نىيەتلىك بىر مۆئمىن. جانابى الله ئەجرىنى بەرسۇن ( ئامىن ). لېكىن بەزى بىر مەسىلىلەردە چۈشىنەلمىگەن ياكى خاتا چۈشىنىۋالغان نۇقتىلىرى بار. بەلكىم بۇمۇ بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ ۋە بۇ قېرىندىشىمىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولغانلارنىڭ كۆز - قارىشىدۇر. ئەمدى بەزى نۇقتىلارنى قىسقىچە ئىزاھلاپ ئۆتەي:

قىيامەتنىڭ مۇتلەق قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەقەت ۋە پەقەت جانابى الله بىلىدۇ، بۇنىڭدا شەك يوق. پەيغەمبىرىمىز بولسا يەنە جانابى الله نىڭ بىلدۈرىشى بىلەن قىيامەتنىڭ ئالامەتلىرىنى ۋە بۇ ئالامەتلەرنىڭ تەخمىنەن ۋاقتىنى بىزگە بىلدۈرگەندۇر ) .تەخمىنەن مۇتلەق ئەمەس ). چوقۇم ماۋۇ ئاي ماۋۇ كۈندە دەپ ئەمەس بەلكى قىيامەتكە ئىنتايىن يېقىنلاشقان دەۋرنىڭ يەنى >> قاش بىلەن كىرپىكنىڭ << ئارىسىدەك مۇساپە قالغان دەۋرنىڭ ھەر خىل ئالامەتلىرىنى بىزگە خەۋەر قىلغاندۇر .مەسىلەن تۆۋەندىكى ھەدىس، بۇ ھەدىس بەزى ئالىملار تەرىپىدىن يالغان دەپ قارىلىدۇ بەزى ئالىملار تەرىپىدىن بولسا سەھىھ ھەدىس دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ:

ـ بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرى **1000** يىلنى ئاشىدۇ پەقەت **1500** يىلنى ئاشالمايدۇ .

يەنى بۇ يەردە مۇتلەق بىر ۋاقىت يوق. **1100** يىلمۇ ياكى **1200** يىلمۇ؟ ياكى **1500** يىلمۇ ۋە ياكى **1599** يىلمۇ؟

يەنە ھەدىسلەردە دېيىلىشچە ئىسا ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە **40** يىل ياشايدۇ ۋە ۋاپات بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى خەلىپە بولىدۇ. ئەمما ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىنسانىيەت ئىنتايىن تېز بىر بۇزۇلۇشنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ ۋە قىسقىغىنە ۋاقىتتىن كېيىن يەر يۈزىدە الله دىگەن بىرمۇ ئىنسان قالمايدۇ. ئىنسانلار يولنىڭ ئوتتۇرىدا ئوچۇق ـ ئاشكارا زىنا قىلىدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ. كەبە چېقىپ تاشلىنىدۇ. يەر يۈزىدە بىرمۇ مۇسۇلمان، قەلبىدە زەررە چاغلىق ئىمانى بولغان بىرمۇ كىشى قالمايدۇ ۋە بۇ ئۈممەتنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىششى دىمەكتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن قىيامەت بىر كۈندىن كېيىن قوپامدۇ ياكى **100** يىلدىن كېيىن قوپامدۇ بۇنى پەقەت ۋە پەقەت الله بىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) بىر ھەدىسىدە:

ـ الله يىپەكتىن تېخىمۇ يۇمشاق بولغان بىر شامالنى يەمەندىن ئەۋەتىدۇ. بۇ شامال، قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بولغان ھىچ كىمنى ساق قويماي ھەممىسنى قەبزى روھ قىلىدۇ ( يەنى جېننى ئالىدۇ (
)مۇسلىم، ئىمان **185**(

ـ قىيامەت پەقەت ئەسكى ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە قوپىدۇ ( يەنى جاھاندا بىرمۇ مۇسۇلمان قالمىغاندا قىيامەت كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە قوپىدۇ(
)مۇسلىم، فىتەن **131** (

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ۋە يەنە ئىمام ئەخمەد ۋە ئىمام مۇسلىم، ئەبۇ زەيد بىن ئامىر

ئاختاب ئەل ـ ئەنساريدىن مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىدۇ:

ـ رەسۇلى ئەكرەم ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) بىر كۈنى بامدات نامىزىنى ئوقىدى، كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ پېشىن نامىزىغىچە بىزگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى، كېيىن مۇنبەردىن چۈشۈپ پېشىن نامىزىنى ئوقىدى. كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ ئەسىر ۋاقتىغىچە بىزگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. كېيىن چۈشۈپ ئەسىر نامىزىنى ئوقىدى. كېيىن يەنە مۇنبەرگە چىقىپ كۈن پاتقۇچە بىزگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. بۇ خۇتبىلىرىدە بارلىق يۈز بەرگەن ۋە بولىدىغان كېيىن يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنى خەۋەر قىلدى، ئۇلارنى بىزگە ئۆگەتتى ۋە يادلىغۇزدى .

)بۇخارى، مۇسلىم (

يۇقىرىدىكى بۇ ھەدىس ۋە بۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرنى جانابى الله نىڭ بىلدۈرىشى بىلەن ئۈممىتىگە خەۋەر قىلغاندۇر. ئەمما بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى نۇرغۇنلىغان ساھابىلەر رىۋايەت قىلمىغاندۇر، ئەمما بەزى ساھابىلەر بۇ ھەدىسلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ، رىۋايەت قىلغاندۇر. بۇ سەۋەپ تۈپەيلىدىن ھۇزەيفە بىن ئەل ـ يەمەن ( رادىئاللاھۇ ئەنھۇ ( مۇنداق دىگەن:

ـ الله بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەجىبا پەيغەمبەرنىڭ ) سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) ساھابىلىرىگە بۇ ھەدىسلەر ئۇنۇتتۇرۇلدىمۇ؟ ياكى ئۇنۇتتىمۇ؟ الله غا قەسەم قىلىمەنكى رەسۇلى ئەكرەم ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ( دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچە ( يەنى قىيامەتكىچە ) كېلىدىغان پىتنىلەرنى ۋە ئۇ پىتنىلەرنى چىقارغان رەئىسلەرنى ( رەھبەرلەرنى ) **300** دىن جىق كىشىنى بىزگە ئىسىملىرى بىلەن، دادىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ۋە قەبىلىلىرىنىڭ ئىسمى بىلەن خەۋەر قىلدى .

)ئەبۇ داۋۇت (

بەزى ھەدىسلەرگە يۇقىرىدىكى ماقالىدە دىيىلگىنىدەك ئۇنداق ئاددى ۋە تومتاقلا ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئاخىرقى زاماندا بىر چوڭ ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى توغرىلىق نۇرغۇنلىغان سەھىھ ھەدىسلەر باردۇر. ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلىدۇ:

ـ رەسۇلۇللاھ ( سەللەلاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) مۇنداق دېدى :يەھۇدىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرىسلەر. ھەتتا تاش ( ۋە دەل ـ دەرەخلەرمۇ >> : ( ئى مۇسۇلمان، ئارقامدا يەھۇدى بار، ئۇنى ئۆلتۈرگىن << دەيدۇ.

)بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى(

بۇ ھەدىستىن چىقىپ تۇرىدۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا ھەتتا تاش، دەرەخلەرمۇ زۇۋانغا كىرىدۇ. دېمەك بۇ ئادەتتىكى بىر ئۇرۇش ئەمەس. بەلكى ئاخىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ( توغرىسىنى بىلگۈچى الله ( ئارماگېددون ئۇرۇشى بولسا ھەرگىزمۇ بىر مۇسۇلمانلارغا خاس بولغان بىر ئېتىقاد ئەمەس، بەلكى خرىسىيتانلاردىكى ئېتىقاد، ئۇلار ئۆز ئېتىقادى بويىچە ئاخىرقى زامان ئۇرۇشىنى ئارماگېددون دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇرۇش ئىسرائىلىيەنىڭ مېگىدو دىگەن يېرىدە باشلىنىدۇ. ۋە ئۇ يەر بولسا ئەرەپچىدە مەجىددۇن تاغلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇش تارىختىكى >> يەرمۇك ئۇرۇشى << دىگەن كۆز قاراش بولسا خاتادۇر. چۈنكى ئۇ دەۋردە ھېچقاچان پۈتۈن دۇنيانى قاپلىغان ئومومىيۈزلۈك بىر پىتنە بولۇپ باقمىغان، پۈتۈن دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا قارشى بىر ھۇجۇم بولمىغان، >> دەل ـ دەرەخلەر تېخى زۇۋانغا كىرمىگەن <<.

ئەمدى ھەدىستە دىيىلگىنى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسرائىلىيەگە بېسىپ كىرگىنىنى پەرەز قىلىپ باقايلى، نىملەر يۈز بېرىدۇ؟ ئىسرائىلىيە بۇنىڭغا قاراپ تۇرامدۇ؟ بوپتۇ بىزنى ئۆلتۈر دەپ بېشىنى تۇتۇپ بېرەمدۇ؟ ئەلۋەتتە پۈتۈن

كۆچى بىلەن قارشىلىقتا ئۆتتىدۇ ۋە ئوتتۇرا شەرقنى قولدىن چىقىرىشنى خالىمىغان ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ھەتتا >> بەزى ئاسىيا دۆلەتلىرى << يەنى ھەدىس بويىچە ئېيتقاندا پۈتۈن دۇنيا ئەلۋەتتە پۈتۈن كۆچى بىلەن ئىسرائىلىيەگە ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىدۇ. پۈتۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنى قولغا ئېلىۋالغان يەھۇدى ماگناتلىرى ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلارغا قارشى قورقۇنۇچلۇق بىر تەشۋىقات ئۇرۇشى باشلىتىدۇ .مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىقلىرىنى شۇلۇپ يەۋاتقان بانكىرلار، نېفتچىلار پۈتۈن كۆچى بىلەن ئىسرائىلىيەگە ياردەم قىلىدۇ. ھازىردىن باشلاپ ئىسرائىلىيەنىڭ ئامبارلىرى دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار قۇرال - ياراقلىرى بىلەن تولۇپ تاشتى، ھەر كۈنى ئايروپىلان ۋە پاراخوتلار بىلەن ئامېرىكىدىن ۋە ياۋروپادىن ئىسرائىلىيەگە توختىماي قۇرال - ياراق كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ چوڭ بىر ئۇرۇشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئارماگېددون ئۇرۇشىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن. دەججالغا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن .بۇنداق غايەت زور بىر دۈشمەنگە قارشى ئېلىپ بېرىلىغان ئۇرۇش ئادەتتىكى بىر ئۇرۇش بولمايدۇ، بەلكى ئىنتايىن قانلىق ۋە شىددەتلىك بولىدۇ. ھازىرقى دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىگە قارىغاندا بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرقنىڭ ۋەزىيىتىگە قارىغاندا چوڭ بىر ئۇرۇشنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەلەيمىز. ۋە كاپىلار تەييارلىق قىلىۋاتقان بۇ ئۇرۇشقا ئاللىقاچان >> ئارماگېددون << دەپ ئىسىم قويۇپ بولدى. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رېگان ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا بۇنى دۇنياغا ئېلان قىلىپ بولدى. مەيلى ئىسمى نېمە دەپ ئاتالسا ئاتالسۇن بىر >> چوڭ ھىساپلىش << قا ئاز قالدى. ئۆزىمىزنى قانچىلىك قاچۇرساق قاچۇرايلى، ئىتراپ قىلمىساق قىلمايلى ئەمما بۇ ئۇرۇش بىزنى ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىدۇ .

يەنە بىر ھېتىم دەي >> :بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىن بىلەر بولۇش ھاجەتسىز، ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندا ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن >> غايىپنى بىلىش << كەتمەيدۇ.<<

ھەدىس:

-خۇراساندىن قارا بايراقلىقلار ) قارا بايراقلىق قوشۇن ) چىقىدۇ، تاكى ئۇ بايراقنى قۇددۇسقا تىكلىگۈچە، ھېچكىم ئۇلارغا قارشى تۇرالمايدۇ .

)ئەت ـ تاج، ئەلى ناسف ئەل ـ ھۇسەينى، 627(

)توغرىسنى بىلگۈچى الله (

# ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆمرى ۋە ھۇرمىجدۇن ئۇرۇشى

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆمرى ۋە ھورمىجدۇن (ئارماگېدون (ئۇرۇشى

قانداقتۇر ئويغىنىش ھەرىكىتىگە توسالغۇ بولىدىغان، تېخى ۋاقتى كەلمىگەن مەسىلىلەر پات-پات ئوتتۇرىغا چىقىپ ۋاقىت ئېلىۋاتىدۇ، كۈچنى زايا قىلىۋاتىدۇ ۋە ئىدىيەنى خۇنۇكلەشتۈرۋاتىدۇ. دەۋەت ئۇسۇلىنى قىيامەتنىڭ بەلگىلىرى ۋە دوزاخنىڭ ئازابىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلامنىڭ روھى، ئاساسلىق پرىنسىپال مەسىلىرى، مەقسەتلىرى ۋە ھازىرقى ۋەزىيەتتىن مەشغۇل بولۇش دەۋەت ئۇسۇلىدىكى توغرا پرىنسىپ ئەمەس. ھەر بىر كېسەلنى ئۆز ۋاقتىدا داۋالاش لازىم، ھەم داۋالاشنى ئېغىر كېسەلدىن باشلاش كېرەك.

بىز بۇ تېمىغا كىرىشتىن ئىلگىرى بىر قانچە مۇھىم نوقتىلارنى ھوزۇرىڭلارغا سۇنىمىز:

بىرىنجى:

قۇرئان كەرىم ياكى سەھى ھەدىسلەردە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگى توغرىسىدا مەلۇمات كەلمىگەن. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنى **1500** يىل دەپ ئۆلچەش سەپسەتە ۋە ئاساسسىز قۇرۇق گەپ.

ئىككىنجى:

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنى ئېنىق بەلگىلەش قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەش دېگەنلىك بولىدۇ، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەتتا رەسۇلۇللاھمۇ بىلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئايەت ۋە سەھى ھەدىسلەر دەلىلدۇر.

قىيامەتنىڭ ۋاقتى ياكى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى ياكى مەھدىنىڭ كېلىش ۋاقتى ياكى مەسىھ دەججالنىڭ كېلىش ۋاقتى توغرىسىدا رەسۇلۇللاھتىن ھېچقانداق خەۋەر ئىسپاتلانمىدى.

ئۈچىنجى:

رەسۇلۇللاھ ئىسلام ئۈممىتى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ:"سىلەردە ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە پەيغەمبەرلىك بولىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى كۆتۈرۋىتىدۇ. ئاندىن نۇبۇۋەت(پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) پرىنسىپى بويىچە خىلاپەتلىك بولىدۇ، بۇ خىلاپەتلىك ئاللاھ خالىغان مەزگىلگىچە بولىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنى كۆتۈرۋىتىدۇ. ئاندىن پادىشاھلىق

تۈزۈمى بولىدۇ، بۇ تۈزۈم ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە تۇرىدۇ ۋە ئاللاھ خالىغاندا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئاندىن مۇستەبىد پادىشاھلىق بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە تۇرىدۇ ۋە ئاللاھ خالىغان ۋاقىتتا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئاندىن پەيغەمبەر پرىنسىپى بويىچە خەلىپىلىك بولىدۇ".(ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان، تەبرانى ئەۋسەت ناملىق كىتاۋىدا چىقارغان، بۇ ھەدىسنىڭ سەنەد (ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى ئاساس) لىرى ئىشەنچىلىك.(

بۇ ھەدىس ئىسلام ئۈممىتىنىڭ تارىخ باسقۇچىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ:

.1پەيغەمبەر پرىنسىپى بويىچە خىلاپەتلىك بولۇپ بولدى.

.2پادىشاھلىق تۈزۈمى بولۇپ بولدى.

.3مۇستەبىد ۋە دىكتاتۇر پادىشاھلىق تۈزۈمى ھازىر داۋاملىشىدۇ.

.4پەيغەمبەر پرىنسىپى بويىچە خىلاپەتلىك تۈزۈمى تېخى بولمىدى، ئاللاھ خالىسا يېقىندا بولىدۇ.

مانا بۇ سەھى ھەدىس كۆرسەتمىسىدىكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ باسقۇچى. خىلاپەتلىك تۈزۈمى چوقۇم بولىدۇ، چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بىشارىتى، مۇسۇلمانلار كۈچ قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدۇ، ئىززەت-شەرىپىنى قولغا كەلتۈرىدۇ، شۇڭا بارلىق كۈچىمىز بىلەن بۇ باسقۇچنى رېئاللىقا ئاشۇرۇشقا خىزمەت قىلىشىمىز پەرز. پەيغەمبەر پرىنسىپى بويىچە خىلاپەت باسقۇچى ئىسلام خىزمىتىگە ئۆزىنى ئاتىغان ۋە مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ھەققىنى تونۇغان ئادەملەرنىڭ قولى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. سىز بۇ شەرەپكە لاياقەتسىز بولۇپ قالسىڭىز باشقىلارنىڭ(يەنى ئەۋلادىڭىزنىڭ) قولى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ..لېكىن مەھدىنى كۈتۈپ يېتىش ئازغۇنلۇقتۇر.. مەھدى بولمىسا ئىسلام دۆلىتى قايتا قۇرۇلمايدۇ دەپ قاراش ئازغۇنلۇق ۋە ئازدۇرۇشتۇر.. مەھدى چىققاندا مەن مەھدى دەپ ئېلان قىلمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىسلام شەرىئىتىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان ۋە ئادالەتنى ئاساس قىلىپ ماڭىدىغان بىر مۇسۇلمان ئادەم خالاس ...

ئەمدى مەسىلىنىڭ تەپسىلاتىغا قارايلى:

(1)

غەيبى ئەقىدە توغرىسىدا بىر ئاز ئىزاھات

غەيبى ئېتىقاد توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرگە قارايدىغان بولساق، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى غەيبى ئىشلاردا بىزلەرنى داۋاملىق ئىخچاملىقا يېتەكلەپ ماڭىدۇ، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئىشلار بىلەن خۇددى ھازىر بولىدىغاندەك مۇئامىلە قىلىشىمىزغا بۇيرۇيدۇ. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ:"ئى ئەبۇھۇرەيرە ئەگەر سەن ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچرىشىپ

قالساڭ، ئۇنىڭغا مەندىن سالام ئېيتقىن" دەيتتى. دەججال توغرىسىدا:"مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بار ۋاقتتا چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم تۇتىشىمەن، ئەگەر مەندىن كېيىن كۆرۈنسە ھەر بىرىڭلار تۇتۇشسىلەر"دەيتتى.

بۇ يەردە بىر قانچە مەسىلىنى بايان قىلىش زۆرۈر:

.1ئىسلام دىنى غەيبى ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، ناھايىتى ئېخچام ئىپادىلەيدۇ.

.2غەيبى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىش ئۇممەتنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر، شۇنداق بولغاندا ئۇممەت داۋاملىق دىنىنى قوغداشتا سەگەك تۇرىدۇ ۋە دۈشمەنلىرىدىن ھەزەر ئەيلەيدۇ.

.3قايسى بىر غەيبى خەۋەر بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق ۋە بىخۇتلۇقتا سەۋەب بولماسلىقى كېرەك، بەلكى كەلگۈسى يامانلىقنى توسۇش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشقا ھەيدەكچى بولۇشى لازىم.

مەسىلەن،"فۇرات دەرياسى ئالتۇن خەزىنىلىرىنى ئاچىدۇ، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ"دېگەن ھەدىسنى ئىراق بىلەن كۇۋەيت ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشقا تەۋىل قىلىش ھەدىسنىڭ كۆرسەتمىسگە ئۇيغۇن ئەمەس، قىسقىسى مۇسۇلمان ئۆزلىرى ياشاۋاتقان رېئاللىقلارنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ بويىنىنى تولغىماسلىقى كېرەك.

.4غەيبى مەسىلىلەرگە ئالاقىدار ھەدىسلەر ئىشەنچىلىك كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈلىشى لازىم.

.5بىز ھەدىس شەرىپلەردە سەنەد(ھەدىس رىۋايەت قىلىشتىكى ئاساس)نى ئاساس قىلىمىز، شۇڭا ھەدىس سەنەد ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ تۇتۇشىسا دەلىل ئېتىبارىنى ئالالمايدۇ.

.6ھورمىجىدۇن (ئارماگېدون) ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى تەۋراتنىڭ نەزىرىيىسى، بۇ ئىدىيەنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۆزگەرتىلگەن تەۋراتقا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ مەسىلىگە ئىسلام پورمىسىنى كەيدۈرۈش قوبۇل قىلىنمايدۇ.

.7ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرىنى بەلگىلەشتە نېمە ئاساس بار؟ قۇرئان كەرىم:"قىيامەت يېقىنلاشتى، ئاي يېرىلدى" ،(قەمەر سۈرىسى،1ـ ئايەت)دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ:"مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇ ئىككى بارمىقىمدەك يېقىن دەپ، باش بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ قويدى ."

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرى قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىفتە بولمىسا، ئۇنداقتا **1500** يىل ياكى **2000** يىل ياكى **3000** يىل دېگەن سەپسەتىنى نەدىن تاپتى؟ ئۇنىڭ پاكىتى نېمە؟. بۇ سەپسەتە تەۋراتنىڭ نەزىرىيىسى، چۈنكى

تەۋرات دۇنيانىڭ ئۆمرىنى 7000 يىل دەپ خەۋەر قىلىدۇ.

.8ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئېھتىيات قىلىپ ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىۋېلىشقا قىزىقتۇرىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ"سەن دۇنيادا خۇددى بىر مۇساپىردەك ياشىغىن"دېگەن. دېمەك، بىزنىڭ ھەر بىرىمىزنىڭ قىيامىتى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن دۇنيانىڭ ئاياغلىششى ئۇنىڭ ئۆلىمى بىلەن بولىدۇ.

.9قىيامەت پالانى يىلى بولىدۇ ياكى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرى مانچە يىل دېگەندەك سەھى دەلىلسىز قۇرۇق گەپلەر نادانلىق ۋە بىلىمسىزلىكتىن تارقايدۇ.

(2)

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرىنى بەلگىلەش پرىنسىپ خاتالىقدۇر

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرىنى بەلگىلەش پرىنسىپ خاتالىقدۇر، چۈنكى بۇ غەيبى ئېتىقاد مەسلىسى، غەيبى ئېتىقاد مەسلىسى ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ياكى سەھى سۈننەتتىن كەسكىن دەلىل بولۇش كېرەك. ھورمىجىدۇن جېكى ۋە ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرى ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان ئادەم تۆۋەندىكى نوقتىلاردا خاتالاشقان:

.1ھەدىسشۇناسلارنىڭ ھەدىسنى تەكتلەش پرىنسپىغا تاجاۋۇز قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنى بەزى قائىدىلەردە توغرا بولمىغان شەكىلدە قايمۇقتۇرغان.

.2ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرىنى بەلگىلەش ئالىملار ئاجىز ۋە ئويدۇرما دەپ ئاگاھلاندۇرغان خەۋەرلەرگە تايانغان.

.3بۇ مەسلىدە ساھابىلەرنىڭ كۆز قارشىنى خاتا ئىستىمال قىلغان.

.4مۇسۇلمانلاردا كەلگۈسى قۇتقۇزغۇچىنىڭ كېلىشىنى كۈتكۈزۈپ، سۇسلۇشۇش روھىنى تېرىغان.

.5كۆز قارشىنى تەكتلەشتە نۇئەيم بىن ھەممادنىڭ پىتنىلەر ناملىق كىتاۋىغا تايانغان، ئالىملار بۇ كىتابتا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىسنادىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان. شۇڭا بۇ كىتاب ھۆججەت قىلىشقا يارىمايدۇ.

.6ئۇنىڭ ئۇستىگە نۇئەيم بىن ھەممادنىڭ ئۆزىمۇ ھەدىسشۇناسلارنىڭ نەزرىدە ئاجىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلغان ئادەم. شۇڭا بۇخارى-گەرچە ئۇستازى بولسىمۇ- ئۇنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىرەرنىمۇ سەھى بۇخارى كىتاۋىدا چىقارمىغان.

"ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرى ۋە ھورمىجىدۇن ئۇرۇشى" ناملىق كىتابنى يازغان ئاپتور مەنبە سۈپتىدە:ئىسرائىلىيات

نەزىرىيەلىرى، بەك ئاجىز ۋە ئۆيدۇرما ھەدىسلەر، نامەلۇم قولىيازما، داخانلارنىڭ سۆزلىرى ۋە سىياسى تەھلىلچىلارنىڭ قاراشلىرىغا تايىنىپ يازغان .

رەسۇلۇللاھ:"ئەھلى كىتاب(يەنى يەھۇد ۋە خىرىستىيانلار)نىڭ كىتابلىرىغا ئىشەنمەڭلار ھەم يالغانغا چىقىرۋەتمەڭلار"دېگەن(بۇخارى رىۋايەت قىلغان). شۇڭا ئەقىدە ساھەسىدە ئەھلى كىتابتىن نەقىل قىلىنغان ئىسلام ئېتىقادىغا زىت ھەر قانداق بىر مەسىلە كەسكىن رەت قىلىنىدۇ.
شۇڭا پىتنە ياكى ئۇرۇشقا ئالاقىدار ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەندە سەھى بولمىغان ھەدىسلەرنى كەلتۈرۈش ئىلمى ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ .

.7مەزكۇر قاراشنى ئوتتۇرغا قويغۇچى مۇسۇلمانلارنى ئۆيدىن چىقماسلىق، باشقىلارغا ئارىلاشماسلىق ۋە مەھدىنىڭ پەيدا بولىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا چاقىرىدۇ .ئاپتورنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنىڭ ھەممىسى پىتنە ۋە يامانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھورمىجىدۇن(ئارماگېدون)ناملىق بۇ كىتاب نادانلىق ۋە تۆھمەت بىلەن توشۇپ كەتكەن، ھەق بىلەن باتىل ئارىلاشقان خەتەرلىك كىتاب، بۇ كىتاب ئازغۇنلۇققا دەۋەت قىلىدۇ.
ھورمىجىدۇن دېگەن كىتابنى يازغان ياكى قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلىگەن ئادەمنىڭ ئەڭ ئېغىر قەبىھ قىلمىشى شۇكى، كەززاب بىر ئادەمنىڭ كىتاۋىدىن رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىپ نەقىل كەلتۈرگەن نەرسىدۇر، بۇ ئاپتور تۈركىيەدە مەھدى توغرۇلۇق ھەدىسنى ئۆز ئېچىگە ئالغان بىر قولىيازمىنى كۆرگەنلىكىنى داۋا قىلغان. ئاز تولا ئىلىمدىن خەۋىرى بار ئادەم بۇ كىتابنىڭ تۆھمەت ئىكەنلىكىدە شەك قىلمايدۇ. ئۇ كەززابنىڭ جازاسىنى ئاللاھ ئۆزى بەرسۇن .!
كىتابنىڭ ئاپتورى ئىستانبولدىكى كۈتۈبخانىدىن تاپقان بىر قول يازمىدىن ئۆيدۇرما ھەدىستىن بىرنى دەلىل قىلىدۇ. ئۇ ئۆيدۇرما ھەدىس مۇنداق دەيدۇ:"ئاخىرقى ئۇرۇش ئۈچىنچى كائىنات ئۇرۇشىدۇر، بۇ ئۇرۇش خەلقئارالىق ئىككىنجى ئۇرۇشتىن كېيىن بولىدۇ". بۇ يالغان خەۋەرنى قانداقمۇ ھەدىس دېگىلى بولسۇن، بۇ ئۆيدۇرمىنى رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىش قانداقمۇ ھالال بولسۇن! بۇ خەۋەرنىڭ ئاساسى يوق يالغان خۇراپاتتىن ئىبارەت. ھەدىس شەرىپ دېگەندە پەيغەمبەرلىك نۇرى چىقىپ تۇرىدۇ.
ھەدىس ئىلمىدا سەنىدى يوق ھەدىسنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقى مۇقەررەر مەسىلە، سەنىدى يوق ۋە ئاپتورى ئېنىق ئەمەس كىتابنىڭ رىۋايىتى ئېخىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. سۈننەتنى بىلمەيدىغان ئادەمنىڭ سۈننەتتىن دەلىل كەلتۈرۈپ

بىر نەرسە يېزىشى نادانلىق ۋە جاھىللىقتۇر.

ئىمام ئەھمەد پىتنە ھەدىسلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ ئۈچ كىتابنىڭ ئاساسى يوق دېگەن، ئۇلاردىن: مەلاھىم ۋە نۇئەيم بىن ھەممادنىڭ"پىتنىلەر" ناملىق كىتاۋىنى بايان قىلغان.

ھورمىجىدۇن دېگەن نىمە؟ دېگەن سوئالغا ھورمىجىدۇن ناملىق كىتابنى يازغان ئادەم جاۋاب بېرىپ:"ئۇئاتوم ئۇرۇشى... ئۇ بۈيۈك ئىستراتېگىيە ئۇرۇشى... ئۇ خەلقئارالىق ئىتتىپاقداشلار ئۇرۇشى... ئۇ يېڭى ئەھلى سەلىب ئۇرۇشى...ئۇ بىر قانچە تەرەپلىمە ئەجدىرھا ئۇرۇشى... ئۇ تارىختىكى ۋەھشى ئۇرۇش...ئۇ تارىخنىڭ ئاخىرلىششى..."دەيدۇ .ئاپتور بۇ تونۇشتۇرۇشنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن غەربلىك سىياسىيۇنلارنىڭ قاراشلىرى، بۇرمىلانغان ئىنجىلنىڭ نەزىرىيەلىرىنى دەلىل قىلىدۇ.

باشقىلار نىمە دەپ ئېتىقاد قىلسا قىلىۋەرسۇن! لېكىن بىز مۇسۇلمانلار ئېتىقادىمىزنى قۇرئان كەرىم ۋە سەھى ھەدىسلەردىنلا ئالىمىز. بۇرمىلانغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ نەزىرىيەلىرى بىزنىڭ مەنبەيىمىز ئەمەس... ھورمىجىدۇن ئۇرۇشى خرىستىيانلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە شۇلارنىڭ ئاتالغۇسى، ئۇ توغرۇلۇق ئىسلام مەنبەسىدە سەھى ھەدىس كەلگىنى يوق. ئۇنداقتا ئەھلى كىتابنىڭ ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلىش ئىسلام ئېتىقادىغا زىت ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ...

(3)

قۇرئان سۇرىلىرىنىڭ بېشىدىكى بەزى ھەرپلەرگە قارىتا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆمرىنى بايان قىلىش ئازغۇنلۇقتۇر

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسامنىڭ ئۈممىتىگە 1463 يىل، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە 570 يىل، ئىسلام ئۈممىتىگە 1709 قەمەرىيە يىلى بەرگەن .قىيامەتنىڭ توغرا ۋاقتى ھجرىيەنىڭ 1710 يىلى يەنى مىلادىيە 2280 يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دەيدىغان قاراش قېپقىزىل يالغان تۆھمەت ۋە سەپسەتىدىن ئىبارەت. بۇ قاراشنىڭ ھېچقانداق توغرا ئاساسى يوق، يالغان خۇراپاتتىن ئىبارەت.

قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەپ چىققان كىشى خىيالى ھاۋايى ـ ھەۋەسگە تايانغان، قۇرئان كەرىم سەھى ھەدىسلەرگە تايانمىغاندىن سىرىت، ھېچقانداق بىر مۇپەسسىر ياكى مۇھەددىس ياكى مۇجتەھىد فەقىھنىڭ سۆزىگە تايانمىغان. قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى بەلگىلەش قۇرئان كەرىمنىڭ ئېنىق كۆرسەتمىسىگە تامامەن خىلاپ، چۈنكى قۇرئان كەرىم قىيامەت

ئۆشتۈمتۈت بولىدۇ دەيدۇ:"قىيامەت ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ (ئەھلىگە) ئېغىر (ۋەقەدۇر).ئۇ سىلەرگە تۇيۇقسىز كېلىدۇ"(ئەئراف سۈرىسى، 187 ـ ئايەت.(

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغان رەسۇلۇللاھنىڭ قىيامەتنىڭ قاچان بولىشىنى بىلمەيدىغانلىقى ھەممە مۇسۇلمانغا ئايان، قىيامەتنىڭ ۋاقتىنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ بىر كىشى بىلمەيدۇ، رەسۇلۇللاھمۇ بىلمەيدۇ. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان سەھى ھەدىستە رەسۇلۇللاھ:"بەش ئىش بار، ئۇ ئىشلارنى ئاللاھدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ دەپ، لوقمان سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى مۇنۇ ئايىتىنى تىلاۋەت قىلغان:"قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن اللەنىڭ دەرگاھىدىدۇر"، (لوقمان سۈرىسى، 34 ـ ئايەت.(

بەزى سۈرىلەرنىڭ بېشىدىكى ھەرپلەرنى خالىغانچە رەيىگە بېرىپ تەپسىر قىلىش ئاللاھنىڭ كىتابىغا يالغاننى چاپلىغانلىق، قۇرئان بىلەن ئويناشقانلىق ۋە سۆزنى ئورنىدىن بۇرمىلىغانلىق بولىدۇ.

(4)

مەسىھ دەججال مەسلىسىنى ماسونىيە تەشكىلاتى ۋە ھازىرقى بەزى ۋەزىيەتلەرگە چۈشۈرۈش توغرا ئەمەس

دەججالنىڭ ئوڭ كۆزى كور، ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرسىغا كاپىر دېگەن خەت يېزىلغان... ۋە ئۇندىن باشقا ئېنىق بەلگىلىرى سەھى ھەدىسلەرگە كەلگەن. ئۇنداقتا ھازىرقى ماسونىيە تەشكىلاتلىرىنى مەسىھ دەججال دەپ قاراش تارازىدا توختىمايدۇ، چۈنكى ھازىرقى ماسونىيە تەشكىلاتلىرى ئۇنچىۋالا قورقۇنۇشلۇق ئەمەس ھەم بۇلاردا مەسىھ دەججالنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىمۇ يوق. شۇڭا ھازىرقى ماسونىيە ياكى دارۋىن نەزىريەلىرىنى مەسىھ دەججال دەپ قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى دارۋىن نەزىرىيسى ئىلمى پاكىتلار ئارقىلىق يىمىرىلىپ تاشلاندى.

رەسۇلۇللاھغا نىسبەت بېرىلگەن ھەر قانداق بىر ھەدىسنى بايان قىلغاندا رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك كىتابنى زىكىر قىلىش لازىم. بولمىسا ئاساسى يوق ۋە ئويدۇرما خەۋەرلەرنى بايان قىلىش گۇناھ بولىدۇ .

(5)

ھورمىجدۇن (ئارماگېدون) ھەققىدە ئىزاھات

"ھورمىجدۇن "يەھۇدىچە سۆز بولۇپ، پەلەستىندىكى بىر ئورۇننىڭ ئىسمى. ھورمىجدۇن ئۇرۇشىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى بۇرمىلانغان تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ نەزىريەسى، بۇ نەزىريەنى ئەھلى كىتابنىڭ ھەر ئىككىلىسى قوللايدۇ. بۇ سەپسەتىنىڭ مەقسىتى مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ياكى ئەھلى كىتاب ئارىسىدا زور جەڭ يۈز بېرىدۇ، يەھۇد ۋە

ناسارالار بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرىدۇ،دېمەكچى بولىدۇ. ھورمىجىدۇن ئەپسانىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن بىردىن بىر پايدا ئالغۇچى مۇستەملىكىچى ئىسرائىل دۆلىتىدۇر.

بەزى خرىستىيانلارنىڭ يەھۇدىلارغا ياردەم بېرىشىدىكى سەۋەب، يەھۇدىلار كۈچلىنىپ ئەسكىلىكى تازا ئۇچىغا چىققاندا دۇنيادا خەلقئارالىق ئۇرۇش پارتلايدۇ، شۇ چاغدا ئىسا ئەلەيھىسسالام قۇتقۇزغۇچى بولۇپ چۈشىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ. شۇڭا يەھۇدىلارغا ياردەم بېرىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىشىنى تىزلىتەيلى، دېمەكچى بولىشىدۇ.

**80**مىڭ مېسئونېر، **20** مىڭ مەكتەپ، **200** خرىستىيان پاكولتىتى ۋە بىر قانچىلىغان تىلۋىزىيە ئىستانزىلىرى كائىناتنىڭ ئاخىرلىششى، ئىنسانىيەتنىڭ يوقىلىشى ۋە شەرق بىلەن غەربنىڭ يوقىلىشى توغرۇلۇق ھورمىجىدۇن ئەقىدىسىنى تارقىتىۋاتىدۇ.

بىر بۆلۈك مۇسۇلمان تەتقىقاتچىلار خىيالى ھورمىجىدۇن ئۇرۇشى ھەرگىز يۈز بەرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ يۈز بېرىپ بولدى. ئىسلام تارىخىدا ھەزرىتى ئۆمەر بىن خەتتابنىڭ دەۋرىدە مۇسۇلمانلار بىلەن خرىستىيانلار ئارىسىدا مىلادىيە **638**-يىلى يۈز بەرگەن "يەرمۇك" ئۇرۇشىنىڭ دەل ئۆزى شۇ دەپ قارايدۇ .بۇ جەڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قوماندانى خالىد بىن ۋەلىد بولۇپ، ئۇ رۇملۇقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان، مۇشۇ غەلىبىنىڭ نەتىجىسىدە رۇملۇقلار شام (سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن ۋە ئىئوردانىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) زېمىندىن ئەبەدىلىك چىقىپ كەتكەن دەپ قارايدۇ .مۇنداق قارايدىغان تەتقىقاتچى مۇسۇلمان ئالىملارنىڭ قاتارىدىن: دوكتۇر ئەھمەد ھىجازى سىقا، يازغۇچى سەييىد مۇھەممەد ئاشۇر...

ھورمىجىدۇن كۆرىشى توغرۇلۇق كىتاب يازغانلار كىتابلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پىتنىلەر ۋە قىيامەتنىڭ بەلگىلىرى توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەرنى مۇئەييەن ھادىسىلەرگە ياكى مۇئەييەن شەخسكە چۈشۈرۈۋالغان.بۇ تۈردىكى ھەدىسلەرنى مۇئەييەن ۋەقەگە چۈشۈرۈش خەتەرلىك مەسىلە، چۈنكى ئۇنى جەزم قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ھەدىسلەرنى ھازىرقى ۋەقەلەرگە چۈشۈرۈشنىڭ پايدىسىمۇ يوق بەلكى زىيىنى كۆپ. شۇڭا پىتنىلەر ۋە جەڭلەرگە ئالاقىدار ھەدىسلەرنى خاتا تەۋىل قىلىش ۋە چۈشكە قارىتا ئىپادىلەش ۋە مۇئەييەن ھادىسگە چۈشۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم .بولمىسا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلىشىش ۋە بوشاڭلىقا سەۋەب بولۇپ قالىدۇ.

مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى **2001** ياكى **2002**- يىلى مەھدى چىقىدۇ، دەپ يازغان، لېكىن ھازىر **2006**- يىلى

ئاخرلاشتى، مەھدى چىقمىدى. دېمەك، ئۇ خىيالى ئەپسانىلەرنى نېمە كەلسە شۇنىڭدىن تىيىپ ئالغان.
دېمەك، ھورمىجدۇن ئۇرۇشى، ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۆمرى مانچە يىل دېگەن قاراشلار سەپسەتە ۋە خۇراپات. ئۇ سەپسەتىلەرنىڭ قۇرئان كەرىم ۋە سەھى سۈننەتتىن ھېچقانداق ئاساسى يوق.

تېخىمۇ تەپسىلى مەلۇماتقا ئېگە بولۇش ئۈچۈن بىكىتىمىزنىڭ ئەرەبچە كىتابلار قىسمىدا "ھورمىجدۇن" نەزىرىيسىنى تەنقىد قىلغان "ھورمىجدۇندا يوقالغان ھەقىقەتلەر" ناملىق بىر كىتاب بار كۆرگەيسلەر .
ۋاللاھۇ ئەئلەم الله ھەممىزنى توغرا يولدا قىلسۇن قىرىنداشلار بەك بەك دىققەت قىلايلى الله نىڭ .ئازابى قاتتىقتۇر

# ئاتومدىكى كۈچ ۋە مۇستەھكەملىك

ئاتوملاردىن تۈزۈلگەن بىر بەدەن بىلەن، ھاۋادىكى ئاتوملارنى ئىچىمىزگە تارتىمىز، ئوزۇقلۇقلاردىكى ئاتوملارنى يەيمىز، سۇدىكى ئاتوملارنى ئىچىمىز. بىز كۆرۈۋاتقان ھەممە نەرسە كۆزىمىزدىكى ئاتوملارغا ئائىت بولغان ئېلېكترونلارنىڭ فوتونلار بىلەن سوقۇلۇشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنداقتا قولىمىز ياكى بەدىنىمىز بىلەن بىر نەرسىلەرگە تەگكەندە ھىس قىلغانلىرىمىزچۇ؟ ئۇلارمۇ تېرىمىزدىكى ئاتوملارنىڭ نەرسىلەردىكى ئاتوملارنى ئىتتىرىشىدىن ئىبارەت...

ئەلۋەتتە بۈگۈن نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار، بەدىنىنىڭ، كائىناتنىڭ، دۇنيانىڭ قىسقىسى ھەممە نەرسىنىڭ ئاتوملاردىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما بەلكىم بۈگۈنگە كەلگۈچە << ئاتوم >> دەپ ئاتالغان بۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ قانداق بىر قۇرۇلمىغا ۋە مۇستەھكەملىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن .

ھالبۇكى ئىنسان بۇ مۇكەممەل قۇرۇلما بىلەن پۈتۈن ھاياتى بويىچە چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا بىللە ياشايدۇ. بۇ قۇرۇلما شۇنداق مۇكەممەل ئىكەنكى، پەقەت بىز ئۇستىدە ئولتۇرىۋاتقان ئورۇندۇقنى مەيدانغا كەلتۈرگەن تىرىليونلىغان ئاتوملارنىڭ ھەر بىرسى، ئۇستىگە بىر كىتاپ يازغىلى بولىدىغان دەرىجىدە تەرتىپلىكتۇر. ۋە بۇ تەرتىپ ئىنتايىن قاتتىق بىر دەخلى قىلىنىشقا ئۇچرىمىغۇچە، تەبىئىي شەرتلەردە ھەرگىزمۇ بۇزۇلماستىن مەۋجۇدىيىتىنى داۋام قىلدۇرىدۇ .

ھەر بىر ئاتوم، بىر يادرو ۋە يادرودىن ئىنتايىن ئۇزاقتىكى ئوربىتىلاردا يادرونى مەركەز قىلىپ توختىماستىن ئايلىنىۋاتقان ئېلېكترونلاردىن تەشكىل تاپىدۇ .

ئېلېكترونلار خۇددى يەرشارىنىڭ بىر تەرەپتىن قۇياشنىڭ ئەتراپىدا ئايلانغاچ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئوربىتىسىدا

ئايلانغىنىدەك، ئاتوم يادروسىنىڭ ئەتراپىدا توختىماستىن ئايلىنىدىغان زەررىچىلەردۇر. بۇ ئايلىنىش خۇددى سەييارىلەرگە ئوخشاش، بىز ئوربىتا دەپ ئاتىغان يوللارنى بويلاپ، ئىنتايىن مۇكەممەل بىر تەرتىپ بىلەن ھەرگىزمۇ توختاپ قالماستىن داۋام قىلىدۇ .

ئەڭ كۈچلۈك مىكروسكوپلار بىلەنمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە كىچىك بولغان بىر دائىرىدە ئايلىنىۋاتقان ئۇنلغان ئېلېكترونلار، ئاتومنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن مۇرەككەپ بىر << قاتناش تەرتىپى >> مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. ئېلېكترونلارنىڭ ئەڭ ھەيران قالارلىق يېرى بولسا، يادرونى خۇددى بىر ساۋۇتقا ئوخشاش چەمبەرچەس باغلىغان بۇ ئېلېكترونلار ئاتومنىڭ ئىچىدە ھەرگىزمۇ بىر << قاتناش ھادىسىسىگە >> ئۇچرىمايدۇ. ئەگەر ئاتومنىڭ ئىچىدە كىچىككىنە بىر ھادىسە يۈز بەرسە بۇ ئاتوم ئۈچۈن بىر بالايىئاپەت بولىدۇ. ئەمما بۇنداق بىر ھادىسە ھەرگىزمۇ يۈز بەرمەيدۇ، بارلىق ھەرىكىتى مۇكەممەل بىر تەرتىپ ئىچىدە قۇسۇرسىز بىر قۇرۇلما بىلەن داۋام قىلىدۇ. يادرونىڭ ئەتراپىدا سېكۇنتىغا **1000** كىلومېتىرلىق بىر ئەقىل يەتمەس تېزلىك توختىماي ئايلىنىۋاتقان ئېلېكترونلار بىر قېتىم بولسىمۇ بىر - بىرسى بىلەن مەڭگۈ سوقۇلمايدۇ. بىر - بىرسىدىن ھېچقانداق پەرقى بولمىغان بۇ ئېلېكترونلارنىڭ ئوخشىمىغان ئوربىتىلارغا جايلىششى بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىر ھەيران قالارلىق تەرىپىدۇر.

بىر - بىرسىگە ئوپمۇ - ئوخشاش بولغان ئېلېكترونلارنىڭ نىمە ئۈچۈن يادرو ئەتراپىدا ئوخشىمىغان ئوربىتىلارغا جايلاشقانلىقى، قانداقسىگە يولىدىن ھەرگىزمۇ چەتنىمەي بۇ ئوربىتىلارنى بويلاپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقى، ھەيران قالارلىق دەرىجىدە كىچىك بولغان << بەدىنى بىلەن >> ھەيران قالارلىق دەرىجىدە تېزلىك بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان بۇ مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ نىمە ئۈچۈن بىر - بىرسى بىلەن بىر قېتىم بولسىمۇ سوقۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقى ھەققىدىكى سۇئاللارنىڭ جاۋابىنى پەقەت بىر يەردىن تاپالايمىز. بۇ تەڭداشسىز تەرتىپ ۋە نازۇك تەڭپۇڭلۇق بولسا جانابى الله نىڭ قۇسۇرسىز مۇكەممەل يارىتىشىنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئۇلۇغ رەببىمىز بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ:

- تاغلارنى تۇرغۇن ھالەتتە گۇمان قىلىسەن، ھالبۇكى، ئۇلار بۇلۇتتەك چۆگىلەپ تۇرىدۇ، (بۇ) ھەممە نەرسىنى پۇختا ياراتقان الله نىڭ ھۈنىرىدۇر، الله ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. ( نەمل سۈرىسى

ئاتوم، ئايەتتە دىيىلگىنىدەك الله نىڭ >> پۇختا << يارىتىشى بىلەن ۋەزىپىسىگە داۋام قىلىۋاتىدۇ. ئاتومنىڭ ئىچىدىكى ئېلېكترونلار، الله نىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن بەلگىلىگەن ئوربىتىلىرىدا ھەرگىزمۇ توختاپ قالماستىن ئايلىنىدۇ. ئوربىتىسىدىن زەررىچىلىك بولسۇن چەتنەپ كەتمەيدۇ. كائىناتقا قارىغان چېغىمىزدا مەۋجۇت بولغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن بۇزۇلغانلىقىنى، ئۈپرىغانلىقىنى، ۋەيران بولغانلىقىنى كۆرىمىز. لېكىن بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ئۇل تېشى بولغان ئاتوملار بولسا ـ ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن قىلىنغان يادرو رېئاكسىيەسى بولماي تۇرۇپ ـ ھەرگىزمۇ بۇزۇلۇپ، ئۈپرىمايدۇ. ئاتوم بولسا جانابى الله ياراتقان پۇختا، ئىنتايىن مۇستەھكەم بولغان بىر مەۋجۇدىيەتتۇر.

ئاتوم يادروسى بولسا پروتون ۋە نېيتروندىن تۈزىلىدۇ. بىر ئاتومنىڭ يادروسىنى ھاسىل قىلغان بۇ زەررىچىلەرنى بىر يەردە تۇتىۋاتقان كۈچ نىمە ؟ بۇ بولسا ئاتوم يادروسىدىكى نېيترون ۋە پروتوننىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى توساپ ئۇلارنى بىر ـ بىرىسگە گويا چاپلاپ تۇرىدىغان ۋە ھازىرغىچە بايقالغان ئەڭ شىددەتلىك كۈچ بولغان >> يادرو كۈچىدۇر .<<

بۇ كۈچ، ئاتومنىڭ يادروسىدىكى پروتونلارنىڭ ۋە نېيترونلارنىڭ بىر ـ بىرسىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى توساپ بىر يەردە تۇتۇپ تۇرىدۇ. بىر ئاتومنىڭ يادروسى مۇشۇنداق ھاسىل بولغاندۇر. بۇ كۈچ شۇنداق بىر زور كۈچ ئىكەنكى، يادرونىڭ ئىچىدىكى پروتون ۋە نېيترونلارنى گويا بىر ـ بىرسگە چاپلاپ تۇرىدۇ. ۋە بۇ كۈچ ھەيران قالارلىق بىر نازۇكلۇق بىلەن تەڭشەلگەن بولۇپ، پروتون ۋە نېيترونلارنى بىر ـ بىرسگە پۈتۈنلەي چاپلىۋەتمەي ۋە ئايرىۋەتمەي تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ كۈچ يەنە ئازراقلا كۈچلۈك بولغان بولسا پروتون ۋە نېيترون بىر ـ بىرسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، ئازراقلا ئاجىز بولۇپ قالغان بولسا ئاتومنىڭ يادروسى ئايرىلىپ كىتەتتى .يادرو ئېنىرگىيەسى ياكى ئاتوم ئېنىرگىيەسى دەپ ئاتالغان غايەت زور كۈچ بولسا، ئاتومنىڭ يادروسىدىكى بۇ كۈچنىڭ قويۇپ بېرىلىشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. يادرو يوغىنىغانسىرى نېيترون ۋە پروتونلارنىڭ سانى ۋە بۇلارنى تۇتۇپ تۇرغان كۈچمۇ يوغىنايدۇ. چوڭ

بىر يادرودا، پروتون ۋە نېيترونلارنى تۇتۇپ تۇرغان بۇ كۈچنى ئايرىۋېتىش ئىنتايىن تەس بولۇپ، بۇ زەررىچىلەر بىر - بىرىدىن ئايرىلغانسىرى، تېخىمۇ زور بىر كۈچ بىلەن قايتىدىن بىرىكىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ كۈچنىڭ زورلۇقىنى مۇنداق سېلىشتۇرالايمىز :

بۇ كۈچ، يەرنىڭ تارتىش كۈچىدىن تەخمىنەن يۈز ملىيارت x بىر ملىيارت x بىر ملىيارت x بىر ملىيارت = ؟؟؟؟ ھەسسە كۈچلۈكتۇر!!!!

ئەگەر بۇ كۈچكە ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن دەخلى قىلىنمىسىلا ھېچكىمگە بىر زىيىنى يوق، ئەمما ئىنسانلارنىڭ دەخلى قىلىشى بىلەن مىليونلىغان ئىنسانلارنى كۆزنى - يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆلتۈرەلەيدىغان بىر قورال ھالىغا كېلەلەيدۇ .

ئاتومنىڭ يادروسىدىكى مىليونلىغان ئىنسانلارنى ئۆلتۈرەلەيدىغان، پۈتۈن تەڭپۇڭلۇقلارنى ئاستى - ئۈستى قىلىۋېتەلەيدىغان بۇ غايەت زور كۈچ، ( **Fission** يادرولۇق پارچىلىنىش ) ۋە ( **Fusion** يادرولۇق بىرىكىش ) رېئاكسىيەلىرى دەپ ئاتالغان ئىككى خىل تېخنىكا بىلەن قويۇپ بېرىلىدۇ. **Fission** رېئاكسىيەسى بولسا ئاتوم يادروسىنى ئايرىپ پارچىلاش تېخنىكىسىدۇر، **Fusion** رېئاكسىيەسى بولسا ئىككى يادرونى غايەت زور بىر كۈچ بىلەن بىر يەرگە يىغىپ ئۇلارنى بىرىكتۈرۈش تېخنىكىسىدۇر. بۇ ئىككى خىل رېئاكسىيە ئارقىلىق ئىنتايىن زور ئېنېرگىيە ھاسىل بولىدۇ .

**Fission** دەپ ئاتالغان رېئاكسىيە بولسا، ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىشىدۇر. **Fission** رېئاكسىيەسىدە ئۇران يادروسىغا، ئىنتايىن يۇقىرى سۈرئەتتە نېيترون يوللىنىدۇ. نېيترون، ئۇران يادروسى تەرىپىدىن يۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇران يادروسىدىكى پروتون ۋە نېيترون سانىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، يادرودا بىر تەڭپۇڭسىزلىق مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەھۋالدا يادرو، يۈز بەرگەن بۇ تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئېنېرگىيە چىقىرىپ پارچىلىنىشقا باشلايدۇ. چىققان ئېنېرگىيەنىڭ تەسىرى بىلەن يادرو، ئىنتايىن يۇقىرى بىر سۈرئەت بىلەن ئىچىدىكى زەررىچىلەرنى ئەتراپقا ئېتىشقا باشلايدۇ .

نېيترون، ئۇراننىڭ ماسسىسىدىكى ئاتوملارنىڭ يادرولىرىغا يۇقىرى تېزلىك بىلەن سوقۇلىدۇ ۋە بۇ ماسسىدىكى ئاتوملارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىرسىنىڭ يادروسىنىڭ ئىككىگە پارچىلىنىشى يېتەرلىك بولۇپ، بۇ پارچىلىنىش ئارقىلىق يادرودىكى نېيترونلاردىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ئىككى ياكى ئۈچ تالى يادرودىن قۇتۇلىدۇ ۋە ماسسىنىڭ ئىچىدىكى باشقا ئۇران يادرولىرى بىلەن سوقۇلۇپ بىر زەنجىرسىمان رېئاكسىيە باشلىنىدۇ. ھەر بىر ئايرىلغان يادرودىكى نېيترون دەرھال باشقىلىرىغا سوقۇلىدۇ .شۇنداق قىلىپ زەنجىرسىمان يادرو پارچىلىنىشى يۈز بېرىدۇ. بۇ زەنجىرسىمان ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىدە ئىنتايىن نۇرغۇن ئۇران يادروسى پارچىلانغانلىقى ئۈچۈن يەنى بىر - بىرسىدىن ئايرىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن غايەت زور بىر ئېنىرگىيە ھاسىل بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، يۈزمىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپچى بولغان خىروسىما ۋە ناگاساكى ۋەقەسىگە، مانا بۇ يادرولارنى تۇتۇپ تۇرغان كۈچنىڭ قويۇپ بېرىلىشى سەۋەپچى بولغاندۇر. ئۇنداقتا، يەرشارى، پۈتۈن ئاتموسفېرا، بىز ۋە بارلىق جانلىق - جانسىز شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاتوملاردىن ھاسىل بولغان تۇرۇپ، ئاتوملارنىڭ يۇقىرىدىكىدەك بىر رېئاكسىيەگە كىرىپ قېلىپ، تۇيۇقسىز خالىغان بىر يەردە خىروسىما ياكى ناگاساكىدىكىدەك بىر بالايىئاپەتنىڭ يۈز بېرىشىگە توسالغۇ بولغان نەرسە زادى نىمە؟ تىرناقچىلىك بىر يەرگە تەخمىنەن **100** تىرلىيون ئاتومنىڭ پاتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقساق، پەقەت بىر تال ئاتومدا يۈز بېرىدىغان ئۇشتۇمتۇپ ئۆزگىرىشنىڭ قانداق بىر زەنجىرسىمان رېئاكسىيەگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئۇنداق بولسا پۈتكۈل كائىناتنى بىردەمنىڭ ئىچىدە يوق قىلىۋېتەلەيدىغان بىر يادرو رېئاكسىيەسىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇپ تۇرىۋاتقان نەرسە زادى نىمە؟

نېيترونلار شۇنداق ئالاھىدە يارىتىلغان ئىكەنكى، بىر يادروغا تەۋە بولماي تۇرۇپ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلغان تەغدىردە، دەرھال << **Beta** بۇزۇلۇشى >> دەپ ئاتالغان بىر خىل بۇزۇلۇشقا ئۇچرايدۇ. بۇ خىل بۇزۇلۇشنىڭ سەۋەبىدىن تەبىئەتتە << ئەركىن نېيترون >> ئۇچرىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەرگىزمۇ بىر يادرو رېئاكسىيەسى يۈز بەرمەيدۇ. يادرو رېئاكسىيەسى قوزغىتىش ئۈچۈن لازىم بولغان نېيترونلارغا پەقەت سۈنئىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ .

بۇ قۇسۇرسىز ۋە مۇكەممەل تەرتىپنى ياراتقان، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئۆرنەكسىز ياراتقۇچىسى بولغان جانابى الله ھەممە نەرسىنى >> پۇختا << ياراتقاندۇر. يۇسۇف سۈرىسىنىڭ 100. ئايىتىدە بۇيرۇلغىنىدەك ... >> : پەرۋەردىگارىم خالىغىنىنى ( ئىشقا ئاشۇرۇشقا ) ھەقىقەتەن تەدبىرلىكتۇر، ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر . << .الله ئاتومنى ئىچىدىكى بۇ غايەت زور كۈچ بىلەن بىللە ياراتقاندۇر شۇنداقلا >> پۇختا <<ئۇسۇل ئارقىلىق بۇ كۈچنى كونترول قىلىۋاتقاندۇر .رەببىمىز ئاتومنى، تەبىئىي شەرتلەردە ھەرگىزمۇ بۇزۇلمايدىغان بىر قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغاندۇر. كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇزۇلۇپ، ئۇپراشقا ئۇچرىسىمۇ ئاتوم، ھېچنەرسە بولماستىن ساغلام پېتى قالالايدۇ، يادرو ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئوربىتىلاردا دەرىجىدىن تاشقىرى تېزلىكتە ئايلىنىۋاتقان ئېلېكترونلىرى بىلەن جانابى الله نىڭ >> مۇكەممەل ۋە مۇستەھكەم <<يارىتىشىنى ۋە قۇدرىتىنى بىزگە كۆرسىتىۋاتىدۇ.

***

# ئەقىل ئەقىلنى ئىشلىتىۋاتامدۇ ؟

ئىسلام ئالىملىرى ھەر خىل ئوخشىتىشلار، تەمسىللەر ۋەياكى مۇبالىغىلەر ئارقىلىق ئەقىلنىڭ تۇتقان ئورنىنى تېپىش ئۈچۈن تىرىشقاندۇر. ئىمام جافەر ئەس سادىق، >> پەيغەمبەر ئىنساننىڭ تېشىدىكى ئەقىل، ئەقىل ئىنساننىڭ ئىچىدىكى پەيغەمبەر << دەيدۇ .

بۇ سۆز، توغرا ۋە نىزامى يوسۇندا ھەرىكەت قىلغاندا، يەنى ھەقىقەتەن >> ئەقىل ئەقىل ئىشلەتكەن << چېغىدا ئۆلىشىدىغان ئىلىمنىڭ ۋەھيي بىلەن كەلگەن خەۋەر ۋە ئىلىملەرنى تەستىقلاشتىن باشقىسى ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن سۆزلەنگەندۇر. بەدىئىز - زامان سەئىد نۇرسى ھەزرەتلىرى، ئەقىل - ۋەھيي مۇناسىۋىتىنى >>ئەينەك - كۈن مۇناسىۋىتى << غا ئوخشاتقاندۇر. ئەقىل گويا بىر ئەينەك بولسا ۋەھيي قۇياشتۇر. ئەقىلنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش كۈچى يوق. قۇياشتىن ئالغان نۇرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمما قۇياشتىن ئالغان نۇرنى توغرا ۋە پۈتۈنلەي ئەكس ئەتتۈرەلىشى ئۈچۈن ئەينەكنىڭ پاكىز، پارقىراق، داغسىز بولىشى كېرەك. دات باسقان بىر ئەينەك قۇياشتىن ئالغان نۇرنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ .

ئەقىل ئۆزى يالغۇز يول كۆرسەتكۈچى بولالمايدۇ، ئەقىلنىڭ بىر مەنبەگە ئېھتىياجى بار. ئەقىلنىڭ ئۆزى يالغۇز بىر ئىلىم ۋە ئىلىم بەرگۈچى بولالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئامىل بولسا، ئۇنىڭ نەپسىنىڭ ئارزۇ- ئىستەكلىرى ۋە ھىسسىياتلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىشى، نەپس ئۈچۈن ئارزۇ ۋە ھەۋەسلەرنى ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزۈشى، ھەقسىزلىقنى، گۇناھنى، تالان - تاراجنى، گۇمراھلىقنى ھەقلىق قىلىشىدۇر. بۇ ئەھۋالدا ئەقىل نەپسىنىڭ رەزىل ئارزۇلىرىنىڭ باياناتچىسى، ئادۋوكاتى، ۋەكىلى بولىدۇ. بىز، ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە ھىمايە قىلىنغان، ئارزۇ قىلىنغان ھەممە نەرسىنى ئەقىلنىڭ تەلىپى دەپ قارايمىز. ھەقىقەتتە بولسا بۇلارنى ئەسلى ئارزۇ قىلغان نەرسە نەپستۇر. بۇنداق ئەھۋالدا ھەقىقەتەن **Max Horkhaimer** نىڭ دىگىنىدەك بىر >> ئەقىل تۇتۇلۇشى <<

يۈز بېرىدۇ. بىر قېتىم ئەقىل تۈتۈلۈشى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئەقلنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش، ئۇنى چەمبەرچەس باغلىغان ئاززۇ ۋە ھەۋەسلەر زەنجىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئىنتايىن تەستۇر. زامانىمىزدا، ئەقىل، ئۆزىنى باغلىۋالغان زەنجىرلەردىن قۇتۇلمەن دەپ يېڭى بىر زەنجىرگە باغلىنىپ قېلىۋاتىدۇ .

ئەقىل << بىلەن >> زېرەكلىك << ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق پەرقى بار بولغان بولسا، << نەپسنىڭ ئاززۇلىرى << بىلەن >> ئەقلنىڭ ئېھتىياجلىرى << مۇ بىر - بىرسگە ئوخشمايدۇ. نۇرغۇنلىغان ئىنسانلار بۇ ئىككى سۆزنى ئوخشاش دەپ قارايدۇ >>.زېرەكلىك << بولسا بىر ئىشلارنى قىلالايدىغان قابىلىيەتتۇر، تۇغما بىر سەزگۈرلۈكتۇر >> .زېرەكلىك << بولماستىن ھاياتىمىزغا داۋام قىلالىشىمىز تەستۇر، >> زېرەكلىك << لازىم، ئەمما يېتەرلىك ئەمەس .ئەقىل بولسا، باشقا بىر كۈچنىڭ ياكى مەنبەنىڭ ياردىمى بىلەن نېمىنى، نىمە ئۈچۈن قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى بىزگە ئۆگىتىدىغان، كۆرستىدىغان بىر رەھبەردۇر >> .زېرەكلىك << نى ھەممە نەرسىسى تولۇق بولغان بىر ماشىنىغا ئوخشتالايمىز .مەسىلەن بۇ ماشىنىنىڭ ماتور ۋە باشقا نەرسلىرى ناھايىتى ئىلغاردۇر، سائەتىگە 250 كىلومېتىر ماڭالايدۇ. ئەمما بۇ ماشىنىڭ ئىلغارلىقى ئۆز ئالدىغا ھېچ نېمىنى ئىپادە قىلمايدۇ، ماشىنىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەممىنى توغرا ئىشلىتەلەيدىغان بىر شوپۇرغا ئېھتىياجى بار. ۋە ئەقلنىڭ تۇتقان يېرى بولسا دەل مۇشۇدۇر. شوپۇر ماشىنىنى ئېلىپ ھاڭغا قاراپ ھەيدەپ مېڭىشى مۇمكىن، ياكى يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ ياخشى ۋە پايدىلىق بىر يەرگە قاراپ ھەيدەپ مېڭىشى مۇمكىن. ئەقىل بۇ مەنىدە بىر رەھبەر، بىر شوپۇر. لېكىن يول خەرىتىسىنىڭ ماھىيتى بولسا باشقىدۇر، ۋەھىي بولسا ئۆزىمىزگە خاس مەۋجۇتلۇقىمىز، باشلانغۇچىمىز، مەخستىمىز، ئىلىم ۋە كىملىكىمىز يېزىلغان بىزگە بېرىلگەن بىر يول خەرىتىسىدۇر. ئەقىل بولماي تۇرۇپ بۇ يول خەرىتىسىدىكى نىشانلارغا يېتەلمەيمىز .

زامانىۋى دەۋردە ئىنسانلارنى يۇقىرى دەرىجىدە قابىلىيەتلىك ۋە زېرەك دېيەلەيمىز. ئەمما زامانىۋى ئىنسان ئەقىللىق ئەمەستۇر. ئەقىللىق بولغان بولسا بۇ دۇنيا خاراكتېرلىق ناھەقچىلىكلەر يۈز بەرمىگەن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بۇ دەرىجىدە ۋەيران قىلىنمىغان، قىرغىنچىلىقلار بۇ دەرىجىدە ئوموملاشمىغان بولاتتى .ئەقىل، جانابى اللہ بېغىشلىغان قەلب نۇرىدۇر، اللہ نىڭ نۇرى بىلەن ئەقىل قىلغان بىر قەلب سۆيگۈ، مەرھەمەت، ئىلىم ۋە شەپقەت باغچىسىدۇر.

بۇنداق بىر قەلبنىڭ بەرىكەتلىك باغچىسىدا >> ئەقىل ئىشلەتكەن ئەقىل<< ، دۇنيانى جەننەت باغچىلىرىدىن بىر باغچا قىلالايدۇ. ئىبنى تۇفايىل نىڭ كۆرسەتكىنىدەك، >> ئەقىل پەقەت ھېكمەت بىلەن مەۋجۇدىيەت ئالىمىنى كۆزىتىپ تەپەككۇر قىلغان تەغدىردە، ھەقىقەتنىڭ، ئۆزىنى ھەر خىل شەكىللەردە نامايەن قىلغانلىقىنى، ئەقىلنى يېڭى دەرۋازىلار ئېچىش ئۇچۇن دەۋەت قىلغانلىقىنى چۇشىنىدۇ<< .

بۇ ئەقىل تەبىرى، ماددىي ئالەمدىن، تەبىئەتتىن ۋە تەجرىبىدىن پايدىلىنىشتىن سىرت ئەڭ مۇھىمى ئىككى مۇقەددەس ئىلىم مەنبەسىنى ئاساس قىلىدۇكى، بۇلار بولسا ئىلىمنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر. توغرا ۋە ساغلام بىر تەپەككۇر بۇ مۇقەددەس مەنبەلەرگە ئۇيغۇن بولغان ئۇسۇلغا تايىنىشى كېرەك. بىردىن جىق ۋە نۇرغۇنلىغان ئۇسۇللار بۇلىشى مۇمكىن. بۇ ئۇسۇللار ئىسلام تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان نۇرغۇنلىغان مەزھەپ ۋە تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئاساسىنى تىكلىگەندۇر. ئەگەر تەپەككۇر شەكلى يالغۇز بىر خىللا بولغان بولسا ئىدى، بىردىن جىق ۋە نۇرغۇنلىغان مەزھەپلەر، تەپەككۇر شەكىللىرى ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولاتتى. ئىسلامنىڭ تەپەككۇر ئەنئەنىسىدىكى بىرلەشتۇرگۇچى ئامىل بولسا قۇرئان ۋە سۈننەتتۇر. باشقا دىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلەردە باشقا نەرسىدۇر. بۇ مۇقەددەس مەنبەلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ مەلۇم بىر ئۇسۇلنى قوللانغان تەپەككۇر شەكلىنى ھېكمەت دىسەكمۇ بۇلىدۇ. زامانىۋىلىقنى قالقان قىلغان بارلىق باتىل تەپەككۇر شەكىللىرىنى ھېكمەت بىلەن يېڭەلەيمىز.

# بۇران يېقىنلىشىۋاتىدۇ

قورقۇنۇچلۇق بورانىنىڭ ئالدىدىكى جىمجىتلىق...

دۇنيانىڭ ۋەزىيىتى كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان بۈيۈك، تارىخى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھارپىسىدا تۇرىۋاتىمىز. ئوتتۇرا دېڭىزغا دىققەت قىلىڭلار. شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بۇ ھەربىي جىددىيلىك نىمە ئۈچۈن؟ بىر ئەمەس ئونلىغان لىۋاندا تېنچلىق ساقلاش ئۈچۈن يېتىپ ئاشىدىغان دەرىجىدە جىق ھەربىي كۈچ يىغىلغان ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ئۆتكەندە ئىسرائىلىيە جەڭ ئايروپىلانلىرىنىڭ گىرمانىيە ئۇرۇش كېمىلىرىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن تېخىمۇ مۇھىم ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن. ( بۇ ھۇجۇم خۇددى 1967 - يىلى ئىسرائىلىيە ئايرۇپىلانلىرىنىڭ، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ ئۇرۇش كىمىسى بولغان **USS Liberty** كېمىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ چۆكتۈرىۋەتكەن ۋەقەگە ئوخشايدۇ، ئەجىبا ئىككىنچى **Liberty** ۋەقەسى يۈز بەردىمۇ؟.(

ئامېرىكا ئاۋئاماتكىلىرىدىن باشقا ياۋروپا دۆلەتلىرىمۇ شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزغا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ھەربىي كۈچىنى توپلىدى. 75 ئۇرۇش كېمىسى، جاسۇس ئايرۇپىلانلىرى، ئىككى ئاۋئاماتكا، 15 چوڭ تىپتىكى قوغدىغۇچى پاراخوت، ئونمىڭلىغان ئەسكەر... ۋە بۇ سان كۈندىن - كۈنگە جىقىيىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ يۈزلىگەن ئۇرۇش پاراخوتى شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىز، قىزىل دېڭىز ۋە پارس قولتۇقىنى چەمبەرچەس مۇھاسىرىگە ئالدى.

ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بۇشنىڭ فرانسىيە زۇڭتۇڭى شىراكقا سۆزلىگەن: " ئەگەر ئىسرائىلىيە ئىراننىڭ يادرو بازىلىرىغا ئالدىن ھۇجۇم قىلسا بۇنى توغرا چۈشىنىمەن " دىگەن سۆزى ئىنتايىن دىققەت قىلىنىش كېرەك بولغان سۆزدۇر. بۇنىڭدىن

باشقا يەنە نۇرغۇن مۇھىم ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ.

نەچچە يۈزلىگەن ئامېرىكا ئۇرۇش كېمىلىرى ئوتتۇرا شەرقنىڭ ستراتېگىيەلىك دېڭىزلىرىدا يىغىلىشقا باشلىدى. بۇ تەييارلىققا پاراللېل ھالدا بۇ رايوندا ئىككى مۇھىم ھەربىي مانېۋىر باشلاندى. ھەر ئىككى مانېۋىردىكى مەخسەت بولسا، ئىراننىڭ يادرو بازىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر ھۇجۇمغا تەييارلىق قىلىش ۋە نېفت مەنبەلىرىنى قولغا كىرگۈزۈش. بىر مانېۋىر، ئاۋىئاماتكىلارمۇ قاتناشقان ئەرەپ دېڭىزىدا ئۆتكۈزۈلگەن << **Malabar 06** >> ئىسىملىك ئامېرىكا بىلەن ھىندىستان بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن مانېۋىر. بۇ مانېۋىرغا قاتناشقان ئۇرۇش كېمىلىرى مانېۋىردىن كېيىن پارىس قولتۇقىغا بېرىپ، ئىران دېڭىز چېگرىسىغا يېقىن بىر يەردە ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مانېۋىرىغا قوشۇلىدۇ. بۇ مانېۋىرغا قاتناشقان ئەسكەرلەرنىڭ مۇھىم قىسمى، نەچچە ئايدىن بېرى نېفت ۋە تەبىئي گاز مەنبەلىرىنى ئىگەللەش مەشقى قىلىۋاتىدۇ.

مانېۋىرنىڭ يەنە بىر مەخستى بولسا، بۇ رايونغا يادرو خام ئەشيالىرىنىڭ كىرىشىنى توسۇش. بۇ مانېۋىرنى: " ئەل ـ قائىدە تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا سەئۇدى ئەرەبستان ۋە پارىس قولتۇقىدا ئېلىپ بارماقچى بولغان بىر تېرورچىلىق ھەرىكىتىگە ئېلىپ بېرىۋاتىمىز << دەپ ئېلان قىلىسمۇ ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئىراننى نىشانغا ئالغان بىر مانېۋىر. مانېۋىرغا قاتناشمىغان سەئۇدى ئەرەبستان پۈتۈن ھەربىي كۈچىنى تۆيۈقسىز جىددى ھالەتكە ئۆتۈشكە بۇيرۇق قىلدى. دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ نېفت مەنبەلىرى جايلاشقان بۇ رايوندا ئىنتايىن جىددى ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتىدۇ. ھەتتا قىزىل دېڭىزمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى.

ئامېرىكىنىڭ يادرولۇق ئاۋىئاماتكىسى **USS Eisenhower** مۇ 31 ـ ئۆكتەبىر كۈنى سۇۋەيىش قانىلىدىن ئۆتۈپ قىزىل دېڭىزغا كىردى ۋە سەئۇدى ئەرەبستاننىڭ قىرغاقلىرىدا ساقلاۋاتقان يەنە بىر ئاۋىئاماتكا بىلەن ئۇچراشتى. ۋە ئەڭ مۇھىمى بىر تەرەپتىن بۇ ئىشلار سۈرىۋاتىدۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئامېرىكا مىللىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى**John Negroponte** ، مىسىر، ئەرەبستان ۋە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمەتلىرى بىلەن كۆرۈشۈشىشىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ.

شەرقىي ئوتتۇرا دېڭىزدىكى، قىزىل دېڭىزدىكى ۋە پارىس قولتۇقىدىكى بۇ تۈيۈقسىز ھەربىي جىددىيلىك ھەرگىزمۇ بىر ياخشىلىقنىڭ ئىشارىتى ئەمەس. دۇنياغا كۆرسىتىلگەن تېرورچىلىق يۈز بېرىش ئېھتىمالى، نېفىت يوللىرىنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە لىۋاندا تىنچلىق ساقلاش قاتارلىق مەخسەتلەر ، بۇ غايەت زور ئەسكىرىي توپلىنىشنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ. چۈنكى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ ئەسكىرىي يىغىلىش سەۋەپ كۆرسىتىلگەن بۇ ئىشلار ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە جىق. قورقۇنۇچلۇق بىر ھەربىي كۈچ ئۇ يەرگە يىغىلىۋاتىدۇ. ئىراق ۋە ئافغانىستاندا كۈندىن ـ كۈنگە شىددەتلىنىۋاتقان ئۇرۇشمۇ بۇنىڭ سەۋەبى بولالمايدۇ .بۇ دەرىجىدە جىق بولغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق سۇ مىناسى تازلاش كېمىلىرىنىڭ ئىراق ۋە ئافغانىستان بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟؟

**USS Enterprise, USS Iwo Jima, USS Nashville, USS Whidbey Island, USS Saipan** ۋە تېخىمۇ جىق ئۇرۇش كېمىلىرىگە باغلىق بولغان ئەسكىرىي قىسىملار پارىس قولتۇقىدا **USS Boxer, USS** . **Dubuque, USS Comstock** قاتارلىق كېمىلەرگە باغلىق بولغان قىسىملار ھىندى ئوكياندا **USS** . **Dwight D. Eisenhower** غا باغلىق بولغان قىسىملار قىزىل دېڭىزدا. مۇشۇ ئاۋئاماتكىلارنىڭ ھەممىسى بىن لادىننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈنمۇ؟ بۇ باھانىگە ئىنسانلار ....چىلاپ كۈلىدۇ...

بۇ جىددىيلىكلەر ئىراننىمۇ ھەرىكەتكە ئۆتكۈزدى. ئىران، ئامېرىكا ۋە ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى چارشەنبە كۈنى تۈيۈقسىز كەڭ كۆلەملىك بىر ھەربىي مانېۋىر ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈردى >> .ئۇلۇغ پەيغەمبەر << ئىسىملىك پارىس قولتۇقى ۋە ئوممان دېڭىزىدا ئۆتكۈزىلىدىغان بۇ مانېۋىر ئون داۋام قىلىدۇ .ئىران ئىككىنچى بىر >>سوۋغا << نى تەييارلاشنى ئۇنۇتمىدى. ئامېرىكىنىڭ مانېۋىرى باشلانغان كۈنى يادرولۇق ئوق ئۈچى توشۇيالايدىغان يېڭى نەسل راكېتانى سىناق قىلدى. شاھاپ ـ 3 ناملىق بۇ باشقۇرۇلىدىغان بومبا **2000** كىلومېتىرلىق مۇساپىغا ئىگە بولۇپ، ئىسرائىلىيە،ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ھەربىي نىشانلىرىغا زەربە بېرەلەيدۇ.

دۇنيا نېفت ترانسپورتىنىڭ 20% توشۇلىدىغان پارىس قولتۇقىدا تۇيۇقسىز ئۇلاپ باقمىغان بىر ھادىسىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بەك كۈچلۈك. شەرقىي ئوتتۇرا يەر دېڭىزى، قىزىل دېڭىز ۋە پارىس قولتۇقىدا ئۆلغىيىپ پارتىلاش ئۇقتىسىغا كەلگەن بۇ ئېنىرگىيە ھامىنى پارتىلايدۇ. ھەر خىل ھەيران قالارلىق ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن .

ۋيتنام ئۇرۇشى، 1964 - يىلى ئامېرىكىنىڭ توكىن قولتۇقىدىكى بىر ھۇجۇم كېمىسىنىڭ ۋيتنام تەرىپىدىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى باھانە قىلىش بىلەن باشلاندى، شۇنداق قىلىپ ئامېرىكا ۋيتنامغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ ئۆزى بۇنداق بىر ھۇجۇمنىڭ بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى، بۇ پەقەتلا ئۇرۇشنى باشلىتىشنىڭ بىر باھانىسى ئىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ يالغانچىلىق مىليونلىغان ۋيتنام خەلقىنىڭ ئۆلىشىگە ۋە ئونمىڭلىغان ئامېرىكا ياشلىرىنىڭ ئۆلىشى بىلەن نەتىجىلەندى. ھازىر بولسا پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى پارىس قولتۇقىدا. ئىران ۋە ئامېرىكا مانېۋىرغا تەڭ باشلىدى. بۇ يەردە يەنە ئەينى ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش بىر يالغانچىلىق يۈز بېرەرمۇ؟ بىر >> قەستەن بولمىغان كۈتۈلمىگەن ھادىسە << يۈز بېرەرمۇ. ياكى باشقا بىر دۆلەت بەلكىم ئىسرائىلىيە خۇددى 1967 - يىلدىكى Liberty ۋەقەسىگە ئوخشاش ياكى 11 - سېنتەبىرگە ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ ھەربىي نىشانلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ جىنايەتنى ئىراننىڭ ئۈستىگە ئارتامۇ؟ !ھۇشيار كۆزلەر، ئىسرائىلىيەگە دىققەت! ئەگەر بىر كۈنى ئەتتىگىنى قوپۇپ خەۋەرلەردە ئامېرىكا ياكى ئەنگىلىيەنىڭ بىرەر كېمىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ۋە ئامېرىكىنىڭ بۇنى دەرھال ئىراندىن كۆرۈپ ئۇرۇش ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرسەك ھېچ ئەجەپلەنمىسەكمۇ بولىدۇ !

ھېچكىم بولار يۈز بەرمەيدۇ دېيەلمەيدۇ! كۈچنى ئاساس قىلغان سىياسەتلەر، خەۋپسىزلىك ستراتېگىيەلىرى، ئەسەبىيلىك ۋە دۆتلۈك بۇ دەرىجىدە ئەۋج ئالغان بىر ۋەزىيەتتە بولار يۈز بەرمەيدۇ دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ. .زۆڭتۈك بۇشىنىڭ : " ئەگەر ئىسرائىلىيە ئىراننىڭ يادرو بازىلىرىغا ئالدىن ھۇجۇم قىلسا بۇنى توغرا چۈشىنىمەن " دېگەن سۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئويلىنىپ باقايلى...

تېرورچىلىققا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يەر شارىلاشقان ئۇرۇشنىڭ شەرقىي سېپىدە يەنى خوشنىمىز بولغان پاكىستان ۋە ئافغانىستاندا ۋەزىيەت قايسى دەرىجىگە كەلدى؟ بولۇپمۇ ئافغانىستاندا قايتىدىن كۈچلىنىۋاتقان تالىبان كۈچلىرى ۋە كۈندىن - كۈنگە ئۆلغىيىۋاتقان ئۇرۇش، NATOنىڭ ( شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ( ئافغانىستانغا

يېڭى ياردەمچى قوشۇنلار يۆتكەپ كېلىشى نىمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟...

- 10ئاينىڭ 29 - كۈنى پاكىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى باجۇر رايونىدا ئەل - قائىدەنىڭ بازىسى دەپ قارالغان بىر مەدىرىس ھاۋادىن بومباردىمان قىلىندى. 80 بالا ئۆلدى ۋە نۇرغۇنلىغان كىشى يارىدار بولدى. ئەمما ئەتىسى كۈنى ئىنىقلاندىكى بۇ ئەسلى بىر مەكتەپ ئىدى .

ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇقتۇرىشىچە بۇ يەر ئەل - قائىدەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر كاتتىبىشى بولغان بازا ئىدى. پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭمۇ ئۇقتۇرىشى ئوخشاش ئىدى. ھۇجۇمدىن كېيىن ھەر ئىككى دۆلەت مۇشۇنداق دەپ ئېلان قىلدى. پاكىستان ئارمىيەسىگە تەۋە بولغان تىك ئۇچارلار ئەل - قائىدە بازىسىنى بومباردىمان قىلغان ئىدى. ئەمما بۇ ۋەقەنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنىڭ ھەرگىزمۇ بۇلارنىڭ ئېلان قىلغىنىدەك ئەمەس ئىكەنلىكى ئىنتايىن تېز ئوتتۇرىغا چىقتى .

پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ دېيىشىچە بۇ يەرنى پاكىستان ئارمىيەسىنىڭ تىك ئۇچارلىرى بومباردىمان قىلغان ئىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دېيىشىچە ئامېرىكىنىڭ ئادەمسىز ئايرۇپىلانلىرى تەرىپىدىن بومباردىمان قىلىنغان ئىدى. يەنە باشقا مەنبەلەردە بولسا، ئامېرىكا ئارمىيەسى تەمىنلىگەن ئاخباراتلار ۋە كوئوردىناتلارغا ئاساسەن پاكىستان ئارمىيەسى بومباردىمان قىلغان ئىدى .

ئەمما ئىككى كۈندىن كېيىن يەنى 10- ئاينىڭ 31 -كۈنى مەكتەپنى ئەسلىدە NATO نىڭ بومباردىمان قىلغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ بولسا بۇ جىنايەتنىNATO ، ئامېرىكا ۋە پاكىستان ئۈچىنىڭ بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئامېرىكا ۋە پاكىستان ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن ئىمزالانغان ئورتاق ئەسكىرىي ھەرىكەت كېلىشىمى، ئۆتكەن ئاي NATO بىلەن پاكىستان ئوتتۇرىسىدىمۇ ئىمزالانغان ئىدى. بۇ كېلىشىم بويىچە NATOقىسىملىرى، ئافغانىستاندىن پاكىستانغا ئۆتۈپ پاكىستان چېگرىسىنىڭ ئىچىدە ھەر خىل ھەربىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن ئىدى. باجۇر رايونىغا قىلىنغان ھۇجۇم دەل بۇ كېلىشىم بويىچە

ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ 80 ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆلىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن بۇ قارغۇلارچە ھۇجۇمغا ھەم پاكىستان ھەم ئامېرىكا ھەم NATO شېرىك بولدى.

ئىشنىڭ غەلىتە يېرى شۇكى، ھۇجۇمدىن ئىككى كۈن بۇرۇن بۇ رايوندا مىڭلىغان خەلق كوچىغا چىقىپ پاكىستان ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا ۋە NATO غا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن ئىدى. چۈنكى ئافغانىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەربىي ھەرىكەتلەردە يېقىندىن بۇيان ئىنتايىن نۇرغۇن بىگۇناھ پۇقرالار ئۆلگەن ئىدى. شىمالىي ئىتتىپاق ( NATO )ۋە ئامېرىكا ئايروپىلانلىرىنىڭ بومبىسى ئەڭ جىق پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە چۈشىۋاتاتتى .

ئىشنىڭ تېخىمۇ غەلىتە تەرىپى، پاكىستان ھۆكۈمىتى بىلەن بۇ رايوندىكى تالىبان رەھبەرلىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىۋاتقان تىنچلىق يىغىنى دەل بۇ رايوندا، باجۇر رايوندا ئىدى. ۋەقەدىن ئىككى كۈن بۇرۇن باشلانغان تىنچلىق يىغىنى ئىمزا قويۇش باسقۇچىغا كەلگەن ئىدى. ئەمدى دىققەت قىلىڭلار! ئىمزا قويۇش مۇراسىمى، ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى دەل بومباردىمان قىلىنغان مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلەتتى. 80 بالا ئۆلگەن بۇ ھۇجۇمدا، ئۇرۇش توختىتىش ئۈچۈن ئىمزا قويماقچى بولغان تالىبان رەھبىرىمۇ ئۆلەتتى...!

بۇلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىي بىر توغرا كېلىپ قېلىشمۇ؟ تىنچلىق ئۈچۈن بېسىلغان بىر قەدەم يەنە بىر قېتىم >>بومباردىمان << قىلىندى، ئەمدى بۇ مالىمانچىلىقنىڭ ئىچىدىن قانداق چىقىش كېرەك؟

باجۇر، دىنى ئىتىقاد ئەڭ كۈچلۈك بولغان يەرلەرنىڭ بىرسى. 2001 ـ يىلىدا ئامېرىكا ئافغانىستانغا ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا ئامېرىكا بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن بۇ يەردىن 10 مىڭ كىشى ئافغانىستانغا كەتكەن ئىدى. پاكىستان ئارمىيەسى باشقۇرالمىغان ۋەزىرىستان رايونى تالىبانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك بولغان يېرى. باجۇرمۇ شۇنداق. بۇ رايونلار بولسا يېقىندىن بۇيان NATO ئارمىيەسى بىلەن قاتتىق جەڭ بولىۋاتقان قۇنار رايونىغا بارىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە .

ئافغانىستاندا ئامېرىكا ۋە NATO غا قارشى كۈرەش كۈنسېرى كۈچلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئەمدى تېخىمۇ ئۆلغۈيۈپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا رايونلىرىغا چاچرايدۇ. بىر ۋاقىتلاردا ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلانغان تۇپراقلار، ئەمدى باشقا كۈچلەرنىڭ ئامېرىكىنى >> ئوۋلايدىغان << يېرى ھالىغا كېلىۋاتىدۇ. پاكىستان زۆكتۇكى مۇشەررەفنىڭ ۋەزىرىستان رايونىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى، پاكىستاننىڭ بۆلۈنۈشىگىچە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن. پاكىستان ئارمىيەسىدىكى پەنجاپلار بىلەن پۇشتۇلار ۋە بېلۇجلار ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى سېتراتېگىيەسىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەم پاكىستاننى بۆلۈشى ھەم ئەل - قائىدەنىڭ بىر دۆلەت قۇرۇشىغىچە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن. پەقەتلا ئىراق ئەمەس، لىۋان، سۈرىيە، ئىران ۋە تۈركىيەمۇ بۆلۈنۈشنىڭ تەھدىتى بىلەن يۈزمۇ - يۈز قالدى. بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن، تۈركىيە ئامېرىكىنىڭ سادىق ئىتتىپاقداشلىرىدىن بىرسىغۇ، نىمە ئۈچۈن تۈركىيەنى بۆلۈشكە ئۇرۇنسۇن؟ ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇشقا ئىشەنگەنلەر كۆزنى يوغان ئېچىپ ئامېرىكىنىڭ يەنە بىر سادىق ئىتتىپاقدىشى پاكىستانغا قارىشى كېرەك. ئامېرىكىنىڭ ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىنى نىمگە مەھكۇم قىلغانلىقىغا دىققەت قىلىشى كېرەك.

مەسىلەن، ئىران بىلەن بولىدىغان بىر ئۇرۇشنىڭ ۋە ئىراننى بۆلۈش سىتراتېگىيەسىنىڭ ئەڭ ئېغىر بەدىلىنى ئىككى دۆلەت تۆلەيدۇ. تۈركىيە ۋە پاكىستان !ئىران ئۇرۇشى بىلەن بېلۇجىستاننى قولدىن چىقىرىشقا مەجبۇر قالىدىغان پاكىستان، ئافغانىستاندىكى يېڭى ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ بەلكىم ۋەزىرىستاننىمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. تۈركىيەنىڭ بولسا يەنە قۇتۇلۇش پۇرستى بار. ئەگەر تۈركىيەنىڭ ھازىرقى ھۆكۈمىتى كېلەر يىلدىكى سايلامدا يەنە غەلىبە قىلالىسا، ھازىرقى تۈركىيە زۆكلىسى ئەردوغان ئەگەر كېلەر يىلى تۈركىيە زۆكتۇكى بولالىسا تۈركىيەنىڭ قۇتۇلۇش پۇرستى بار ھەمدە ئەڭ مۇھىمى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى ھەربىي كۈچىنى تەكپۇكلاشتۇرالايدىغان بىردىن - بىر دۆلەت بولسا تۈركىيە. ئەمما تۈركىيەدە كىلەر يىلى سولچىلار سايلامدا غەلىبە قىلىپ قالسا بۇ، تۈركىيە ئۈچۈن بالايىئاپەتنىڭ باشلىنىشى دىمەكتۇر .

باجۇر ۋەقەسى مۇشەررەفنىڭ سىياسىي ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششىنىڭ باشلانغۇچى. ئەمدى ئافغانىستاندا ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئۇرۇشنىڭ پاتقىقىغا پاتقان NATO نىڭ ئېغىر ياربدار بولىدىغان كۈنلىرى باشلاندى. ئاساسلىقى

خەلققە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ ئۇرۇش ۋە قايتا ـ قايتا يۈز بېرىۋاتقان خاتالىقلار يەنە مۇشۇنداق داۋام قىلسا، تالىبان ئىسلاملىق بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ مۇقەررەردۇر، ئەل ـ قائىدە ئىسلاملىق بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ مۇقەررەردۇر. چۈنكى بۇ ئىككى تەشكىلات، يەر شارىلاشقان ئۇرۇشنىڭ ۋە يېڭى قۇتۇپلاشمىلارنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىككى ئامىلىغا ئايلاندى .

ئۇنداقتا رۇسىيە ۋە جۇڭگو؟ شۇنى ئىنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك، چوڭ دۆلەتلەر ھەرگىزمۇ پەرەز قىلىنغىنىدەك بىر ـ بىرسى بىلەن ئوموميۈزلۈك بىر ئۇرۇشقا كىرمەيدۇ. بۇلار، ئارىسىدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنى >> تۆمۈر پەردىلەر << نىڭ ئارقىسىدا دوستانە بىر كەيپىياتتا ھەل قىلىدۇ. بىر ـ بىرسىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا يېڭى خەرىتىلەرنى بىللە سىزىدۇ...

ئاتىلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ماۋۇ ھېكمەتلىك سۆزگە ئوخشاش:

گۆش بىلەن ياغ بىر تۇققان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن...

***

# بۇ خەۋەر نىمشقا يۇشۇرۇلدى

10ـئۆكتەبىر سەيشەنبە كۈنى سائەت 00:30. باغداتتىكى يېشىل رايوننىڭ 13 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان ئامېرىكىنىڭ ئىراقتىكى ئەڭ چوڭ ھەربىي بازىلىرىدىن بىرسى بولغان **Falcon** بازىسى مۇجاھىتلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. باشتا راكېتالار، ئارقىسىدىن **Grad** ۋە كاتيۇشا بومبىلىرى ھەممە تەرەپتىن بازىغا قاراپ يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. **Falcon** ھەربىي بازىسى، ئامېرىكىنىڭ ئىراقتىكى ئەڭ چوڭ قۇرال - ياراق ئامبارلىرىدىن بىرسى، شۇنداقلا 4ـ پىيادىلەر دىۋىزىيەسىنىڭ باش شتابى بولۇپ، ئەڭ ئاز 3000 كىشى جايلاشقان بىر ئەسكىرىي بازا. 2 بىلەن 5 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قېلىن تاملار بىلەن قاپلانغان بۇ بازا، >> قانغا بويالغان پۇللار بىلەن سەمرىگەن << ئەسكىرىي شىركەتلەر تەرىپىدىن ئىنتايىن ئىنچىكىلىك بىلەن سېلىنغان، ئىنتايىن قاتتىق قوغدىلىدىغان بىر رايونغا جايلاشقان .

بۇ راكېتا ھۇجۇمىدىن كېيىن بازىدا چوڭ پارتىلاشلار يۈز بېرىشكە باشلىدى. باغداتنىڭ ھەممە يېرىگە ئاڭلانغان بۇ پارتىلاشلار كېچە ئاسمىنىنى خۇددى ئامېرىكا بومباردىمانىغا ئوخشاش ئايدىڭلىتىۋەتتى. خەۋەر مەنبەلىرى ئۇ كېچە باغداتتا 30 چوڭ پارتىلاش بولغانلىقىنى ئاڭلاتقان ئىدى. ئەسلىدە بۇلار پۈتۈنلەي ئۇ بازىدىن كەلگەن ئاۋازلار ئىدى. 4 سائەت داۋام قىلغان پارتىلاشلار نەتىجىسىدە پۈتۈن بازىنى قاپلىغان ئوت چارشەنبە كۈنى چۈشتە ئاران تىزگىنلەندى .

ئامېرىكا ئەسكەرلىرىدىن باشقا، ئىراق ئەسكەرلىرى، **CIA** جاسۇسلىرى، تەرجىمانلار ۋە باشقا ھۆكۈمەت خادىملىرى بولغان بۇ بازا، بۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ مۇھىم قۇرال - ياراق ئامبىرى بولۇپ، پەقەت بۇ قۇرال - ياراقلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى 100 دىن جىق ئىدى. ئۇ كۈندىن بېرى ئەسكىرىي ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن مۇھىم ۋەزىپىسى بولغان بۇ رايوندا قاتتىق ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىندى.

بۇ ھۇجۇمدىن كېيىن ئامېرىكا ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى ۋە تىك ئۇچارلار باغداتنىڭ بەزى يەرلىرىنى بومباردىمان قىلدى .ئەمما كېچىككەن بولۇپ، مۇجاھىتلار مەخسىتىگە يەتكەن ئىدى. ھەربىي بازا ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلىنغان بولۇپ، قۇرال ـ ياراق ئامبارلىرىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك يوق قىلىنغان، تانكىلار، بومبىلار، برونىۋىكلار، توننىلغان يېقىلغۇلار، ئالتە ئاپاچى تىك ئۇچار ئايروپىلان ۋە نۇرغۇنلىغان Humwee تىپلىق ئەسكىرىي ماشىنىلار يوق قىلىنغان ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ قارارگاھلىرى، ۋاسكېتبول مەيدانلىرى، كۆڭۈل ـ ئېچىش زاللىرى ۋە شتاب بىنالىرى كۆيۈپ كەتتى. باغدات ھۆكۈمىتى، زىياننىڭ ئەڭ ئاز بىر ملىيارت دوللار بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى .

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى رەسمىي ئۇقتۇرىشىدا بىرمۇ ئادەم يارىدار بولمىدى دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما پارتلاپ ۋەيران بولغان تانكىلار ئىراقتىكى باشقا بازىلارغا يۆتكىلىۋاتقان ۋاقتتا، قىزىل ھىلال ئاي بايراقلىق ئەسكىرىي توشۇش ماشىنىلىرى دوختۇرخانىلارغا جەسەت ۋە يارىدارلارنى توشۇۋاتقان ئىدى. پەقەت بىرىنچى كۈنى ئۆلگەنلەرنىڭ 300 ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بۇنداق چوڭ بىر ھەربىي بازا، بۇنداق چوڭ بىر ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، قۇرال ـ ياراق ئامبارلىرىنىڭ پارتىلىشى نەتىجىسىدە تانكىلار، ماشىنىلار، ئايروپىلانلار ۋە بىنالار كۆيۈپ كۈلگە ئايلانسا، ئوت ئىككىنچى كۈنى چۈشتە ئاران تىزگىنلەنسە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ دېگىنىدەك بىر كىشىنىڭمۇ بۇرنىنىڭ قانىمىغانلىقى ئەقىلگە سىغارمۇ؟ ...

ـ 11ئۆكتەبىر ئەتىسىگىنى ئۆلۈك ۋە يارىدارلارنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا ماڭغان 9 ترانسپورت ماشىنىسى مۇخپىلارنىڭ كۆزىدىن قاچمىدى .دوختۇرخانىنىڭ تىزىملىكىدە، ئامېرىكا ئەسكەرلىرى، ئىراق ئەسكەرلىرى، CIAجاسۇسلىرى ۋە تەرجىمانلاردىن بولۇپ ئۆلگەن 300 كىشىنىڭ تىزىملىكى بار. ئېغىر يارىدارلار توشۇلغان باغداتنىڭ 70 كىلومېتىر غەربىدىكى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە قۇرۇلغان خاببانىيە دوختۇرخانىسى بولسا قانچە يارىدار ۋە ئۆلۈك بار ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچنەرسە دېمىدى .

ھازىر بۇ بازا ئىشلەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىر ۋەيران ھالەتتە. يارىدارلار خاببانىيە ۋە باشقا دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىۋاتىدۇ. ئامېرىكا بولسا بار كۈچى بىلەن بۇلارنى يوشۇرۇشقا تىرىشىۋاتىدۇ .ئىراق

ئارمىيەسىدىن گېنىرال بىلال ئەخمەت ئەل ئىتاۋى، قۇرال - ياراق ئامبارلىرىدىن باشقا بارلىق بىنالارنىڭ ۋە ئارخىپلارنىڭ كۆيۈپ كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. ۋە ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دەيدۇ:

- ئەڭ چوڭ ئەندىشە بولسا، ئامېرىكا ئارمىيەسىنىڭ بۇ بازىدا، فەللۇجە ئۇرۇشىدا ( قىرغىنچىلىقىدا ) ئىشلەتكەن تۆۋەن مىقتارلىق يادرولۇق ۋە خىمىيەلىك قۇراللار ئامبىرى بار. بۇنىڭ تەسىرىدە باغداتتا مىڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆلىشىدىن قورقۇۋاتىمىز .

مۇجاھىتلار تۇنجى قېتىم بۇنداق زور بىر ھۇجۇمنى ئېلىپ باردى ۋە ئىنتايىن غەلىبىلىك بولدى. بۇ ۋەقە، ئەمدى ئامېرىكا بازىلىرىنىڭمۇ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى، ھەر ۋاقىت تويۇقسىز بىر ھۇجۇمغا ئۇچراش ئېھتىماللىقىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ۋە بۇندىن كېيىن مۇجاھىتلارنىڭ بۇنداق ھۇجۇملارنى تېخىمۇ جىق ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئىراقنىڭ ئۇچقە بۆلۈنۈشى، سايلاملار، جورج بۇشنىڭ ئىراقتىكى ۋەزىيەتنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشى، پارس قولتۇقىغا يىغىلغان ئامېرىكا ئاۋىئاماتكىلىرى، ئىران ھۇجۇمىنىڭ ئاخىرقى تەييارلىقى بولغان بەھرەيىن يېقىنلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي مانېۋىر، يېڭى ئىراق سىياسىتىنى بەلگىلەشنىڭ جىددىيلىكى سۈرىۋاتقان بىر پەيتتە بۇ ۋەقە گېزىت ۋە تېلېۋىزورلاردا كىچىك بىر خەۋەر سۈپىتىدە چىقتى ۋە يوقاپ كەتتى. نېمىشقا ۋە قانداقسىگە؟...........

)ئۆتكەندىكى بىر ماقالەمدە ئىسرائىلىيەنىڭ لىۋاندا خىمىيەلىك قۇراللار ۋە چاچما بومبىلار ئىشلەتكەنلىكىنى يازغان ئىدىم. ئۆتكەن ھەپتە ئىسرائىلىيە پارلامېنتى لىۋاندا خىمىيەلىك قۇرال ئىشلەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى(

# ھەزرىتى مەھدىنىڭ چىقىشى توغرۇلۇق بىر ھەدىس

ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رادىئاللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولىدىغانلىقىنى سەزگەن چېغىدا ئەتراپىدىكىلەرگە مۇنداق دىدى :

ـ پەيغەمبىرىمىزدىن ( سەللاللاھۇ ئالەيھى ۋەسسەللەم ) ئۇگەنگەن ئاخىرقى زاماندا يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خەۋەرلەرنى سىلەرگە سۆزلەيمۇ؟. ئەتراپىدىكىلەر >> : بولىدۇ بىزگە خەۋەر قىلغىن. بۇ توغرۇلۇق بىر چەكلىمە يوق، الله سىنى خەيىر بىلەن مۇكاپاتلىسۇن << .دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھۇرەيرە سۆزىنى داۋام قىلغاچ مۇنداق دېدى:

ـ ھىجرەتتىن **1300** يىل كېيىنكى ئاقىدلاردىن بىر نەچچە ئاقىد سانىغىن ) ئاقىد ـ ئون يىل ). ئۇ ۋاقىت رۇملارنىڭ مالىكى پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھۇ ـ تائالا ئۇ ئادەم ئۇچۈن ئۇرۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. ئارىدىن ئانچە جىق ۋاقىت ئۆتمەيدۇ، ئىككى ئاقىدتىن كېيىن >> جېرمان << دىگەن بىر يەردىن ئىسمى مۇشۇك ئىسمى بولغان بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە پۈتۈن دۇنياغا مالىك بولۇشنى خالايدۇ. ( مالىك ـ ھۆكۈمران ). ۋە ھەم سوغۇق دۆلەتلەردە ھەم ئىسسىق دۆلەتلەردە پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. شىددەتلىك ئۇرۇش ئوتلىرى قاپلىغان يىللاردىن كېيىن الله نىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە رۇشنىڭ ياكى رۇسنىڭ سىرى ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ .

ھىجرەتتىن **1300** يىل كېيىنكى ئاقىدلاردىن بەش ياكى ئالتە ياكى يەتتە ۋەياكى سەككىز ئاقىد سانىغىن. ئۇ ۋاقىتتا مىسىرغا >> ناسىر << دىگەن بىر ئادەم ھۆكۈمران بولىدۇ. ئەرەپلەر ئۇنى جەسۇر ئەرەپ دەپ ئاتايدۇ .الله ئۇنى بىر ئۇرۇشتا ۋە كېيىن يەنە بىر ئۇرۇش، يەنى ئىككى ئۇرۇش بىلەن خور قىلىدۇ. ئۇ ناسىر مەنسۇر بولالمايدۇ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىنمايدۇ. ۋە ئاللاھۇ ـ تائالا ئايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدا مىسىرغا ھەقىقى نۇسرەت ئىرادە قىلىدۇكى بۇ نۇسرەت ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله، مىسىر خەلقىنى ۋە ئەرەپ مىللىتىنى، دادىسى ئۆزىدىن تېخىمۇ ئەنۋەر بولغان

>>ئەسمەر سادا << بىلەن رازى قىلىپ ئۇنى، ئۇلارغا رەئىس قىلىدۇ، ئەمما بۇ ئادەم مەسجىدى ـ ئەقسانىڭ ئوغرىلىرى بىلەن ) يەھۇدىلار بىلەن ) سۈلھى قىلىدۇ. كېيىن شام دىيارى بولغان ئىراقتا رەھىمسىز بىر ئادەم كېلىدۇ، ئۇ ئادەم سۇفيانىلارنىڭ بىرسىدۇر ( سۇفيانى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان دەججال ) ۋە ئۇنىڭ بىر كۆزىدە ئازراق چاتاق بار. ئۇنىڭ ئىسمى >> سادىدام << دۇر. ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققانلارغا قارىتا سادىدامدۇر. ( يەنى قاتتىق قولدۇر ). پۈتۈن دۇنيا >> كىچىك كۈتتە<< ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغىلىدۇ ۋە سادىداممۇ كۈۋەيتكە بۆرۈن ئالدىنىپ كىرگەن ئىدى. بۇ سۇفياندە بىر خەيىر يوقتۇر .ئەگەر ئىسلامغا قايتسا ئۇ چاغدا خەيىرلىك بولىدۇ. ئۇ ھەم خەيىردۇر ھەم يامانلىقتۇر .

ھىجرەتتىن **1400** يىل كېيىنكى ئاقىدلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ ئاقىد سانىغىن. ئۇ ۋاقىتتا مەھدى چىقىدۇ ۋە پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. ئازغۇنلۇقتا پاتقانلار ۋە الله نىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار ۋە مۇناپىقلار، ئىسرا ۋە مىراج شەھىرى بولغان قۇددۇستىكى ( ئېرۇسالىمدىكى >> ( مەجىددۇن تاغلىرىدا << ئۇنىڭغا قارشى يىغىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن ھىلە ـ مىكرلەرنىڭ مەلىكىسىمۇ مەھدىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى زانىيەدۇر ( يەنى ئامېرىكا ). بۇ مەلىكە ئۇ كۈنى پۈتۈن دۇنيانى ئازغۇنلۇقتا ۋە كۇپۇرغا دەۋەت قىلىدۇ. يەھۇدىلارمۇ ئۇ كۈنى دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى تەبىقىسىدە بولىدۇ، پۈتۈن قۇددۇسقا ۋە مۇقەددەس شەھەرگە ھۆكۈمران بولىدۇ .پۈتۈن دۇنيا دېڭىزدىن ۋە ھاۋادىن مەھدىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. لېكىن ئىنتايىن سوغۇق ۋە ئىنتايىن ئىسسىق دۆلەتلەر مۇستەسنا. مەھدى پۈتۈن دۇنيانىڭ رەزىل ھىلە ۋە پىلانلار بىلەن ئۆزىگە قارشى بىر ئىتتىپاق قۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. لېكىن بىلىدۇكى، الله نىڭ تەدبىرى تېخىمۇ شىددەتلىكتۇر ۋە الله ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھىلىلىرىنى نەتىجىسىز قىلىدۇ .ۋە پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ مۈلكىدۇر ۋە ئۇنىڭغا قايتىدۇ ۋە قايتىدىغان يېرىمىز پەقەتلا ئۇنىڭ يېرىدۇر.... الله مەھدىگە نۇسرەت ( ئاتا قىلىش ئۈچۈن ) ئەڭ شىددەتلىك بىر زەربە بىلەن ئۇلارنى ( دۈشمەنلەرنى ) ئۇرىدۇ ۋە يەرنى، دېڭىزنى ۋە ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ( غەزەپ قىلغۇزىدۇ ). ۋە ئاسمان ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دەھشەتلىك يامغۇرنى ياغدۇرىدۇ. ئۇ كۈنى پۈتۈن زېمىن خەلقى كاپىرغا لەنەت قىلىدۇ. الله پۈتۈن كاپىلارنىڭ زاۋاللىققا يېتىشىنى ( مەغلۇپ بولىشىنى ) ئىرادە قىلىدۇ .

)ئەسمە ـ مەسالىك لىيەييام ـ ئىل مەھدى ـ ئىل مالىكى لى كۇل ـ ئىد دۇنيا بىئەمرىللاھ ـ ئىل مالىك، كەلدە بىن زەيد **216** بەت(

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەنىلىرى بولسا مۇنداق:

بىر ئاقىد ئون يىل بولۇپ، ھىجرى **1300** ـ يىلىغا ئۈچ ئاقىد قوشقان چېغىمىزدا دەل **1330** بولىدۇ، بۇ مىلادى **1914** ـ يىلى بولىدۇ ۋە بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغان يىلدۇر. رۇملارنىڭ مالىكى بولسا ئەنگىلىيەگە ئىشارەت قىلىدۇ.

>>جېرمان << بولسا گىرمانىيە بولۇپ، نېمىسلار ھەم جېرمانلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىككى ئاقىد بولسا **20** يىل بولۇپ، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان **1918** ـ يىلىدىن دەل **20** يىل كېيىن يۈز بەرگەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئىسمى مۇشۇك بولغان ئادەم ـ ئادولف گىتلىر.

رۇسنىڭ سىرى ئۆلتۈرىدۇ ـ رۇسلارنىڭ مەخپىي تەشكىلاتى، ك گ ب بولىشى مۇمكىن .

ھىجرەتتىن **1300** يىل كېيىنكى ئاقىدلاردىن بەش ياكى ئالتە ياكى يەتتە ۋەياكى سەككىز ئاقىد سانىغىن. ئۇ ۋاقىتتا مىسىرغا >> ناسىر << دىگەن بىر ئادەم ھۆكۈمران بولىدۇ. ئەرەپلەر ئۇنى جەسۇر ئەرەپ دەپ ئاتايدۇ ـ ـ ـ بۇ ھىجرى **1350** تىن **1380** گىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ، **1952** ـ يىلى مىسىرغا زۇڭتۇڭ بولغان جامال ئابدۇناسىرنى كۆرسىتىدۇ.

الله ئۇنى بىر ئۇرۇشتا ۋە كېيىن يەنە بىر ئۇرۇش، يەنى ئىككى ئۇرۇش بىلەن خور قىلىدۇ. ئۇ ناسىر مەنسۇر بولالمايدۇ،

ئۇنىڭغا ياردەم قىلىنمايدۇ ـ ـ ـ 1956 ۋە 1967 ـ يىلى يۈز بەرگەن ئەرەپ ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشلىرىدىكى مىسىرنىڭ مەغلۇبىيىتىنى خەۋەر قىلىدۇ.

ئاللاھۇ ـ تائالا ئايالىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدا مىسىرغا ھەقىقى نۇسرەت ئىرادە قىلىدۇكى بۇ نۇسرەت ئەمەلگە ئاشىدۇ ـ ـ ـ رامىزان ئېيىدىكى مىسىرنىڭ غەلىبىسىنى خەۋەر قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن الله، مىسىر خەلقىنى ۋە ئەرەپ مىللىتىنى، دادىسى ئۆزىدىن تېخىمۇ ئەنۋەر بولغان >> ئەسمەر سادا <<بىلەن رازى قىلىپ ئۇنى، ئۇلارغا رەئىس قىلىدۇ ـ ـ ـ ئەنۋەر سەدات ئىسمى بىلەن دااڭ چىقارغان مۇھەممەت بىن ئەنۋەر ساداتنى خەۋەر قىلىدۇ .

ئەمما بۇ ئادەم مەسجىدى ـ ئەقسانىڭ ئوغرىلىرى بىلەن ( يەھۇدىلار بىلەن ( سۈلھى قىلىدۇ ـ ـ ـ بۇ ۋەقە ھەدىستە دىيىلگىنىدەك يۈز بەرگەندۇر. ئەنۋەر سادات، 1973 ـ يىلى ئىسرائىلىيەگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىدۇ ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ ئىچكى قىسىملىرىغىچە غەلىبە بىلەن ئىلگىرلەپ ماڭىدۇ. ئامېرىكىدىكى يەھۇدى جامائىتى ئىسيان چىقىرىدۇ .شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھېنرى كىسسېنجىر ( ئۇمۇ يەھۇدىدۇر ( دەرھال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئەنۋەر ساداتنى سۈلھى قىلىشقا رازى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەر سادات غەلىبە قىلىشقا ئاز قالغان تۇرۇپ، 1978 ـ يىلى ئىسرائىلىيە بىلەن << **Camp David** >> كېلىشىمگە قول قويىدۇ .

كېيىن شام دىيارى بولغان ئىراقتا رەھىمسىز بىر ئادەم كېلىدۇ، ئۇ ئادەم سۇفيانىلارنىڭ بىرىسىدۇر ) سۇفيانى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان دەججال ) ۋە ئۇنىڭ بىر كۆزىدە ئازراق چاتاق بار. ئۇنىڭ ئىسمى >> سەددام << دۇر. ئۇ ئۆزىگە قارشى چىققانلارغا قارىتا سەددامدۇر. ( يەنى قاتتىق قولدۇر ) ـ ـ ـ ئىراق زۇڭتۇڭى سەددام ھۈسەيىننى بەئەينى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

پۈتۈن دۇنيا >> كىچىك كۈتتە<< ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلىدۇ ۋە سەددامىمۇ كۈۋەيتكە بۇرۇن ئالدىنىپ كىرگەن

ئىدى ـ1991 ـ ـ ـ ۋە 2003 ـ يىلىدىكى ئىراق ئۇرۇشىنى خەۋەر قىلغان بولۇپ، سا‌ددام ھۈسەيىن ئامېرىكا ۋە ئەنگىلىيە ئالدىنىپ كۆۋەيتكە بېسىپ كىرگەن ئىدى. كېيىن 37 دۆلەت بىرلىشىپ ئىراققا ھۇجۇم قىلدى ۋە كېيىن ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى.

ھىجرەتتىن 1400 يىل كېيىنكى ئاقىدلاردىن ئىككى ياكى ئۈچ ئاقىد سانىغىن. ئۇ ۋاقىتتا مەھدى چىقىدۇ ۋە پۈتۈن دۇنيا بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ ـ ـ ـ ھىجرى 1420 ۋە 1430ـ يىللارنى كۆرستىدۇ. بىز ھازىر ھىجرى 1426ـ يىلىدا!. ھەزرىتى مەھدىنىڭ بىزنىڭ زامانىمىزدا ئوتتۇرىغا چىقادىغانلىقى خوش خەۋىرنى بېرىدۇ.

ئازغۇنلۇققا پاتقانلار ـ ـ ـ خرىستىيانلارنى كۆرستىدۇ.

الله نىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار ـ ـ ـ يەھۇدىلارنى كۆرستىدۇ.

ۋە مۇناپىقلار ـ ـ ـ ئىسلام دۇنياسىنىڭ بېشىدىكى سوفيانىلار ) دەججال ) بولغان مۇناپىق رەھبەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى توغرا دەپ پەتىۋا چىقىرىدىغان دىنى ئۆلىمالارنى كۆرستىدۇ.

پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە پۈتۈن ھىلە-مىكىرلەرنىڭ مەلىكىسىمۇ مەھدىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى زانىيەدۇر ( يەنى ئامېرىكا ). بۇ مەلىكە ئۇ كۈنى پۈتۈن دۇنيانى ئازغۇنلۇققا ۋە كۇپۇرغا دەۋەت قىلىدۇ .يەھۇدىلارمۇ ئۇ كۈنى دۇنيانىڭ ئەڭ يۇقىرى تەبىقىسىدە بولىدۇ ـ ـ ـ بۇ يەردە ئامېرىكا ۋە ئامېرىكىنى ھاكىمىيتى ئاستىغا ئېلىۋالغان يەھۇدىلارنى كۆرستىدۇ. ئامېرىكىنىڭ مەلىكە دېيىلىشىدىكى سەۋەپ، ئامېرىكىنىڭ سىمۋولى بولغان >> ئەركىنلىك ئىلاھى << ھەيكىلى بولسا ئايالدۇر. ئامېرىكا دىگەن چاغدا نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئېسىگە ئەركىنلىك ئىلاھى ھەيكىلى كېلىدۇ .

پۈتۈن دۇنيا دېڭىزدىن ۋە ھاۋادىن مەھدىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. لېكىن ئىنتايىن سوغۇق ۋە ئىنتايىن ئىسسىق دۆلەتلەر

مۇستەسنا .مەھدى پۈتۈن دۇنيانىڭ رەزىل ھىلە ۋە پىلانلار بىلەن ئۆزگە قارشى بىر ئىتتىپاق قۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. لېكىن بىلىدۇكى، الله نىڭ تەدبىرى تېخمۇ شىددەتلىكتۇر ۋە الله ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھىلىلىرىنى نەتىجىسىز قىلىدۇ. ۋە پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ مۇلكىدۇر ۋە ئۇنىڭغا قايتىدۇ ۋە قايتىدىغان يېرىمىز پەقەتلا ئۇنىڭ يېرىدۇر.... الله مەھدىگە نۇسرەت ( ئاتا قىلىش ئۈچۈن ) ئەڭ شىددەتلىك بىر زەربە بىلەن ئۇلارنى ( دۈشمەنلەرنى ( ئۇرىدۇ ۋە يەرنى، دېڭىزنى ۋە ئاسماننى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ( غەزەپ قىلغۇزىدۇ ). ۋە ئاسمان ئۇلارنىڭ ئۈستىگە دەھشەتلىك يامغۇرنى ياغدۇرىدۇ. ئۇ كۈنى پۈتۈن زېمىن خەلقى كاپىرغا لەنەت قىلىدۇ. الله پۈتۈن كاپىلارنىڭ زاۋاللىققا پېتىشىنى ( مەغلۇپ بولىشىنى ) ئىرادە قىلىدۇ ـ ـ ـ ھەدىسنىڭ بۇ يېرىدە بولسا ھازىرقى دۇنيا ۋەزىتىنى خەۋەر قىلغان بولۇپ، ھازىر ئىسرائىلىيەنىڭ لىۋانغا بېسىپ كىرىشى، سۈرىيە ۋە ئىراننى تەھدىت قىلىشى، يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئىران ئۇرۇشىنىڭ شەپىسى... قاتارلىقلار ھەزرىتى مۇھەممەت مەھدىنىڭ چىقىش شەپىسىدۇر ...